پائۇل كوئېلهو [برازىلىيە]

# ئەلكىمياگەر

— چوپان بالىنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پائۇل كوئېلو [برازىلىيە]

ئەلكىمىياگەر

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-5631-2940-9

9 787563 129409

定价: 35.00元

Paulo Coelho

# The Alchemist

پائۇل كوئېلھو [بىرازىلىيە]

# ئەلكىمىياگەر

## — چوپان بالىنىڭ ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن قۇربان تۇركەش

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى


ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىگە بىر ئۆمۈر تەسىر كۆرسىتىدىغان نادىر ئەسەر

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى: خېلىل مۇھەممەت
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئايشەمگۈل ئابلىمىت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن

# ئەلكىمياگەر

ئاپتورى: پائۇل كوئېلھو (برازىلىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 666 ـ نومۇر   پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880mm × 1230mm   1/32   باسما تاۋىقى: 8.375
2016 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2016 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى

ISBN 978-7-5631-2940-9
باھاسى: 35.00 يۈەن

ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر مۇقەددەس ۋەزىپىسى — ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتۇر...

ھەممە ئادەمگە ياشلىق دەۋرىدە ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئاياندەك تۇيۇلىدۇ... ئەمما، يۇرسەتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىرلىق بىر كۈچ ئۇلارنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئىمكانسىزلىقىغا ئىشەندۇرىدۇ.

ئىنسانغا دۇشمەن بولۇپ تۇيۇلغۇچى بۇ سىرلىق قۇدرەت، ئۆز نۆۋىتىدە بىزگە تەقدىرنى قانداق ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئىنسان روھى ۋە ئەركىنى ئاشۇ بۈيۈك ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا دەۋەت قىلىدۇ. بۇ دۇنيادا بىر ئالىي ھەقىقەت مەۋجۇت: قاچانكى، سەن نېمىنى چىن يۈرەكتىن ئىزدىسەڭ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئېرىشىسەن، چۈنكى بۇنداق ئىستەك ئالەم روھىدا دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ، سەن بۇ ئالەمگە دەل شۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغانسەن.

— روماندىن

## كىتابقا تەقرىز

1968 - يىلى، «ئەلكىمىياگەر» پائۇل كوئېلھوغا دۇنياۋى شۆھرەت ئېلىپ كەلدى. ھازىرغىچە، يازغۇچىنىڭ 18 پارچە ئەسىرى يەرشارىدىكى 160 دۆلەت ۋە رايوندا 68 خىل تىل - يېزىقتا نەشر قىلىنىپ، تىراژى بىر مىلياردىن ئاشتى. 656 خىل رەڭگارەڭ نەشر نۇسخىسى بارلىققا كېلىپ، جاھان ئەھلى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كاتتا كىتاب بولۇپ قالدى. 33 تۈرلۈك خەلقئارا مۇكاپاتقا نائىل بولغان بۇ مەشھۇر ئەدىب بۈگۈنكى كۈندە «گارسىيە ماركوز بىلەن تەڭلىشەلەيدىغان ۋە كىتابخانلىرى ئەڭ كۆپ لاتىن ئامېرىكىسى يازغۇچىسى» دەپ قارالدى.

پائۇل كوئېلھو «ئەلكىمىياگەر»دە مىسلىسىز ئازاب ئېڭى، يېگانە كۆزىتىش نۇقتىسى، ئېقىن سۇدەك ئويناق قەلىمى بىلەن سىرلىق ۋە دىداكتىك قىممەتكە ئىگە ئەپسانىۋى ھېكايىلەرنى ئەسەر مەزمۇنىغا ئۇستىلىق بىلەن سىڭدۈرۈپ، كىلىنتون، پۇتىن، شىراك، پېرىس كەبى مەشھۇر سىياسىئونلارنى؛ جۇلىيە روبېرت، بىل شېمىس ۋە مادوننىغا ئوخشاش ئوسكار مۇكاپاتى چولپانلىرىنى؛ كاكادەك پۇتبول پادشاھلىرىنى ھاياجانلاندۇرغان. ئەسەر تۆۋەن قاتلامدىكى ئاددىي خەلق، ئۇششاق ئېلىپ - ساتارلاردىن تارتىپ ھەتتا ساۋاتسىزلارغىچە قولدىن - قولغا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ پۈتۈن يەرشارىغا تارقالغان. 23 يىلدىن بېرى، دۇنيادىكى 68 خىل تىل - يېزىقتا 35 مىليون

نۇسخا سېتىلىپ، ئەڭ ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىگەن. بىرازىلىيەدە هازىرغىچە 154 قېتىم نەشر قىلىنىپ، ئىككى مىليون تىرازدا سېتىلغان ۋە بىرازىلىيىنىڭ نەشرىياتچىلىق تارىخىدا «ئىنجىل»دىنمۇ كۆپ سېتىلغان تۇنجى ئەسەرگە ئايلانغان. بۈگۈنكى دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان بۇ كىلاسسىك ئەسەر كۆپلىگەن بىرىنچىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن 2009 ـ يىلى «جىنىس دۇنيا رېكورتى»غا كىرگۈزۈلگەن.

2007 ـ يىلى، پائۇل كوئېلھو «ئەلكىمىياگەر»نىڭ ئىنسانىيەتكە كۆرسەتكەن ئالەمشۇمۇل تەسىرى ئۈچۈن «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ئەلچىسى» بولۇپ باھالانغان.

پائۇل كوئېلھو: «مىگبىر كېچە»دىكى بىر ھېكايىنىڭ ئىلھامى بىلەن «ئەلكىمىياگەر»نى 11 كۈندە يېزىپ تاماملىغان بولساممۇ، ئەسەرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانىغا 41 يىللىق يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلدىم، ـــ دەپ كۆرسەتكەن.

---

«ئەلكىمياگەر »نى ماڭا قىزىم چېلسى تونۇشتۇردى، مەن ئۇنى ھاياجان بىلەن كۆرۈپ چىقتىم، ئەمدى ھېلارىنىڭمۇ ئوقۇپ چىقىشىغا تەۋسىيە قىلماقچىمەن.

**ـــ ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى كىلىنتون**

مىگلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى بەدىئىي كىمياگەرلىك سەنئىتىدۇر.

**ـــ 1994 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىياتى مۇكاپات ساھىبى ئۇئېكىنزابورو**

«ئەلكىمياگەر » بۈگۈنكى دۇنيادىكى باللار ۋە ياشلار

ئوقىمسا زادىلا بولمايدىغان ئېسىل رومان.

**— ئامېرىكا كۇتۇپخانا جەمئىيىتى**

ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە ئېتىقادىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بۇنداق رومانلار نەچچە ئون يىلدا بىر قېتىم ئۇچرايدۇ.

**— ئامېرىكا ئامازۇن تورى**

پائۇل كوئېلھونىڭ ئىسمى پەرۋەردىگار بىلەن پۇتبولغا ئوخشاش كەڭ تارقالغان.

**— بىرازىلىيەدە**

ئۇ 20 يىلدىن بېرى رومانى ئۈزۈكسىز بازار تاپقان بىردىنبىر چەت ئەللىك يازغۇچى، دەپ قارالغان.

**— ئامېرىكىدا**

مەزكۇر رومانىنىڭ سېتىلىشى «ئىنجىل» بىلەن تەڭلەشكەن.

**— گېرمانىيەدە**

«ئەلكىمياگەر»نىڭ تىراژى «خارى پوتتېر»نى بېسىپ چۈشكەن.

**— ئەنگلىيەدە**

ئۇ ئىككىنچى ئاندىرسون، دەپ ئاتالغان.

**— دانىيەدە**

«ئەڭ بازارلىق كىتابلار تىزىملىكى»نىڭ باش قۇرىغا پائۇل كوئېلھونىڭ ئەسەرلىرى يېزىلغان.

**— كورىيەدە**

سانتىياگو ئىسىملىك بىر بالا («ئەلكىمياگەر») بىزنى پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك بولغان سەرگۈزەشتىلەر ئىچىگە ئېلىپ كىرەلىگەنلىكى ئۈچۈنلا، كاندىد ۋە پىنوساۋغا ئوخشاش ئەدەبىيات ساھەسىدىكى داڭلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

— ئامېرىكا پۇلىتزېر مۇكاپاتى ساھىبى پاۋۋل· كىندېل

سانتىياگو («ئەلكىمياگەر») دۇنيانى چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلغان بىر پادىچى بالا بولۇپ، ئۇنىڭ ھېكايىسى كىشىنى تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ ۋە تەسىرلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سانتىياگو سەپەر جەريانىدا كۆپلىگەن تەلىم - تەربىيەگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەر ھەرخىل ياش قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ئوقۇشىغا ماس كېلىدۇ.

— ئامېرىكا «نەشرىيات ھەپتىلىك ژۇرنىلى»

«ئەلكىمياگەر» تولىمۇ گۈزەل يېزىلغان، ئۇ ھەقىقەتەن كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغان ئېسىل ئەسەر بولۇپ، روھىي جەھەتتىكى ئىنتىلىش بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ بىرىكمىسىنى بىزگە چوڭقۇر كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

— مالكام بويىد ئامېرىكا «ھازىرقى زامان ژۇرنىلى»دىن

مەن ئادەتتە «ئەلكىمياگەر»گە ئوخشاش سەممىيەت ۋە كۈچنى مۇجەسسەم قىلغان ھېكايە - ئەسەرلەرنى ناھايىتى ئاز كۆرىمەن. بۇ ئەسەر دەۋردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوقۇرمەنلەرنى بىر گۈزەل ھېكايە ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ھەربىر ئوقۇرمەنگە ئۆزگىچە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ.

— جوزېف· گىلزون ئامېرىكا «يۇككا دەريخى»نىڭ ئاپتورى

پائۇل كوئېلھو بىزگە ئۆز ئارزۇيىمىزنى ئىزدەشنىڭ ئاساسىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، خاس ئۇسۇل ئارقىلىق دۇنيانى كۆزىتىشىمىزگە ئىلھام بەردى.

**— لىن·ئاندىرۇس ئامېرىكا «ئايال مۇخلىسلار»نىڭ ئاپتورى**

پائۇل كوئېلھو بۈگۈنكى كۈندە بىرازىلىيە ئەدەبىياتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن يارقىن نۇقتىغا ئايلاندى، بولۇپمۇ «ئەلكىمياگەر» ناملىق ئەسىرى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن شۆھرىتى يەنىمۇ ئۆستى.

**— مالگا·فونت ئىسپانىيە «ئۇنىۋېرسال ژۇرنىلى»دىن**

«ئەلكىمياگەر» بىرازىلىيەدىن كەلگەن بىر پەلسەپە تېشىدۇر.

**— G·T ئىسپانىيە «بەش كۈنلۈك ژۇرنىلى»**

«ئەلكىمياگەر» ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق ئەسەر بولۇپ، شۇ قەدەر ئەپچىللىك بىلەن يېزىلغان، شۇنچە مۇرەككەپ شەيئىلەرنى ئىنتايىن ئاددىي ۋە روشەن ھالدا ئىپادىلىگەن، سېھرىي كۈچ ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىدىكى پۈتكۈل تىللارنى ئىپادىلىگەن ۋاقىتتا، كىشىلەر بۇ خىل شەيئىلەرنى خۇشاللىق بىلەن ھالدا ناھايىتى ئاسانلا چۈشىنەلەيدۇ.

**— ئاراگون·بېنت ئىسپانىيە «يىراق مەنزىل» ژۇرنىلىدىن**

گۆھەر ئىزدەش تېمىسىدىكى ھېكايە «ئەلكىمياگەر» — ئىنسانىيەتنىڭ ياشاش چوڭقۇرلۇقىغا چېتىلىدىغان مەسەل ھېكايىسىگە ئايلانغاندىن كېيىن، سانتىياگو ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قەھرىمان بولۇپ قالدى.

**— ساكا·گىراۋ چېخ «ئەدەبىي ژۇرنىلى»دىن**

پائۇل كوئېلهو خەۋپ ـ خەتەر ۋە مۆجىزىلەرگە تولغان روھىي سەپەر جەريانىدا، بىزنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆز ھېكايىلىرى ئىچىگە باشلاپ كىرىدۇ ھەم مەھلىيا قىلىدۇ. بىز كىتابتىكى شېئىرىي تۇيغۇغا تويۇنغان مىستىكىغا چوڭقۇر مەپتۇن بولغان چېغىمىزدا، پائۇل كوئېلهو ئۆزىنىڭ روھىي مەشىق جەريانلىرى ئارقىلىق بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ.

**— كەسرىن·دىل ئامېرىكا «سالامەتلىك، چوڭ مېڭە ۋە روھ» ژۇرنىلىدىن**

پائۇل كوئېلهو لاتىن ئامېرىكىسىدا زور ئابروي قازانغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچكە تولغانلىقىنى، ئەسەرلىرى ئارقىلىق سان ـ ساناقسىز روھىي ئوزۇقلاردىن باشقىلارنىمۇ بەھرىمەن قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنى بىر كۆپ رەڭلىك توپىنىڭ ئوبرازى (تاۋاب قىلغۇچى) سۈپىتىدە نامايان قىلغان بولۇپ، بۇ مېنىڭ خاتىرەمدە ئۇزۇنغىچە ساقلاندى.

**— داۋىد·ئېخورمېر ئامېرىكا «ئەرلەر» ژۇرنىلىدىن**

«ئەلكىمياگەر» ناملىق بۇ ئەسەر چوڭقۇر ئەقىل ۋە بىشارەتكە تولغان بولۇپ، بۇنىڭدا بىز رېئال تۇرمۇشتا ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىشلار تەسۋىرلەنگەن.

**— سكوت·پىك ئامېرىكا «پىنھان يول»نىڭ ئاپتورى**

بۇنىڭدا ئادەم ئۇنتالمايدىغان ھېكايىلەر، يەنى بىر قېتىملىق ئەڭ قىزىقارلىق سەپەر ئارقىلىق ئۆز ھاياتلىق يولىنى تاماملاش جەريانى يېزىلغان. مەن «ئەلكىمياگەر» ناملىق بۇ ئەسەرنى ئۆز ئارزۇسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدەۋاتقانلارغا تەۋسىيە قىلىمەن.

**— ئانتونى·روبىنس «روھنى ئويغاتقان گىگانت ئادەم»نىڭ ئاپتورى**

«ئەلكىمياگەر» ناملىق بۇ ئەسەرگە قىممەتلىك ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، بىز بۇنىڭدىن كۈندىلىك خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا پايدىلىنالايمىز.

**ـــ سپەنسىز · جونسون ئامېرىكا «كىچىك دىرېكتور»نىڭ ئاپتورى**

«ئەلكىمياگەر» ناملىق بۇ ئەسەر «ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىدىن ھالقىپ، ئىزچىل تۈردە ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى ئىزدەۋاتقانلىقىدەك دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بىر ئورتاق ھېكايە»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ كىشىنى غەلبىگە يېتەكلەيدىغان ۋە سىمۋوللۇق تۈسكە ئىگە بولغان ھېكايە بولۇپ، بۇنىڭدىكى سىمۋوللۇق تۈس ئەسەرنى بىرازلىيە ئەدەبىياتىدىكى بىر يارقىن نۇقتىغا ئايلاندۇرغان.

**ـــ جوس · مولىنا ئىسپانىيە «تېخمۇ كۆپ» ژۇرنىلىدىن**

بىز تەشۋىشلەرگە تولغان دەۋردە ياشاۋاتىمىز، ئىگىلىۋېلىش تۇيغۇسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئادەمنىڭ تەبىئىتىنى كونترول قىلماقچى بولغان چاغدا، بىز بۇ ئەڭ ياخشى ھەمراھ (پائۇل كوئېلھو)دىن ۋاز كېچەلمەيمىز.

**ـــ ۋىنتىر · مىندانا پورتوگالىيە «ئەتىگەنلىك پوچتا گېزىتى»دىن**

# ئاپتوردىن

«ئەلكىمياگەر» سىمۋول خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، رومان ژانىرىغا ياتمايدىغان «تاۋاپ»تىن پەرقلىنىدۇ، شۇڭا بۇ ئىزاھ ئىنتايىن مۇھىم.

مەن ئىلگىرى 11 يىل سەرپ قىلىپ، ئەلكىمياگەرلىكنى ئۆگەنگەنىدىم. تۆمۈرنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش ياكى ئابىھايات سۈيىنى تېپىشتەك ساددا خىياللار كىشىنى باشقا ھەرقانداق سېھرىگەرلىكلەرنى ئۇنتۇغۇدەك دەرىجىدە مەپتۇن قىلىدۇ. ئابىھايات سۈيىنىڭ مېنى ئەڭ قىزىقتۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمەن. ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلمەستە، بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھامان يوقىلىدىغانلىقىدەك ھەقىقەت ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى. شۇڭا ئۆمۈرنى ئەبەدىي قىلالايدىغان بىر خىل شەربەتكە ئېرىشىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى بىلگىنىمدە، ئۇنى تېپىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن كىرىشتىم.

70 ـ يىللار جەمئىيەتتە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بىر زامان بولدى. ئۇ چاغلاردا كىمياگەرلىككە دائىر رەسمىي نەشر قىلىنغان ئەسەرلەر يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن قولۇمدىكى ئازغىنە پۇلۇمنى دەسمايە قىلىپ، كىتاب ئىمپورت قىلىشقا باشلىدىم؛ مەزكۇر كىتابتىكى مەلۇم بىر پېرسوناژغا ئوخشاش، ھەركۈنى نۇرغۇن ۋاقىت ئاجرىتىپ، مۇرەككەپ بەلگە ئىلمىنى تەتقىق

قىلدىم.ئەينى ۋاقىتتا، رىئودې ژانېيرودا ھاياتلىق ماددىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۈچ ئادەمنىمۇ تاپقان ئىدىم. لېكىن ئۇلار مەن بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلدى. مەن يەنە ئۆزىنى كىمياگەر دەپ ئاتىۋالغان، شەخسىي تەجرىبىخانىلىرى بار نۇرغۇن كىشىلەرنىمۇ تونۇيتتۇم. ئۇلار ماڭا تۆمۈرنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇشنىڭ بەزى مەخپىيەتلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇشقىمۇ ۋەدە بەردى. ئەلۋەتتە، مەن ئۇلارغا ھەق تاپشۇراتتىم. ئەمدى ئويلاپ باقسام، ئۇلار ماڭا ئۆگەتمەكچى بولغان نەرسىلىرىنى ھەتتا ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىكەن.

گەرچە بۇ ساھەگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن كىرىشكەن بولسامۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. كىمياگەرلىك دەرسلىكىنىڭ چۈشىنىكسىز تىلىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىشلارنىڭ ھېچبىرى يۈز بېرىپ باقمىدى. بۇ خىل تىل سان ـ ساناقسىز بەلگىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئەجدىھا، شىر، قۇياش، ئاي ۋە مىركۇرىيلارنىڭ بەلگىلىرى بار ئىدى. سىمۋوللۇق تىل ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىككى تايىنلىق بولغاچقا، ھەمىشە توغرا بولمايۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتىم. 1973 ـ يىلغا كەلگەندە، ئىزدىنىشلىرىمدە ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىغاچقا، قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، پەقەتلا مۇۋاپىق بولمىغان بىر ئۇسۇلنى قوللىنىپ قويدىم. ئەينى چاغدا ماتتو گروسسو مائارىپ ئىدارىسى بىلەن توختام ئىمزالاپ، شۇ ۋىلايەتتە دىراما دەرسى بېرىۋاتقان ئىدىم. يېشىل ياقۇت تېمىسىدىكى بىر قېتىملىق دىراما تەجرىبىسىدە ئوقۇغۇچىلىرىمدىن پايدىلاندىم. بۇ ئىش مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە قېتىملىق سېھىرگەرلىك ۋەقەسىگە قوشۇلۇپ، كېيىنكى يىلى «نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن» دېگەن ھېكمەتنى ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مېنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىم يوققا چىققانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە يىلدا، مىستىكا ساھەسىگە





مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق نەرسىگە گۇمانىي پوزىتسىيەدە بولدۇم. روھىي سۈرگۈنلۈكتە يۈرگەن بۇ چاغلىرىمدا ناھايىتى مۇھىم نەرسىلەرنى ئۆگەندىم: بىز ئەڭ دەسلەپتە قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن ئىنكار قىلغان نەرسىلەر ئاخىرىدا ھەقىقەتكە ئايلىنىدىكەن؛ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنىدىن قاچماسلىقىمىز لازىمكەن؛ ياراتقۇچى بەزىدە قاتتىق قول بولسىمۇ، بىزگە يەنىلا چەكسىز ھىممەت قىلىدىكەن.

1981 ـ يىلى رامساي مەزھىپى ۋە كېيىنكى كۈنلەردىكى يېتەكچىم بىلەن تونۇشتۇم. ئۇستازىم مېنى مەن ئۈچۈن تەييارلانغان يولغا قايتىپ كېلىشكە يېتەكلىدى. ئۇ ئۆز نىزاملىرى بويىچە مېنى تەربىيەلىدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ كىمياگەرلىكنى مۇستەقىل تەتقىق قىلىشنى قايتىدىن باشلىدىم. بىر كۈنى كەچ، ئادەمنى ھاردۇرۇپ ھالىنى قويمايدىغان تېلېپاتىيە دەرسىدىن كېيىن، سۆھبەت قۇردۇق. مەن كىمياگەرلەرنىڭ تىلى نېمە ئۈچۈن بۇنچە كاۋاك ھەم چۈشىنىكسىز بولىدىغانلىقىنى سورىدىم.

— كىمياگەرلەر ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، — دېدى ئۇستازىم، — بىرىنچى خىلدىكىلەرنىڭ سۆزى شۇنىڭ ئۈچۈن پۈچەك بولىدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ؛ ئىككىنچى خىلدىكىلەرنىڭ سۆزى شۇنىڭ ئۈچۈن پۈچەك بولىدۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ، يەنە كېلىپ، كىمياگەرلىكنىڭ تىلى ئەقىلگە ئەمەس، بەلكى قەلبكە قارىتىلغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ.

— ئۇنداقتا ئۈچىنچى خىلدىكىلەرچۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇلار كىمياگەرلىكنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان، ئەمما تۇرمۇش داۋامىدا دانىشمەنلەر تېشىنى بايقىغانلاردۇر.

ئۇستازىم ئىككىنچى تۈردىكىلەرگە تەۋە بولۇپ، ماڭا كىمياگەرلىكنى ئۆگىتىش قارارىغا كەلگەن ئىدى. مېنى شۇنچە تېرىكتۈرگەن، گاڭگىراتقان بۇ سىمۋوللۇق بەلگىلەرنىڭ روھىيەت

دۇنياسىغا ۋەياكى گۇستاف ئېيتقان «كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق»قا كىرىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. تەقدىر ۋە تەڭرىنىڭ ئىزلىرىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ ئىزلىرى تولىمۇ روشەن تۇرسىمۇ، بەكلا ئاددىي بولغاچقا، ئەقلىي خۇلاسىگە مايىللىقىم سەۋەبلىك رەت قىلغان ئىكەنمەن. «ھاياتلىق ماددىسى»نى تېپىش ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭلا ئىشى ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى ئىكەن. ئەلۋەتتە، «ھاياتلىق ماددىسى»نىڭ ھەمىشە تۇخۇمسىمان ياكى كىچىك قۇتىغا قاچىلانغان سۇيۇقلۇق شەكلىدە پەيدا بولۇشى ناتايىن. ئەمما شۈبھىسىزكى، بىز ھەممىمىز دۇنيانىڭ روھىيەت قاتلىمىغا سىڭىپ كىرەلەيمىز.

شۇڭا «ئەلكىمياگەر»نىڭ ئۆزىمۇ بىر سىمۋوللۇق ئەسەر. مەن بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئۆزۈم ئۆگەنگەن نەرسىلەرنىڭ بارچىسىنى بايان قىلغاندىن سىرت، ھېمىڭۋاي، بلاك، بورخىس (ئۇمۇ بىر ھېكايىسىدە پارىسلارنىڭ تارىخىنى بايان قىلغان)، مارپا تاخان قاتارلىق كائىناتنىڭ تىلىنى چۈشىنىپ يەتكەن بۈيۈك يازغۇچىلارغا بولغان ھۆرمىتىمنى ئىپادىلىدىم.

بۇ ئۇزۇن كىرىش سۆزدە ئۇستازىم ئېيتقان ئۈچىنچى تۈرلۈك كىمىياگەرلەرنىڭ ئىزاھى سۇپىتىدە، ئۇ ماڭا تەجرىبىخانىدا سۆزلەپ بەرگەن بىر ھېكايىنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى توغرا تاپتىم.

بۇۋىمەريەم مۇقەددەس ئوغلى ئىيسا پەيغەمبەرنى كۆتۈرۈپ، زېمىنغا چۈشۈشنى ۋە بىر مۇناستىرنى زىيارەت قىلىشنى قارار قىپتۇ. بارلىق پوپلار چەكسىز ئىپتىخارلىق ئىلكىدە، ئۇزۇن بىر رەت بولۇپ تىزىلىپ، نۆۋەت بىلەن بۇۋىمەريەم ئانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. پوپلارنىڭ بىرى تەسىرلىك قەسىدە ئوقۇسا؛ يەنە بىرى ئىنجىل ئۈچۈن سىزغان رەڭلىك رەسىملىرىنى كۆرسىتىپتۇ؛ ئۈچىنچى بىرى بارلىق مۇرتلارنىڭ ئىسمىنى يادلاپ بېرىپتۇ. پوپلار ئەنە شۇ تەرزدە بىر ـ بىرلەپ بۇۋىمەريەم ئانا ۋە ئىيسانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ.





سەپىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا تىزىلغىنى مۇناستىردىكى ئەڭ نامرات پوپ بولۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى پاراسەت ـ ھېكمەتلەر بىلەن تولغان كىتابلارنىڭ بىرىنىمۇ ئوقۇمىغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاددىي كىشىلەردىن بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى سېرك ئۆمىكىدە ئىشلەيدىكەن. ئۇلار ئۇنىڭغا ئاسمانغا توپ ئېتىشنى ۋە يەنە بىر قانچە ئاددىي ماھارەتلەرنىلا ئۆگىتىپ قويغان ئىكەن.

نۆۋەت ئۇنىڭغا كەلگەندە، باشقا پوپلارنىڭ سالام مۇراسىمىنى ئاخىرلاشتۇرغۇسى كېلىپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ سۆزلىگۈدەك ھېچنېمىسى بولمىغاچقا، مۇناستىرنىڭ ئوبرازىنى چۈشۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپتۇ. ئەمما بۇ پوپنىڭ قەلبىدىمۇ بۈۋىمەريەم ئانا ۋە ئەيسا پەيغەمبەرگە ئۆزىدە بار بىرەر نەرسىنى كۆرسىتىپ، ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى بىلدۈرۈش ئىستىكى قوزغىلىپتۇ.

ئۇ باشقىلارنىڭ ئەيىبلەش نەزەرىدە قاراۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا يانچۇقىدىن بىرقانچە تال ئاپېلسىننى چىقىرىپتۇ ـ دە، ئاسمانغا ئېتىپ ئويۇن كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. چۈنكى ئۇ پەقەت مۇشۇ ئىشنىلا ياخشى قىلالايدىكەن.

دەل شۇ چاغدا ئەيسا پەيغەمبەر كۈلۈپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا چاۋاك چېلىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۈۋىمەريەم ئوغلىنى پوپقا سۇنۇپ، ئۇنى پەيغەمبەرنىڭ مۇبارەك تېنىنى تۇتۇپ بېقىش شەرىپىگە نائىل قىپتۇ.

# مۇندەرىجە


ئېتىقاد ــ مۇۋازىنەت ................................ 1
مۇقەددىمە ..................................... 1
بىرىنچى قىسىم ................................ 1
ئىككىنچى قىسىم ............................... 67
خاتىمە ...................................... 220
مەسۇملۇقنىڭ ھىماتچىسى ۋە كونا مەسىلىنىڭ يېڭى
ۋارىيانتى .................................... 223



# ئېتىقاد ـ مۇۋازىنەت

2007 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىر توپ ئۆزبېك ئەدىبلىرى بىلەن ئۆزبېكىستان قەشقەر دەريا ۋىلايىتىنىڭ قارشى شەھىرىدە زىيارەتتە بولدۇم. يول بويى ئۇلار باشقا ئەدەبىيات ھادىسىلىرى قاتارى «ئەلكىمىياگەر» رومانى ھەققىدە قىزغىن سۆھبەتتە بولدى. تاشكەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سودىگەرلەر، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلاردىن مەزكۇر ئەسەر ئۈستىدە بولۇنغان مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىدىم:

— ھازىرغىچە «ئەلكىمىياگەر»نى نەچچە قېتىم ئوقۇدۇم. يەنە داۋاملىق ئوقۇماقچىمەن. بۇ رومانىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك ياقتۇرۇپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيمەن.

— سانتىياگونىڭ بالىلارچە ساددىلىقى، مۇھىمى ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەتنى تەقدىرنى ئۆزگەرتىشتىكى خاسىيەتلىك بېشارەت، دەپ بىلىش روھى تورمۇشۇمنى ئۆزگەرتتى. سەبىرنىڭ خاسىيىتىنى، بولۇپمۇ مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغوار غايىسىنى ئورۇنلاشنىڭ توسالغۇسىز ئەمەسلىكىنى پاتىمەدىن ئۆگەندىم.

— ۋەتەن، ھەربىر كىشىنىڭ تەقدىرىدە... بەخت ۋە دۆلەت يىراقتىكى غايىۋى ماكاندا ئەمەس، بەلكى تاپىنىڭنىڭ ئاستىدا، ئىلكىڭدىكى پۇرسەتتە! ھە دېسە بىلىم ئەمەس، بەزىدە ئۆزلۈكۈڭدىكى كۈچ ۋە ئېتىقاد سېنى غالىبىيەت يولىغا باشلايدىغان رەھنامە!

پائۇل كوئېلهو ماڭا...
دېگەندەك تەسىراتلارنى كۆپ ئاڭلاپ، رومانىنى تولۇق ئوقۇمايلا، بوش ۋاقىتلاردا تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىپ تاماملىدىم.

ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن 2009 ـ يىلى مەلۇم نەشرىياتقا نەشرگە سۇندۇم. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاپتورنىڭ نەشر قىلىش ئىجازەتنامىسى يوق سەۋەبلىك بەكمۇ كۆڭۈلسىز ھالدا ئىسكىلاتتىن ئارگىنالنى تەستە تېپىپ قايتۇردى. ئەمدى ئىككى يىلدەك ۋاقىت ئاپتور بىلەن ئالاقىلىشىشقا چاپتىم. يازغۇچىمۇ رومانىدىكى پادىچى بالا ـ سانتىياگودەك بىتىنىم ئادەم ئىكەن، ئىز قوغلاپ دېگەندەك نەچچە قېتىم ئېلىپ بارغان ئالاقىدىن كېيىن، خېلى كۆپ شەرت بىلەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئىجازەت ئەۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەسەرنى نەشر قىلىش ئۈچۈن، بىر زىيالىي كىتاب سودىگىرى بىلەن توختام ئىمزالىدىم. «ئەتە، بىر ھەپتىدىن كېيىن» دېگەندەك ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن يەنە ئىككى يىل ئۆتتى. بىر كۈنى ئايالىمنىڭ ئېسىمگە سېلىشى بىلەن بۇ ئىشنىڭ زادى قايسى باسقۇچقا كەلگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇم. مەلۇم بولدىكى، سودىگەر بىلەن نەشرىيات رومانىنىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى يوقىتىۋېتىپتۇ. چوڭ بىر نەشرىياتتا قولىيازمىلار تىزىملانغان نەچچە موچەنلىك ئەقەللىي بىر دەپتەرمۇ يوق ئىكەن. ئىشقىلىپ ئۇلار مەسئۇلىيەتنى ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىگە دۆڭگەشتى. تەشەببۇسكارلىق بىلەن مېنى چاقىرىپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتماقتا يوق، جاۋابكار بولۇپ قالغىلى تاس قالدىم. شۇنداقتىمۇ تەلەيلىك ئىكەنمەن، ئۇلاردىن رومانىنىڭ رەسىم نۇسخىسىنى يالۋۇرۇپ دېگەندەك ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى پۈتۈپ يەتتە يىلدىن كېيىن يەنى بەشىنچى قېتىم ئۇنى باشقا بىر نەشرىياتقا بەردىم. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ھېكايىسى بار... رومانىنىڭ ئۇيغۇر كىتابخانلىرى بىلەن مەنىۋى

ئۆچرىشىش مۇساپىسى ئۇنىڭدىكى باش پېرسوناژ سانتىياگونىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدەك ئەنە شۇنداق ئەگرى - توقاي ۋە جاپالىق بولدى. بۇ جەرياندا ئەسەرنىڭ قولىمىزغا تېگىشىدە سانتىياگونىڭ مەغلۇبىيەتتىن - مەغلۇبىيەتكە ئاتلىنىشتەك قەھرىمانلىق روھىدىن جاھىللىق بىلەن نەپ ئالغان بىرىنچى ئۇيغۇر كىتابخان مەن بولۇپ قالدىم.

ئۇنداقتا بۇ ئىشتىياقى ۋە مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچەلمىگۈدەك زادى قانداق رومان؟

ئىنسان يارىلىپ ئەقلى كامال تاپقاندىن كېيىن، دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئۆتكۈنچىلىكى، نامۇكەممەللىكى ۋە ئادالەتسىزلىكىدىن ئۆكۈنۈپ، ئالەمنىڭ سىر ئەسرارى ھەم تەقدىر ئەزەلنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە ئويلاندى.

نېمە ئۈچۈن كۆڭۈل خاھىشلىرىغا ئېتىبارسىز قاراپ، بىر ئۆمۈر ئارىسالدىلىق ئىچىدە، جاھانسازلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز؟ تۇرمۇشنىڭ فورمۇلاسى بارمۇ - يوق؟ قانداق ياشاشنى كىمدىن، نېمىدىن ئۆگىنىش كېرەك؟ بىزنى مەنزىللەرگىچە ئاداشتۇرماي ئۇلاشتۇرىدىغان بىرەر يول بەلگىسى ياكى پېشىگە مەھكەم ئېسىلغۇدەك بىرەر يولباشچى بارمۇ؟ كىملەردىن ئۈمىد كۈتۈپ، قانداق چىقىش يولى تاپىمىز؟ — تەڭرىدىنمۇ؟ بىرەر قۇدرەتلىك كۈچتىنمۇ؟ پالدىنمۇ ياكى چۈشلەردىنمۇ؟... ئاز ساندىكى قەيسەر، ئەمما ئۆمۈر بويى ئۆز ئەقىدىسىگە سادىق قالىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن يېزىلغان گۈزەل «ئەلكىمياگەر» رومانى بىزنى يۇقىرىقىدەك ئەزەلى ھەم ئەبەدىي سوئاللارنىڭ يېشىمى تامان يېتەكلەپ، دۇنياغا ۋە ئۆزىمىزگە باشقىچە نۇقتىدىن نەزەر تاشلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بىزگە بەدىئىي سۆز ۋە ئەدەبىياتنىڭ سېھرىنى تونۇتىدۇ. ئۇنداقتا سېھىرگەر پائۇل كوئېلھو كىم؟

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە لاتىن ئامېرىكىسى ئەدەبىياتى جۇملىدىن پائۇل كوئېلھو ئارقىلىق جاھاننى ھەيرەتكە

سالدى.

يازغۇچى 1947 ـ يىلى برازىلىيەنىڭ رىئودې ژانىرو شەھىرىدە روھانىي ئىسپان پۇشتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. گەرچە ئۇ بالىلىقىدا ئاكتىيورلۇققا قىزىقسىمۇ، لېكىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بېسىمى بىلەن دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. دوگما، قاتتىق ئەمما رېئال ھاياتقا تەدبىق قىلىنمايدىغان روھىيەت ئۆگۈتلىرى ئەكسىچە ئۇنىڭ ئېتىقادىنى سۇندۇرغان. كېيىن يازغۇچى رىئودې ژانىرو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. ئالىگاھتىكى تەكرارى مېخانىك ھاياتنى ئۆز ئەرك تەبىئىيتىگە زىت دەپ قارىغان پائۇل ئۇنىۋېرسىتېتتىن چېكىنىپ، شۇ دەۋردىكى ئايرىم ياشلار مودا قىلغان «خىپ ـ خوپ» چىلار گۇرۇھىغا قاتناشقان ھەمدە ماركسىزىم ۋە دىن پەلسەپەسىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ ژۇرنال چىقىرىپ مەتبۇئاتچى، ناخشا تېكىستى يېزىپ پۇلدارغا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ جەرياندا يېزىقچىلىقنى تەرك ئەتمىگەن. ئۇ ئارگېنتىنالىق مەشھۇر يازغۇچى بورخېسقا، ئامېرىكىلىق نوبېل ئەدەبىياتى ساھىبى ھېمىڭۋاي ۋە ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسىرى «بوۋاي ۋە دېڭىز» غا، ئەرەبلەرنىڭ «مىڭ بىر كېچەسى» گە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئىلھام تەڭرىسى سۈپىتىدە چوقۇنغان. ئەلكىمىياگەرلىك، سېھىرگەرلىك كەبى غەيرىي تەبىئىي ھادىسىلەرگە تەلۋىلەرچە بېرىلىپ، روھىي كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىشقا مەجبۇر بولغان. كېيىن كەيپىياتىدىكى بۇ خىل تۇراقسىزلىقلارنى «ئۆزۈمنىڭ رومانتىكىلىقى»دىن بولغان دەپ ئىزاھلىغان.

پائۇل 34 يېشىدا «ئادەم بولۇش» قارارىغا كېلىپ، رەسسام كىرىستىنا ئايتىسكاغا ئۆيلەنگەن. ئەمما، كېيىنكى ئۆمرىدە پەرۋەردىگار ئۆزىگە تەقدىر قىلغان ۋەزىپىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن دۇنيا كېزىپ ساياھەتكە چىققان.

«ئەلكىمىياگەر» ــ يازغۇچىنىڭ ساياھەتتىن كېيىن پورتۇگال تىلىدا ئېلان قىلغان ئون نەچچە پارچە رومانىنىڭ سەرخىلى بولۇپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان.

رومانىنىڭ نېگىزلىك بەدىئىي ئېستېتىك غايىسى ئىنسانىي ئېتىقاد مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتۇر. ھەممىگە ئايانكى، ئېتىقاد ــ قەلب قانۇنى، ۋىجدان تارازىسى ۋە ئەخلاق مىزانى سۈپىتىدە ئادىمىزاتنىڭ ھەممە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە، جۈملىدىن ــ تەبىئىي، سۇنئىي دىنلىرىدا، ياۋايى قەدىمكى دۇنيادىن مەدەنىيەتلىك ھازىرقى زامانغىچە چىنلىق، يورۇقلۇقنىڭ، ساختىلىق ۋە قاراڭغۇلۇققا قارشى كۆرىشىدىكى قۇدرەتلىك مەنىۋى قورالى، ئىنسانىنى ئۆز ـ ئۆزىدىن كامال تاپقۇزۇشتىكى روھىي جەۋھەر بولۇپ كەلگەن.

ئومۇمەن، ھاياتلىق پەلسەپەسى ۋە ئىنسانىنىڭ بارلىقىنى ئېتىقادى يولىدا دو تىكىشكە دالالەت قىلىش «ئەلكىمىياگەر» نىڭ شۆھرىتىنى بەلگىلىگەن باش ئالاھىدىلىك. لېكىن ئەنئەنىۋى پىروزىغا سىڭىشتۇرغاندا، ئەسەردىكى بۇنداق غايىۋى ئىدىيەنى مەجازى (ئوخشاشلىق كۆچۈم) تەپەككۇر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بەدىئىي ماھارەتتۇر.

پائۇل كوئېلھونىڭ رومانىدىكى ئەلخېمىك، ئۇمۇمىتىل، بەلگى، پىرامىدا، ئورىم ۋە تومىم، خەزىنە كەبى قاتارلىق ئىشارىلىرى ئەمەلىيەتتە ئېتىقاد ۋە تەقدىر ئارقىسىدىن كېتىۋاتقان ئىنسان بەختى ئۇچۇن، پۇتلىرىغا مەكتۇبلار ئېسىپ ئۇچۇرغان ئەلچى كەپتەرلەر بولۇپ، ئاپتور بۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەسلىدە ئېيتماقچى بولغانلىرىدىن تېخىمۇ مۇھىم ۋە بىرگىمۇ نائېنىق بولغان مەۋھۇم ئىدىيەنى ئالغا سۈرگەن. بىز رومانىنى ئوقۇۋېتىپ، سانتىياگو سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ مەنتىقىلىق راۋاجىدا بەلگىلەرنىڭ بىرلەمچى مەنىسىدىن ئايرىلىپ،

ئىستېرېئولوق مەزمۇن قاتلىمىغا كىرىۋاتقانلىقىنى ئۇزاق ئۆتمەي ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، رومان باش قەھرىمانى سانتىياگونىڭ مىسىر پىرامىدالىرى تامان ئاتلىنىشىنى بىرلەمچى مەنىدىكى «سەپەر» دەپ چۈشەنسەك، كېيىن ئۇنى ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ـــ ئۇ بېسىپ ئۆتكەن مىليون يىللىق ھايات يولىنىڭ ئۆزىگە خاس تەلقىنى، ئۇنىڭدىن مەنە ـ ئىبرەت ئىزدەش جەريانى، دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. بۇ جەرياندا پادىچى بالىنىڭ ئوبرازى چۆچەك ۋەقەلىرىدەك ياكى سەپەردە يېرىم يولدا قوشلىپ يەنە ئايرىلىپ كەتكەن يولۇچىدەك يىراق ئەسلىمىمىزدە خىرە ـ شىرە نامايان بولىدۇ، خالاس!

تەپەككۇر دۇردانىلىرى سۈپىتىدە ئەسىرلەرسېرى سەرخىللاشقان شەرق ـ غەربنىڭ كىلاسسىك ئۇقۇمدىكى دۇنياۋى پەلسەپەسىنى «ئەلكىمياگەر» دەپ ئاتالغان تولىمۇ كىچىك ھەجىمدىكى «ئىدىيە قۇتىسى» نىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇش، مەزكۇر رومانىنىڭ خاسىيىتى. يازغۇچى تىنغان ۋە تاللانغان نوقۇل پەلسەپىۋى ئۇقۇملارغا ئۆسمۈر سانتىياگو سەزگۈزەشتىلىرىدىن «بەدىئىي لىباس» كىيگۈزۈش ئارقىلىق پەلسەپىۋى ئابستراكتلىقتىن ئوبرازلىق ئەدەبىيات قەسىرى ياساپ، مەزكۇر رومانىنى ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان! مىسال ئۈچۈن، سانتىياگونىڭ خەزىنىنى ئۆزگە ئەللەردىن ئەمەس بەلكى، ئۆز يېرىدىن تاپقانلىقى شەرق تەسەۋۋۇپ پەلسەپەسىدىكى «ھەرنە ئىستەسەن، ئۆزۈڭدىن ئىستەگىل» ھېكمەتلىرىگە ئاساسلانغان بولسا، ئاپتور روماندىكى ئىچكى رىتىم سۈپىتىدە تەكرارلايدىغان بۇ دۇنيادا ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئورنى بارلىقى، مەيلى ئۇ ئۇلۇغ ياكى ئاددىي ئادەم بولسۇن، مەلۇم تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار گېرمان پەيلاسوپى فىرېدرىخ نىچىشىنىڭ پەلسەپەۋى قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرگەن.

يازغۇچىنىڭ شەخسىي ئىجادىيىتى ياكى دۇنيا ئەدەبىياتى





خەزىنىسى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «ئەلكىمىياگەر»، «ئىزم»لار ئۇنىۋېرساللىقىنىڭ ھاسىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭدا رومانتىزم، سىمۋولىزم، رېئالىزم ۋە مودېرنىزم ئېقىملىرى ئۆز ئۇستۇنلۈكىنى جارى قىلدۇرغان. تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئەسەر سيۇژېت قۇرۇلۇشى ۋە تەسۋىرى نۇقتىسىدىن رومانتىك، غايىۋى ئىدىيەنى ئىپادىلەش پرىنسىپىغا كۆرە سىمۋولىستىك، ئۇسلۇبىغا ئاساسەن مودېرنىستىك ۋە ئىدراك قىلىدىغان ئومۇمىي مەنە ھەقىقەتلىرى يېقىدىن رېئالىستىك ئىجادىيەت بولۇپ، بۇلار پائۇل كوئېلھونىڭ «ئەلكىمىياگەر»گە مۆھۆرلىگەن يىگانە بەدىئىي خاسلىقىدۇر.

ئەسەر جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، دۇنيادا كۆچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. ئوقۇرمەنلەرنىڭ: «پائۇل كوئېلھو = ئەلكىمىياگەر» دېگەن قىياسىغا قارىتا مۇئەللىپ: «دەرۋەقە ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار ‹مەن›، روماندا سانتىياگومەن، خارخۇرچى سودىگەرمەن، پاتىمەمەن. ئەمما ئەلكىمىياگەر ئەمەسمەن. مەن كۆپ نەرسىلەرنى بىلمەيمەن. ئەلكىمىياگەر بولسا ھەممىنى بىلىدىغان ئارىفلىق مەقامىغا يەتكەن ئىنسان، كىتابىمدا قىسمەن توقۇلما بولسىمۇ، كۆپىنچىسى رېئاللىق، ھەممىسى يۈز بەرگەن، بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار» دەيدۇ.

ئومۇمەن «ئەلكىمىياگەر» ھەققىدە نۇرغۇنلىغان تىللاردا ماقالە ـ كىتابلار يېزىلماقتا. باھا ۋە مۇنازىرىلەرنىڭ ھالا بۈگۈنگىچە ئايىغى چىققىنى يوق. شۇنداقتىمۇ مىليونلىغان ئەدەبىيات شەيدالىرى ئۆز چۈشىگە ئەگەشكۈچىنىڭ ئەمگىكى بولغان بۇ گۈزەل چۆچەك «ئەلكىمىياگەر» نى ئوقۇپ، ئارزۇ ۋە ئارمان، مۇھەببەت ۋە ھىجران، يېڭىش ۋە يېڭىلىش ئارىلىشىپ كەتكەن ھاياتتىن نىجاتلىق ئىزدىمەكتە. ياشاش جەريانىدا، ھەر بىرەيلەن پېشانىسىگە يازغان، بۇيرىغان ئەمما ئۆزلىرى ئېتىبار بەرمىگەن، ئىزدەنمىگەن ئىشلار ئۈستىدە ئويلانماقتا.

قاچانلاردىندۇر قەلب ئىستەكلىرىگە سەل قارىغانلىقتىن ئاھ ئۇرۇپ، ھەممىنى پەقەت بىرلا ئېتىقادى ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا تەييارلانماقتا. دېمەك، بۇ ئىچكى ئويغىنىش ۋە روھنىڭ چوقانىغا بولغان دالالەتتۇر.

چۆچەكلەرگە خاس خىيالى ئۇسلۇب، سانتىياگو ئوبرازىدىكى تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆز ئېتىقادىنى تەن ـ جېنى ئارقىلىق ئىسپاتلاشتەك تەرىقەتچىلىك ۋە مەلىكسىدىقنىڭ خىزىرغا ئوخشاش پادىچى بالىنىڭ ھايات ـ مامات پەيتلىرىدە پەيدا بولۇشىدەك شەرقچە تەپەككۇر موتىفلىرى ئوقۇش پىسخىكىمىزغا ماس كېلىدۇ شۇنداقلا «ئەلكىمياگەر» ھەممە بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن گۈللىنىۋاتقان پىروزىچىلىقىمىز ئۈچۈن يېڭى قان بولۇپ قوشۇلىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ـــ تەرجىماندىن

2007 ـــ 2008 ـ يىللار
ـــ تاشكەنت، ئۈرۈمچى

ئۇلۇغ يارىتىش سىرىنى تاپقان ئەلكىمىياگەرگە:

ئۇلار ئۇزاق يول باستى، ئەيسا بىر كەنتكە يېتىپ كەلگەندى، بۇ يەردىكى مەرفە ئىسىملىك خوتۇن ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، ئائىلىنىڭ مەريەم ئاتلىق سىڭلىسى بار ئىدى، ئۇ ئەيسانىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

مەرفە ئىشلىرى كۆپ، دىلىغۇل بىر ئايال ئىدى، ئۇ يېقىن كېلىپ دېدى:

— پەدەرىم! سىڭلىم خىزمەتلىرىدە بولۇشنى بىر ئۆزۈمگە قالدۇردى، ھېچ ۋەقەسى يوقمۇ؟ ئۇنىڭغا ئېيتسىڭىز، كىرىپ ماڭا ياردەملەشسە!

ئەيسا ئۇنىڭغا جاۋابەن شۇنداق دېدى:

— مەرفە! ئەي مەرفە! سەن كۆپ نەرسىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ تولىمۇ پەرىشان ئىكەنسەن، ئەڭ مۇھىمى پەقەت بىرلا.

مەريەم خەيرلىك بولۇشنى تىلىدى ۋە ئۇ بۇنىڭدىن ھەرگىز مەھرۇم قىلىنمايدۇ.

— «ئىنجىل»، لوققا





## مۇقەددىمە

ئەلكىمىياگەر قايسىدۇر بىر سەيياھ كەلتۈرگەن كىتابنى قولىغا ئالدى، كىتاب مۇقاۋىسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇيان ـ بۇيان قاراپ، ئاپتورنىڭ ئىسمىنى تاپتى.

— ئوسكار ئۇئەيلىد، — دېدى ئۇ كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە ئاشىق بولغان گۈل ـ نەرگىز ھەققىدىكى رىۋايەتكە كۆزى چۈشتى.

پۈتۈن كۈنلىرىنى بۇلاقتىكى شولىسىغا مەپتۇن بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان گۈزەل يىگىت ھەققىدىكى ئەپسانە ئەلكىمىياگەرگە خېلىدىن بېرى تونۇش ئىدى. ئەسلىدە بالا بۇلاق بېشىدا ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنچىلىك ئۇزاق تەلمۈرۈپ ئولتۇرغانكى، ئاخىر سۇغا دۈم چۈشۈپ، بۇلاققا چۆكۈپ كەتكەن، كېيىن قىرغاقتىن بىر تۇپ گۈل ئۈنۈپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا «نەرگىز» دەپ ئىسىم قويۇلغانىدى.

لېكىن بۇ رىۋايەت ئوسكار ئۇئەيلىدنىڭ قەلىمىدە ئۆزگىچە ھېكايە قىلىنغان، نەرگىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئورمان ئىلاھى — نىمفە بۇلاق سۈيىنىڭ كۆز ياشلىرىدىن شور بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقاپتۇ ۋە:

— نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتىسەن، — دەپ سوراپتۇ.

— نەرگىزگە ماتەم تۇتۇۋاتىمەن، — جاۋاب بېرىپتۇ بۇلاق.

— بۇنچىۋالا ئۆرتىنىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، — سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ ئورمان ئىلاھى، — چۈنكى ئۇ ئورماندىن ئۆتكەندە

بىز ئارقىسىدىن يۈگۈرەيتۇق، پەقەت سەنلا ئۇنىڭ جامالىنى يېقىندىن قېنىپ كۆرەتتىڭ.

— ئۇ چىرايلىقمىدى؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ بۇلاق.

— بۇنى سەندىن ياخشىراق بىلىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك، — ھەيران بوپتۇ ئورمان ئىلاھى، — ئۇ سۇبھى دەمدىن تا نامازشامغىچە ئۇستۇڭدە ساڭا مەھلىيا بولۇپ ئولتۇراتتى!

بۇلاق ئۇزاق سۈكۈناتتىن كېيىن ندا قىپتۇ:

— مەن نەرگىزنىڭ گۈزەللىكىنى بايقىمىغان بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر قايغۇرىمەن، سەۋەبى ئۇ ھەر قېتىم قىرغاقلىرىمغا كېلىپ ماڭا مەجنۇنلارچە قاراپ ئولتۇرغاندا، كۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا گۈزەللىكىم نامايان بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمايتتىم.

«ھەي... نەقەدەر گۈزەل رىۋايەت ـ ھە!» دەپ ئويلىدى ئەلكىمياگەر.

## بەشىنچى قىسىم

پەرۋەردىگار، بۇ دۇنيادىكى ھەربىر بەندىنىڭ يولىغا تۈرلۈك بەلگىلەرنى سىپلىپ قويغان، سەن ئاشۇ بەلگىلەرنى بايقىيالىساڭ، خەزىنىگە بارىدىغان يولنى تاپالايسەن، پەقەت بۇ بەلگىلەرنىڭ سەن ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكلىكىنى بىلسەڭلا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.





بالىنىڭ ئىسمى سانتىياگو ئىدى، ئۇ قويلىرىنى ۋەيرانە ۋە تاشلاندۇق چېركاۋغا ھەيدەپ كىرگەندە، ئالەمدە قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغانىدى، چېركاۋنىڭ گۈمبىزى ھەيۋەتنى يوقىتىپ، بارغانسېرى چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. قاچانلاردىندۇر ئىبادەت بۇيۇملىرىنى ساقلايدىغان جايدىن بىر تۈپ بەھەيۋەت چىنار ئۆسۈپ چىقىپ ئەتراپنى ئىگىلىگەنىدى.

سانتىياگو شۇ يەردە تۈنەشنى قارار قىلدى ۋە قويلارنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، چېركاۋ ئىشىكىنى تاختىلار بىلەن توسۇپ قويدى، بۇ ئەتراپتىغۇ بۆرىلەر يوق، شۇنداقتىمۇ بەزى قويلار سىرتتىكى ھەرخىل شەپىلەرنى ئاڭلاپ چىقىپ كەتسە ياكى ئاداشقان قوزىسىنىڭ ئارقىسىدىن مەرەپ كېتىپ قالسا، ئىزدەپ ئاۋارە بولىسەن ـ دە!

سانتىياگو چاپىنىنى ئاستىغا سالدى، يېقىندا ئوقۇپ تۈگەتكەن كىتابىنى بېشىغا قويدى ۋە سوزۇلدى. «ئەمدى قېلىن كىتاب ئالسام بولغۇدەك، شۇنداق بولغاندا، ئۇزاق ئوقۇغىلى ۋە

چوڭراق ياستۇق قىلغىلى بولىدىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۇخلاشتىن ئاۋۋال.

سانتىياگو ئويغانغاندا ئالەم تېخى قاراڭغۇ ئىدى، گۈمبەز ۋە چېركاۋ يوچۇقلىرىدىن چاراقلاپ كۆرۈنگەن يۇلتۇزلار گويا گۆدەك ئوغۇلنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

«يەنە بىر دەم ئۇخلىسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى سانتىياگو. ئۇنىڭ ئۆتكەن ھەپتە كۆرگەن چۈشى بۈگۈن يەنە چۈشىگە كىردى، بىراق يەنە ئاخىرى چىقماستىن ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئۇ ئويغىنىپ ئولتۇردى ۋە ئازراق شەربەت ئىچتى. تايىقىنى ئېلىپ، مۈگدەپ ياتقان قوي‌لارنى ئۇرۇكتۈشكە باشلىدى، ئەمەلىيەتتە قوي‌لارنىڭ كۆپچىلىكى سانتىياگو كۆزىنى ئاچقان چاغدا ئويغانغانىدى، ئىككى يىلدىن بېرى ئوت ۋە سۇ ئىزدەپ بىرلىكتە كۆچۈپ يۈرگەچكە، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىرلىق بىر ئىلاھىي مۇناسىۋەت شەكىللەنگەنىدى.

«ئۇلار ماڭا شۇنچىلىك ئۆگىنىپ قېلىشقانكى، مىجەز - ئادەتلىرىمدىن تارتىپ ئىش تەرتىپىمگىچە بىلىۋېلىشقان» دەپ پىچىرلىدى بالا.

بالا ئەنە شۇلار ھەققىدە بىر ئاز ئويلاپ قالدى، بەلكىم ئەھۋال ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ ئەكسىچىدۇر، ئېھتىمال سانتىياگو قوي‌لارنىڭ ياشاش ئادەتلىرىنى بىلىۋالغاچقا، ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ماسلىشىپ قالغاندۇ، ئەمما سانتىياگو تايىقى بىلەن نوقۇپ، ئىسمىنى چاقىرسىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان قوي‌لار بار. ئومۇمەن سانتىياگو نېمىلا دېمىسۇن، قوي‌لار ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىشكە ئىنتىلەتتى، پادىچىمۇ نۆۋەتتە كىتابتىكى ئۆزىگە ياققان مەزمۇنلارنى قوي‌لارغا ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇپ بېرەتتى، يالغۇزلۇقى ۋە خۇشال كۈنلىرىنىڭ كەملىكى ھەققىدە قايغۇرۇپ سۆزلەيتتى ياكى بولمىسا ئۆزى بۇرۇن تۇرغان يېزا، شەھەرلەر توغرىسىدا ھېكايە قىلاتتى.





كېيىنكى ۋاقىتلاردا سانتىياگو قويلارغا پەقەت بىر قىز ھەققىدە سۆزلەپ بەردى، ئۇ شەھەرلىك قىز بولۇپ، پادىچىنىڭ ئاشۇ شەھەرگە يېتىپ بېرىشى ئۇچۇن يەنە تۆت كۈنلۈك مۇساپە قالغانىدى. سانتىياگو قىزنى ئۆتكەن يىلى پەقەت بىر قېتىم كۆرگەنىدى، خالاس.

ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۇچۇن مەۋۇت ۋە يۇڭ سودىسى قىلىدىغان دۇكاندار قويلارنى كۆز ئالدىدا قىرقىتىپ، يۇڭنى سېتىۋېلىشنى ماقۇل تاپقانىدى، سانتىياگونىڭ تونۇشلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا ئاشۇ سودىگەرنى تەۋسىيە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن پادىچى بالا قويلىرىنى ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىغا ھەيدەپ كەلدى.

— يۇڭ ساتىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى سانتىياگو سودىگەرگە ئاڭلىتىپ. دۇكاندا ئادەم كۆپ بولغاچقا، خوجايىن پادىچىدىن چۈشكىچە كۈتۈپ تۇرۇشنى ئۆتۈندى. سانتىياگو رازى بولدى ۋە يەلكىسىدىكى بوغچىسىدىن كىتابىنى ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇشقا باشلىدى.

— ۋاي، ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ، پادىچىلارمۇ خەت ئوقۇيالايدۇ، دەپ ئەسلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن، — يېقىنلا يەردىن بىر قىزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى، سانتىياگو بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزغا قارىدى. قىز ھەقىقىي ئەندۇلوسىيەلىك ئىدى، تۇندەك قارا سۇمبۇل چاچلىرى تېقىمىغا چۈشكەن، كۆزلىرى بىر زامانلاردا ئىسپانىيەنى بېسىۋالغان ماۋلىكلەرگە ئوخشاش يوغان ۋە تىنىق ئىدى.

— ئەسلى پادىچىلارنىڭ ئوقۇشنى بىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، قويلار ئۇلارغا ھەرقانداق كىتابتىن كۆپرەك نەرسە ئۆگىتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سانتىياگو.

شۇ گەپتىن گەپ باشلىنىپ قىز بىلەن يىگىت تۇپتوغرا

ئىككى سائەت پاراڭلاشتى. قىز ئۆزىنىڭ دۇكاندارنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردىكى كۈنلىرىنىڭ ئىنتايىن زېرىكىش ۋە مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ھەسرەت چەكتى، سانتىياگو ئۇنىڭغا ئەندەلوسىيە ۋادىلىرى ھەققىدە ۋە ئۆزى بارغان چوڭ شەھەرلەردە ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ سۆھبەتدىشىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى، چۈنكى قويلار بىلەن پاراڭلىشىشقا قارىغاندا، قىز بىلەن بولغان سۆھبەت ئۇنىڭغا زوق - شوخ بېغىشلىغانىدى.

— ئوقۇشنى قەيەردىن ئۆگىنىۋالغانسەن؟ — سورىدى قىز.

— باشقىلار نەدە ئۆگەنسە، مەنمۇ شۇ يەردە ئۆگەندىم، — دېدى سانتىياگو.

— ساۋادىڭ بار تۇرۇپ، نېمىشقا قوي بېقىپ يۈردۈڭ؟

سانتىياگو جاۋاب بېرىش ئورنىغا گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى، قىزنىڭ پادىچى يىگىتنى چۈشەنمەسلىككە كۆزى يەتكەنىدى، ئۇ ھە دېسە ئۆز ساياھەتلىرى، سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلار، قىز ماۋرىتانلارغا خاس شەھلا كۆزلىرىنى ھەيرانلىقتىن گاھ قىسىپ، گاھ يوغىنىتىپ تىڭشايتتى، ۋاقىت قىزغىن سۆھبەتلەر بىلەن تېز ئۆتمەكتە ئىدى، سانتىياگو بۈگۈنىنىڭ زادىلا كەچ بولماسلىقىنى، دۇكاندارنىڭ خېرىدارلاردىن قولى بوشىماسلىقىنى، بەلكى يۇڭ قىرقىش نۆۋىتىنىڭ يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك خۇشال ھېس قىلمىغانىدى. توغرىسى بۇ يەردىن زادىلا كەتكۈسى كەلمەيۋاتاتتى. پادىچى يىگىت بىلەن بولغان كۆڭۈللۈك دەقىقىلەر بىر خىللا تەرىزدە ئۆتكەن كۈنلەردىن پەرقلىق ھالدا قارا چاچلىق قىزدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

شۇ پەيت دۇكاندىن خوجايىن چىقىپ، پادىدىن تۆت قوينى قىرقىشقا تاللىۋالدى ۋە ھەققىنى بەرگەندىن كېيىن:

— بىر يىلدىن كېيىن كەلسەڭ، يەنە ئالىمەن، — دېدى.

مانا بەلگىلەنگەن مەنزىلگە يېرىپ بولۇش ئۈچۈن بارى يوقى تۆت كۈنلا قالدى، سانتىياگو قىز بىلەن ئۇچرىشىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شادلانسا، يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىدە خاۋاتىرلىنىشمۇ بار ئىدى. ئەگەر قىز ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ شەھىرىدىن قويلىرىنى ھەيدەپ ئۆتىدىغان پادىچىلار ئاز بولمىسا!؟..

— ئۇنتۇسا ئۇنتار، — دېدى ئۇ قويلارغا، — بۇنى ئۆزۈمگە بېسىم قىلىۋېلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، باشقا شەھەرلەردىمۇ قىزلار تولۇپ - تېشىپ تۇرۇپتىغۇ!...

لېكىن، سانتىياگو بۇنداق ئايرىلىشنىڭ ھەقىقەتەن ئازابلىق ئىكەنلىكىنى چىن يۈرىكىدىن ھېس قىلدى، چۈنكى پادىچىلارنىڭمۇ، دېڭىزچىلارنىڭمۇ ۋە ياكى دۇنيا كېزەر سودىگەرلەرنىڭمۇ پەقەت بىرگىنە ئەزىز ۋە قەدىردان جايى بولىدۇ، ئۇ يەرلەردە مەھبۇبلىرى ۋە باشقا يۈرەك - پارىلىرى ياشايدۇ، بۇلار ئۈچۈن ئەركىنلىك ۋە بارلىقىنى رازىمەنلىك بىلەن قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟...

تاڭنىڭ ئالەم بازىرىغا زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى يېيىشىغا ئەگىشىپ، مەشرىق ئاستا ـ ئاستا كۈن تۇغۇشقا ئىنجىقلاۋاتقاندا، سانتىياگو قويلىرىنى دۈكاندارنىڭ ئىستىقبالى تامان ھەيدىدى.

«قويلارغا راھەت ـ دە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇلارنىڭ بىرەر نەرسە ھەققىدە باش قاتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئېھتىمال بۇلار ھەر خىل ئىشلاردا خوجايىنىمىزغا تايىنىمىز، دەپ ئويلايدىغاندۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ ياشايدىغاندۇ!؟».

ئومۇمەن قويلارنىڭ ئارتۇق غېمى يوق، ئايىغى ئاستىدا بۇلۇق ئوت ـ چۆپ بولسا ۋە كۆز ئالدىدا ئېچىدىغان سۈيى تۇرسا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، تاكى سانتىياگو ئەندالوسىيەنىڭ ئاخىرقى بىر ياپىلىقىنى بىلسىلا، قويلار ئۇنىڭ قەدىردان دوستى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. كۈنلىرى بىر خىل ئۆتۈۋېرىسىمۇ، سەھەر بىلەن كەچنىڭ ئارىلىقى مەڭگۈلۈككە سوزۇلسىمۇ، قىسقىغىنە ئۆمرىدە بىرەر پارچە كىتاب ئوقۇمىسىمۇ، دۇنيانىڭ دەرۇ ـ شادلىقلىرىنى

بىر - بىرىگە ھېكايە قىلىدىغان ئادەمزات تىلىنى بىلمىسىمۇ، پەقەت ئوت، سۇ يېتەرلىكلا بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنى بەختىيار ھېس قىلىشۇېرىدۇ. ئەمما، بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇلار يۇڭ تېرىسى، گۆشى ۋە ھەمراھدارچىلىقنى ئىنسانلارغا ۋاقتى - ۋاقتىدا تەقدىم قىلىشىدۇ.

«مۇبادا مەن ياۋايى ھايۋانغا ئايلىنىپ قويلارنى بىر - بىرلەپ قىرىپ تاشلىسام، ئۇلار ئۆز قاتارىنىڭ بارغانچە سىلىكىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قورقۇنچقا چۈشۈشى مۇمكىن - ھە» دەپ ئويلىدى سانتىياگو ۋە «پەقەت مەن ئۇلارنى يېگۈلۈك، ئوت - چۆپ مول جايلارغا ئېلىپ بارغىنىم ئۈچۈنلا، قويلار تەبىئىي سەزگۈلىرىدىن كۆپرەك ماڭا ئىشىنىدۇ» دېگەنلەر بىلەن خىيالدىن چۆچۈپ ئويغاندى.

مېڭىسىگە «قەدەم تەشرىپ قىلغان» بۇنداق غەلىتە پىكىرلەردىن سانتىياگونىڭ ئۆزىمۇ سەسكىنىپ كەتتى.

پادىچىنىڭ بۈگۈن كەچ تۈنىگەن جايى چېركاۋنىڭ يېپىشقاق ئوت - چۆپلەر بېسىپ كەتكەن قورقۇنچلۇق بالىخانىسى ئىدى، ئۇنىڭ كونا چۈشلىرى يەنە تەكرارلاندى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ سادىق ھەمراھلىرىدىن غەزەپلىنىۋاتاتتى، ئۇ ئاخشامدىن ئېشىپ قالغان ئۇسسۇزلۇقتىن ئازراق ئىچتى ۋە چاپىنىنى ياخشىراق تىقىندۇردى. قىسقىغىنە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن قۇياشنىڭ تىكلىنىشى بىلەن شۇنچىلىك جەزىرىمە ئىسسىق باشلىناتتىكى، بۇ تاقىر يايلاقتىن قوي پادىسىنى ھەيدەپ ئۆتۈش قىيىنغا توختايتتى. ھازىر پۈتۈن ئىسپانىيە ئۇيقۇدا، سەراتان ئىسسىق كەچ كىرىشى بىلەن سوۋۇشقا باشلايدۇ، شۇنىڭغىچە ئېغىر كەلسىمۇ، چاپاننى كىيىش كېرەك، نېمىدېگەن بىلەن ئاشۇ چاپان تاڭنىڭ ئاچچىق شامالىرىدىن سانتىياگونى ساقلايدۇ ئەمەسمۇ؟!

«ياخشىسى ھاۋادىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە تەييار تۇرۇشۇم

كېرەك» دەپ ئويلىدى پادىچى ئىسسىق ۋە ئىغىر چاپىنىدىن مەھرۇم ھالدا، ئومۇمەن ئېيتقاندا، چاپانمۇ ئۆز قىسمىتىگە پۈتۈلگەن ۋەزىپىنى بېجىرىدۇ، سانتىياگومۇ دەل شۇنداق. سانتىياگونىڭ قىسمىتى دۇنيانى كېزىش، مانا مۇشۇ ئىككى يىل داۋامىدا، ئەندەلۇسىيە تاغلىرى ۋە يايلاقلىرىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭ ھەممە كەنت، شەھەرلىرىدە بولدى، بۇ قېتىم سانتىياگو مەۋۇتچىنىڭ قىزىغا ئاددىي پادىچىنىڭ قانداق قىلىپ ساۋاتلىق بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغانىدى.

قىسقىسى، پادىچى شۇنىڭ ئۈچۈن ساۋاتلىق ئىدىكى، ئۇ ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانىدى.

سانتىياگونىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ روھانىي بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى، بۇ ئاددىي قىشلاق ئاھالىسى ئۈچۈن پەخىرلىك ئىش ئىدى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ خۇددى قويلارغا ئوخشاش پەقەت قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا مېھنەت قىلىشاتتى.

سانتىياگو دىنىي مەكتەپتە لاتىن، ئىسپان تىللىرى ۋە ئىلاھىيەتتىن ساۋاق ئالدى. ئەمما، ئۇنىڭ بالىلىقىدىن باشلانغان دۇنيانى بىلىشكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقى، پەرۋەردىگارنى تونۇش ۋە بەندىنىڭ گۇناھلىرىنى بىلىشكە بولغان ئىنتىلىشىدىن ئۈستۈن كەلدى. شۇ سەۋەب ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرگىلى كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرى ئۇلارغا روھانىي بولۇش ئويىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى دادىللىق بىلەن ئېيتتى، سانتىياگو ساياھەت قىلىشنى قارار قىلغانىدى.

ئاتىسى سانتىياگونىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ئوغلۇم، — دېدى، — بىزنىڭ كەنتىمىزگە نۇرغۇن ئادەملەر كەلگەن، پۈتۈن دۇنيادىن ئادەملەر بۇ يەرگە قانداقتۇر بىر يېڭى نەرسىنى تېپىش ئۈچۈن كېلىشتى، ئەمما قانداق قۇرۇق قول كەلگەن بولسا، شۇ پېتىچە كېتىشتى. ئۇلار قەدىمىي قەلئە — قەسىرنى كۆرۈش ئۈچۈن تاغقا چىقىشتى ۋە ئۆتمۈشنىڭ بۈگۈندىن ئەۋزەللىكىگە ئىكەنلىكىگە شاھىت بولۇشتى، ئۇلار سېرىق چاچ ياكى قارا تەنلىك بولسىمۇ، كەنتىمىزدىكىلەردىن زادىلا پەرقلەنمەيتتى.

— لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ يۇرتىدا قانداق قەسىرلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەنغۇ؟ — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى سانتىياگو.

— ئۇ ئادەملەر بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىمىزنى كۆرۈپ، كەنتىمىزدە ئۆمۈر بويى ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىشاتتى، — گېپىنى داۋاملاشتۇردى ئاتىسى.

— مەن بولسام، ئۆزگە يەرلەرنى ۋە ئاياللارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن، ئۇلار شۇنداق دېگەن بىلەن كەنتىمىزدە ھېچقاچان تۇرۇپ

قالغان ئەمەس. ساياھەت ئۈچۈن كۆپ پۇل كېرەك، بىزنىڭ قەۋمىمىزدىن پەقەت پادىچىلارلا ئۆيدە ئولتۇرۇشمايدۇ، خالاس.

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى، پادىچى بولۇشۇم كېرەك، — دېدى سانتىياگو. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسى قارشىلىق كۆرسەتمىدى، ئەتىسى ئوغلىنىڭ قولىغا بىر ھەميياننى تۇتقۇزدى، ئۇنىڭدا ئۈچ دانە كونا تىللا تەڭگە بار ئىدى، — بىر كۈنى دالادىن تېپىۋالغانمەن، ئاسماندىن چۈشكەن ئىكەن دەپ بىل، بۇنىڭغا بىر پادا قوي سېتىۋالغىن - دە، تاكى بىزنىڭ قەسرىمىزنىڭ ئالەمدىكى قەسىرلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىيسى ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيادا بىزنىڭ ئاياللىرىمىزدىن گۈزەل ئاياللارنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىغىچە جاھان كەز.

ئاتىسى دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، سانتىياگو ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي دۇنيا كېزىشكە بولغان ئۈتتەك ئىشتىياقىنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئاددىي ئولتۇراق ھاياتنىڭ قورساق تويغۇزۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە كۆنۈپ كەتكەن ئەسنىلىكى بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆرتىگەن ئوتتەك ئارزۇ - ئارمانلىرىغا بەرھەم بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نىگاھىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى قاچانلاردىندۇر يانغان يىگىنە ئۈچىدەك ئۇچقۇن ئۆچمەس گۈلخان بولۇپ ئۇلغايماقتا ئىدى.

ئۈپۈق ئاسمانغا تارتقان ئاق ماتا قان رەڭدە بويالدى، كېيىن ئۇلۇغ رەسسام قۇياشنىڭ ئۆزى چىقىپ كەلدى. ئاتىسىنىڭ گەپلىرىنى ئەسلىسە، سانتىياگو ھاياجانلىنىپ كېتەتتى، پادىچى شۇ كەمگىچە نۇرغۇن قەسىرلەرنى كۆردى، ساھىبجامالارنى ئۇچراتتى. لېكىن، ھېچقايسىسى يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن دىدارىغا مۇشەررەپ بولىدىغان قىزغا تەڭلىشەلمەيتتى. ئۇنىڭ قويلىرى، چاپىنى بار، خالىغان پەيتتە باشقىسىغا ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان كىتابىمۇ يېنىدا. ئەڭ مۇھىمى ئۇ يۈرىكىدىكى مۇقەددەس ئارزۇسىغا ئېرىشەلەيتتى. ئۇ ھازىر دۇنيا كېزىۋاتىدۇ، مۇبادا ئەندەلۇسىيەنىڭ قىر - ئېدىرلىرى ئۇنىڭ جېنىغا تەگكۈدەك بولسا، سانتىياگونىڭ خالىغان پەيتتە قويلىرىنى سېتىپ، دېڭىزچى بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ئەگەر قاچاندۇر بىر كۈنى ئۇ دېڭىزدا يۈرۈشتىن بىزار بولسىمۇ، كەسپىنى ئۆزگەرتىپ شەھەر كېزىشى، باشقا ئاياللار بىلەن تونۇشۇشى، ئىشقىلىپ ياشاشنىڭ باشقا يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى مۇمكىن ئىدى.

«دىنىي مەكتەپتە پەرۋەردىگار ۋىسالىغا يېتىش قولۇمدىن كېلەتتىمۇ، يوقمۇ بىلمىدىم» دەپ ئويلىدى سانتىياگو ئاسمان ماتاسىنى ھەرخىل رەڭدە بوياۋاتقان ماھىر ئۇستا قۇياشقا قاراپ.

سانتىياگو سەپىرى جەريانىدا داۋاملىق بۇرۇن مېڭىپ باقمىغان يېڭى يوللاردا يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ بۇ ئۆلكىلەرگە تېز ـ تېز كېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئالدىدا ئۇچرىغان چېركاۋدا بىر قېتىممۇ تۇنەپ باقمىغان، دۇنيانىڭ قوينى كەڭ ئىكەن، ئەمدى يول تاللاشنى بىر مەھەل قويلارنىڭ ئىختىيارىغا قويسىمۇ بولىدۇ، بۇ مەنزىرىلەردە ئاجايىپ نەرسىلەرنىڭ ئۇچرىشى تۇرغان گەپ، لېكىنزە قويلار ھەر كۈنى يېڭى يولدىن يۈرۈشۈۋاتقانلىقىنى، يايلاقلار ۋە پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى پەقەتلا قورساق تويغۇزۇش، خالاس.

«بەلكى بىزمۇ شۇنداقتۇرمىز، — دەپ ئويلىدى پادىچى يىگىت، — چۈنكى بۇمۇ مېنىڭ مەۋۇتچىنىڭ قىزىنى كۆرگەندىن بۇيان باشقا ئاياللارنى خىيالىمغا سىغدۇرمىغىنىمدەك بىر ئىش».

سانتىياگو ئاسمانغا قاراپ، تەرىپ شەھىرىگە يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ يەردە كىتابىنى باشقىسىغا يەنى، قېلىنراق كىتابقا ئالماشتۇرۇۋېلىشى، سۇدىنىغا شەربەت تولدۇرۇۋېلىشى كېرەك، يەنە مەۋۇتچىنىڭ قىزى بىلەن ئۇچرىششقا تەييار تۇرۇش ئۈچۈن، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئېلىشى ۋە چېچىنى ياسىتىشى لازىم. چۈنكى سانتىياگودىن تۇرگۈن ۋە جەزبىدار باشقا بىر قويچىنىڭ بولۇشى پادىچى يىگىت ئۈچۈن تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ئىش.

«بەزىدە ھاياتنىڭ قىزىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كېچە كۆرگەن چۈشۈڭ بۈگۈن ئوڭۇڭدا كېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى پادىچى

ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئاسمان گۇمبىزىنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىگە قاراپ، قەدىمىنى تېزلەتكەچ.

ئۇ تەرىفدە چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغان موماينىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان، قېنى موماي ئېيتىپ باقسۇنچۇ، ئىككى قېتىم كۆرگەن ئوخشاش چۈش قانداق مەنىنى بىلدۈرەركىن؟

موماي مېھماننى ئارقا تەرەپتىكى ئۆيگە باشلىدى، بۇ ئۆي بىلەن ئاشخانىنى رېزىنكىدىن ئىشلەنگەن رەڭلىك مارجان پەردە ئايرىپ تۇراتتى، ئۆيدە ئىككى ئورۇندۇق ۋە ئۈستەل بولۇپ، تامغا ئىيسانىڭ يۈرىكى تەسۋىرلەنگەن رەسىم ئېسىقلىق تۇراتتى.

ساھىبە ئاۋۋال سانتىياگونى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۆزى پادىچىنىڭ ئۇدۇلىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تۇتتى ۋە پەس ئاۋازدا دۇئا ئوقۇدى.

سىگانلارنىڭ دۇئاسى بولسا كېرەك، سانتىياگوغا سىگانلار داۋاملىق ئۇچراپ تۇراتتى، ئۇلار قوي باقمىسىمۇ، لېكىن دۇنيا كېزىپ يۈرۈشەتتى. باشقىلار بولسا ئۇلارنى سېھىرگەرلىك بىلەن جان باقىدۇ، قەلبىنى ئىبلىسقا ساتقان، بالىلارنى ئوغرىلاپ، كېيىن ئۇلارنى ئۆز توپى ئىچىدە قۇل قىلىپ ئىلىپ يۈرۈشىدۇ، دېيىشەتتى. سانتىياگومۇ بالىلىقىدا سىگانلارنىڭ ئۆزىنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى، مانا ھازىر قېرى كەمپىر





قوللىرىدىن مەھكەم تۇتقاندا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بالىلىقىدىكى قورقۇنچ چۇلغىۋالدى.

«بۇ يەردە مۇقەددەس ئىيسانىڭ يۈرىكى بارغۇ!؟» دەپ ئويلىدى پادىچى كونترول قىلالمايۋاتقان بەدەن تىترىكىنى توختىتالماقچى بولۇپ، سانتىياگو ئۆزىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى مومايىنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلدى، شۇڭا ئىچىدە «ئاتىمىزغا ھەمدۇ ـ سانالار» سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

— ئاجايىپ قىزىق، — دەپ پىچىرلىدى موماي ئۇنىڭ ئالىقانلىرىدىكى سىزىقلاردىن كۆز ئۈزمەي، كېيىن يەنە سۈكۈتكە چۆمدى. پادىچىنىڭ تېخىمۇ ئىچى سىقىلىپ، قوللىرى تىترەشكە باشلىغانىدى ۋە كەمپىرنىڭ ئېتىكىدىن ئاچچىقلىغانىدەك قىلىپ تارتىۋالدى.

— ئالقىنىمغا قاراپ پال ئاچقۇزۇش ئۈچۈن كەلگىنىم يوق، — دېدى سانتىياگو مومايىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ياخشىسى سورىغان پۇلىنى بېرىپ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتەي، ئىككى قېتىم كۆرگەن چۈش بالا ـ قازا ئېلىپ كەلسىمۇ، نېمە قىلالايتتىم، دەپ ئويلىدى ئۇ يەنە.

— بىلىمەن، سەن ئۆيۈمگە چۈشۈڭنى تەبىرلەتتىش ئۈچۈن كەلگەنسەن، — تۇيۇپ قالدى سىگان موماي، ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— چۈش پەرۋەردىگارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىدىغان تىلى، پەرۋەردىگار دۇنيا تىللىرىدىن بىرىدە سۆزلىگەندە، ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا قۇربىتىم يېتىدۇ. لېكىن بىلىشىڭ كېرەككى، پەرۋەردىگار قەلبىڭنى ئۆز نۇتقى بىلەن ساڭا ئايان قىلماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى پەقەت سەنلا چۈشىنەلەيسەن، ئەمدى پۇل مەسىلىسىگە كەلسەك، چۈشۈڭنىڭ تەبىرىنى بىلگەنكەنسەن، ئەلۋەتتە پۇلىنى تۆلەيسەن.

«بالاغا قالغان ئوخشايمەن» دەپ كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىدى

سانتىياگو، لېكىن ئەمدى ئامال يوق، پادىچىلار خەۋپ ـ خەتەرگە كۆنۈپ قېلىشقان، بىردەم بۆرىلەر پادىغا ھۇجۇم قىلسا، بىردەم قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن. قىسقىسى، تىنچسىزلىق ئىچىدىكى مەۋجۇتلۇق ھاياتنىڭ مەزمۇنى ئىكەن.

— مەن ئىككى قېتىم ئوخشاش بىر چۈش كۆردۈم، — دېدى ئۇ تاقەتسىزلىنىپ، — پادىلىرىمنى ئوتلاقتا بېقىپ يۈرگۈدەكمەن، كېيىن بىر بالا پەيدا بولۇپ، قويلىرىم بىلەن ئويناشماقچى بولدى، مەن باشقىلارنىڭ بىراۋنىڭ پادىسىغا يېقىنلىشىشىنى ياقتۇرمايمەن، چۈنكى ئۇلار يات كىشىلەردىن قورقاتتى، لېكىن نېمە ئۈچۈنكىن قويلىرىم ھېلىقى بالىدىن يېتىرقىمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن قويلارنىڭ ئادەمنىڭ يېشىغا قاراپ قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى بىلگەنلىكىدىن ھەيران قالدىم.

— پەقەت چۈشلىرىڭ ھەققىدە گەپ قىل، — موماي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، — تېز بول، يېغىم كۆيۈپ كەتتى، پۇلۇڭ ئاز ئىكەن، مېنىڭ ۋاقتىم تولىمۇ قىممەت.

— بالا قويلار بىلەن راسا ئوينىدى، — سانتىياگو سەل خىجىل بولغاندەك قىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بالا توساتتىن يېنىمغا كەلدى ـ دە، مېنى ئالقىنىدا كۆتۈرۈپ، مىسىر ئېھراملىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى.

«بۇ قېرى سىگان مىسىر ئېھراملىرىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمدىكىن؟!» دەپ ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى سانتىياگو، كەمپىر جىم ئىدى.

— مىسىر ئېھراملىرىغا ئېلىپ كەلدى، — تەكرارلىدى سانتىياگو پەس، ئەمما ئېنىق ئاۋازدا ھەم شۇ يەردە ماڭا:

— ئەگەر يەنە مۇشۇ جايلارغا ئۆتۈپ قالساڭ كەل، خەزىنىنى تاپىسەن، — دېدى. بالا ئەمدىلا خەزىنە يوشۇرۇنغان جاينى كۆرسەتمەكچى بولۇۋېدى، ئويغىنىپ كەتتىم، كېيىنكى قېتىملىق چۈشۈمدە مۇشۇ ئەھۋال ئەينەن تەكرارلاندى.

موماي ئۇزاق سۈكۈت قىلدى، كېيىن سانتىياگونىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ، ئالىقانلىرىغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىلدى.

— ئۇنداقتا ھازىر سەندىن بىر تىيىن ئالمايمەن، ئەمما خەزىنىنى تاپساڭ ئوندەن بىرى مېنىڭكى، — دېدى موماي.

پادىچى چۈشىدىكى خەزىنىنىڭ يانچۇقىدىكى ئاقچىغا ئارا تۇرغىنىدىن خۇشال بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ نەزەرىدە موماي سېپى ئۆزىدىن سىگان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ سىگانلار ئەسلىدە سەل ساراڭ بولىدۇ، دېگىنى توغرا چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئۇنداقتا بوپتۇ، ئەمدى چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى ئېيتقىن، — دېدى سانتىياگو.

— ئاۋۋال خەزىنىنىڭ ئوندىن بىرىنى بېرىمەن دەپ قەسەم ئىچ، ئاندىن ئېيتىمەن.

نېمە ئامال، قەسەم ئىچىشكە توغرا كەلدى، قەسەم قىلغاندىمۇ كەمپىر مۇقەددەس ئىيسانىڭ تامدىكى يۈرىكى سىزىلغان رەسىمگە قاراپ تەكرارلاشنى تەلەپ قىلدى.

— پەرۋەردىگار سەن بىلەن ئىنسانىي تىلدا گەپلىشىپتۇ، — دېدى كەمپىر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — چۈشۈڭنى ئېنىق تەبىرلەشكە تىرىشىمەن، ئەمما بۇ ئىنتايىن قىيىن ئىش، شۇڭا سەندىن خەزىنىنىڭ ئوندىن بىرىنى سوراۋاتىمەن، گېپىمگە ئوبدان قۇلاق سال. مىسىرغا بېرىپ ئاشۇ ئېھراملارنى تېپىشقا تىرىشقىن، مەن ئەزەلدىن بۇنداق نەرسىنى ئاڭلاپ باقمىغان، دېمەك بالا ساڭا خەزىنىنى كۆرسەتتىمۇ، ھەقىقەتەن ئۇ مەۋجۇت دېگەن گەپ، دەرھال خەزىنىنى تېپىش يولىغا ئاتلان ۋە پۇلدار بول.

سانتىياگونىڭ كۆزلىرىدە ئاۋۋال ھەيرانلىق، كېيىن پۇشايمانلىق نۇرلىرى جىلۋىلەندى، ئۇ قېرى سىگاننىڭ ئاشۇ بولمىغۇر ئىككى ئېغىز سۆزى ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگەنمىدى؟ شۇنداقتىمۇ پەرۋەردىگارغا شۈكرى، ئۇنىڭ پۇل تەلەپ

قىلمىغىنىغا.

— سېنى دەپ شۇنچە ۋاقىتتىن بىكارغا كەتتى، — دېدى سانتىياگو.

— چۈشۈڭگە تەبىر ئېيتىش قىيىن، دەپ ئاگاھلاندۇردۇم، بىلەمسەن، بىرەر نەرسە قانچىلىك غەيرى تەبىئىي بولسا ساڭا شۇنچىلىك ئاددىي كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى بىلىش پەقەت دانىشمەنلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مېنىڭ دانىشمەنلىكىمۇ ئۆزۈمگە يارىشا، شۇڭا ئالقانغا قاراپ پال ئېچىش يولىنى تۇتقانمەن.

— ئۇنداقتا مىسىرغا قانداق بارىمەن؟

— بۇ ئەمدى مېنىڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشىم ئەمەس، مەن پەقەت چۈش ئۆرۈيمەن، ئۇنى رويابقا چىقىرىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، بولمىسا قىزلىرىمنىڭ قولىغا قاراپ، تىلەمچىلەردەك ياشىمىغان بولاتتىم.

— ئەگەر مىسىرغا بارالماي قالسام قانداق بولىدۇ؟

— بارالمىساڭ چۈشۈڭنى ئۆرىگەن ھەققىمدىن قۇرۇق قالىمەن شۇ، بۇنداق ئىش كۆپ بولغان، ئەمدى ساڭا كاپ - كاپ ئەمەس، گۇس - گۇس كېرەك، يەنى سەن بىلەن دېيىشىدىغان گېپىمىز قالمىدى، يولۇڭغا ماڭ!

سانتىياگو قېرى سىگانىنىڭ ئالدىدىن روھى چۈشكەندەك بولۇپ چىقتى، ئەمدى ئۇ چۈش دېگەن نەرسىگە ئەسلا ئىشەنمەيدۇ، كېيىن ئەسلىدىكى پىلانلىرى ئېسىگە كەلدى ـ دە، دۇكانغا چىقىپ ھەرخىل يېمەكلىكلەردىن سېتىۋالدى، كىتابىنى قېلىنراققا ئالماشتۇردى، سېتىۋالغان شەربىتىنى ئىچىپ باقماقچى بولۇپ، دۇكان ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئوتتەك ئىسسىقتىن كۆز ئالدى خۇددى يىراقتىكى سۇ بېتىدەك پىلىلدىغان چاغدا، مۇزدەك مېۋە شەربىتى گويا مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن قىزىتىۋاتقان ۋۇجۇدىغا مەلھەمدەك ياقتى.

سانتىياگو قويلىرىنى شەھەر سىرتىدىكى يېڭى تونۇشىنىڭ قوتىنىغا سولاپ قويغانىدى، ئۇنىڭ بۇ يەردە دوستلىرى كۆپ بولغاچقا، ساياھەت دېسە خۇشال بولۇپ كېتەتتى، يېڭى دوست تاپتىڭمۇ بولدى، ئۇنىڭ بىلەن كۈندە كۆرۈشۈش شەرت ئەمەس، خۇددى دىنىي پائالىيەتلەردىكىدەك ئەتراپىڭدا ھەر كۈنى بىر خىل ئادەملەر يۈرسە، ئۇلار ئۇگايلا ھاياتىڭنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ

قالىدۇ. دېمەك، ئۇلار ھاياتىنىڭ غا كىردىمۇ بولدى، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سېنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇشىدۇ، ئەگەر سەن ئۇلار خالىغاندەك ئادەم بولمىساڭ تېخى خاپا بولۇشىدۇ، گويا شۇلارلا بۇ دۇنيادا قانداق ياشاشنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىدىغاندەك.

لېكىن نېمە ئۈچۈنكىن بۇ ئالەمدە ھېچ كىم ئۆز تۇرمۇشىنى بىر ئىزغا سېلىپ بولالمايدۇ، بۇ سىگان كەمپىرنىڭ ئىشىغا ئوخشاش چۈشكە تەبىر ئېيتالايدۇ ـ يۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قولىدىن كەلمەيدۇ.

سانتىياگو قويلىرىنى دالاغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن ئىسسىقنىڭ پەسىيىشىنى كۈتمەكتە ئىدى، مەۋۇتچىنىڭ قىزى بىلەن كۆرۈشۈشكىمۇ يەنە ئۈچ كۈن بار، شۇنداق قىلىپ ئۇ شەھەردىكى روھانىيدىن ئالماشتۇرۇۋالغان يېڭى كىتابىنى ئوقۇشقا باشلىدى، بۇ قېلىن كىتابنىڭ بىرىنچى بېتىدە كىمنىڭدۇر مېيىتىنى چۈشۈرۈش مۇراسىمى تەسۋىرلەنگەنىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا پېرسوناژلارنىڭ ئىسمىنى تۇتۇۋېلىش قىيىن تۇيۇلدى. «مۇبادا مەن قاچاندۇر كىتاب يېزىپ قالسام دەپ ئويلىدى پادىچى، ھەربىر سەھىپىسىگە يېڭى ـ يېڭى قەھرىمانلارنى قاتناشتۇراتتىم ـ دە، ئوقۇرمەنلەر ئۇلارنىڭ نامىنى ئاسانلا بىلىۋالغان بولاتتى».

سانتىياگو ئوقۇغانلىرى ئۈستىدە ئەمدىلا ئويلاپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىغا بىر بوۋاي كېلىپ ئولتۇردى. كىتابتا كىشىلەرنىڭ قارنى كولاپ، بىر مەرھۇمنى دەپنە قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇن تەسۋىرلەنگەنىدى، قۇياشنىڭ تونۇردەك تەپتىگە قارىماي سانتىياگونى تىترەك باستى، شۇ چاغدا ھېلىقى ناتونۇش بوۋاي گەپ باشلىدى:

ـــ ئۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ـــ سورىدى بوۋاي بازار تەرەپتىكى ئادەملەرنى كۆرسىتىپ.

ـــ ئىشلەۋاتىدۇ، ـــ ئاددىيلا جاۋاب بەردى پادىچى خىيالچان قىياپەتتە.

ئەسلىدە، سانتىياگو مەۋۇتچىنىڭ قىزى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، تۆت قوينى قانداق قىلىپ ئەپچىللىك بىلەن قىرقىش ھەققىدە ئويلاۋاتاتتى. ئۇ بۇ مەنزىرىنى پات ـ پات كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزەتتى، نىمە ئۈچۈن قوينى قۇيرۇق تەرىپىدىن باش قىسمىغا قاراپ قىرقىشنىڭ لازىملىقىنى ھەيران بولۇپ تۇرغان قىزغا خىيالەن چۈشەندۈرەتتى، تېخى قىرقىم ۋاقتىدا قىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، بىرمۇنچە قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ ۋەقە ـ سەرگۈزەشتىلەرنى ئۇ كىتابلاردىن ئوقۇۋالغان بولۇشتىن قەتئىينەزەر خۇددى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەندەك سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىدى، بۇلار قىزنىڭ يەتتە ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى، ياكى ئۇنىڭ كىتابنى ئوقۇپ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلىۋالالمايتتى.

سانتىياگونىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تەمكىن ۋە تۇرگۇن بوۋاي «ئۇسساپ كەتتىم» دەپ ئىچىملىك سورىدى، سانتىياگو شۇنىڭ بىلەن قۇتۇلسامكەن، دەپ ئويلىدى سۇداننى بېرىۋېتىپ.

ئىشقىلىپ بوۋاينىڭ پاراڭلاشقۇسى كېلىۋاتاتتى، سۇداننى قايتۇرۇۋېتىپ، پادىچىدىن قانداق كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى سورىدى. بۇنى ئاڭلاپ سانتىياگونىڭ شارتتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ باشقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇسى كېلىپ كەتتى، لېكىن ئاتىسى ئۇنىڭغا چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگەتكەن بولغاچقا، نائىلاج جىممىدە بوۋايغا كىتابنى ئۇزاتتى. پادىچىنىڭ نەزەرىدە بوۋاي ھېچبولمىغاندا، كىتابنىڭ ئىسمىنى بولسىمۇ ئوقۇيالايدىغاندەك قىلاتتى، مۇبادا ساۋاتسىز بولسا نۇر ئۇستىگە ئەلانۇر بولاتتى ـ دە، ئۇياتقىنىدىن كېتىپ قالاتتى.

ـــ ھەي... ـــ دېدى ئۇ، بۇنداق نەرسىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن كىشىدەك، كىتابنىڭ ئۇياق ـ بۇياقلىرىنى ۋاراقلاۋېتىپ، ـــ ياخشى كىتاب ئىكەن، مۇھىم نەرسىلەر يېزىلغان، لېكىن تولىمۇ زېرىكىشلىك.

سانتىياگو ئەجەبلەندى، بوۋاي ساۋاتلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ كىتابنى ئوقۇغان بولۇپ چىقتى، نېمە ئىلاج، بۇ ھەقىقەتەن زېرىكەرلىك كىتاب بولسا باشقىسىغا ئالماشتۇرۇش كېرەك، دەپ ئويلىدى پادىچى.

— بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنى باشقا كىتابلارنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش، — داۋاملاشتۇردى بوۋاي گېپىنى، — چۈنكى بۇ كىتابتىمۇ ئىنسانىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىيەلمەيدىغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان، يەنى كىتابتا ئادەملەر ئالەمدىكى ئەڭ چوڭ يالغانغا ئىشىنىپ ياشايدۇ، دېگەن قاراش ئالغا سۈرۈلگەن.

— ئالەمدىكى ئەڭ چوڭ يالغان دېگەن نېمە؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى سانتىياگو.

— شۇنداق ۋاقىتلار بولىدۇكى، ھاياتىمىز بىزنىڭ خاھىشىمىزغا بويسۇنماي قالىدۇ، ئۇ تەقدىرنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ، ئەڭ چوڭ يالغان دېگەن ئەنە شۇ!

— بۇنى چۈشىنىشىم قىيىندەك قىلىدۇ، — دېدى سانتىياگو، — ئەمما مەسىلەن، دادام مېنى روھانىي قىلماقچى بولغان، لېكىن مەن پادىچى بولدۇم.

— ئىنتايىن ياخشى، — دەپ تەستىقلىدى بوۋاي، — ئەمەلىيەتتە سەن دۇنيا كېزىشنى تاللىغانسەن.

«بوۋاي ئويلىغانلىرىمنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ» دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى پادىچى بالا. قېرى گويا كىتابنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئۇنى بەخىرامان ۋاراقلاۋاتاتتى، بوۋاينىڭ ئەرەبلەر يەكتەكى كىيىۋالغانلىقىغا سانتىياگو بىرىنچى قېتىم دىققەت قىلدى، لېكىن بۇ ئەجەبلىنەرلىك ھال ئەمەستى،

چۈنكى ئەرەبلەر ئافرىقا ساھىللىرى بىلەن تەرىپ شەھىرىنى ئايرىپ تۇرغۇچى تار بوغۇزدىن ئۆتۈپلا بۇ شەھەرگە پات ـ پات كېلىپ، ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى سېتىۋالاتتى ۋە كۈنىگە نەچچە قېتىم ئۆز ئىبادەتلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى.

— سىز قەيەرلىك؟ — دەپ سورىدى سانتىياگو بوۋايدىن.

— ھەممە يەرلىك.

— نەدىكىنى، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى پادىچى، — ھەممە جايدىن بولىدىغان ئادەم بولمايدۇ، مەسىلەن مەن بولسام، پادىچى ياكى دۇنيا كەزگۈچى، لېكىن مېنىڭ يۇرتۇم بىرلا، ئۇ بولسىمۇ تېغىدا قەدىمىي قەلئەسى بار شەھەر، يەنى ئاشۇ جايدا تۇغۇلغانمەن.

— مەن سەلىم شەھىرىدىن.

سانتىياگو سەلىمنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن خىجىل بولۇپ، ئۇنىڭ قايسى شەھەرلىكىنى قايتا سورىمىدى. ئۇ سەل يىراقتىكى ئاسمانغا تويپا ئۆرلەۋاتقان نۇقتىغا دىققەت قىلدى، بازاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا موكىدەك تېز يۈرۈشكەن تەشۋىشلىك ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى.

— خوش، سەلىم تىنچلىقمۇ؟ ئۇنىڭدا نېمە يېڭىلىقلار بار؟

— تىنچلىق، ئاۋۋالقىدەك.

سانتىياگو شەھەر ھەققىدە ھېچنېمە بىلەلمىدى، لېكىن ئۇ بۇ شەھەرنىڭ ھېچبولمىغاندا، ئەندەلۇسىيەدە ئەمەسلىكىنى، بولمىسا سەلىم توغرىلىق ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىلىشى مۇمكىنلىكىنى كۆڭلىدە مۇقىملاشتۇردى.

— سەلىم شەھىرىدە نېمە ئىش قىلىسىز؟

— نېمە ئىش قىلاتتىم، — بوۋاي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئارقىدىنلا، — ئۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىمەن، مەن ئاشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى، — دېدى.

«بەزى ئادەملەرگە قويۇپ بەرسەڭ نېمىلەرنى دېمەيدۇ ـ ھە! —

دەپ ئويلىدى سانتىياگو، — ئۇلار بىلەن سىلىشتۇرغاندا، يېيىش ۋە ئىچىشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان قويلار بىلەن ھەپىلەشكىنىڭ مىڭ ياخشى، ياكى خالىغان پەيتتە كىتاب ئوقۇپ، ئاجايىپ - غارايىب ۋەقەلەرنى بىلىۋالايسەن، ئادەملەر بىلەن سۆزلەشسەڭ، تامامى رەسۋايى جاھان! تام تۈۋىدىن ھوشۇر قوپقاندەك نەدىكى گەپلەرنى قىلىدۇ، مۇشۇكىنىڭ ئالقىنىدىكى چاشقاندەك ئەخمەق بولۇۋاتقىنىنىڭنى بىلىپ تۇرساڭمۇ، نېمە دېيىشىڭنى بىلمەي قالىسەن!»

— مېنىڭ ئىسمىم مەلكىسىدىق، — دېدى بوۋاي، — قانچە قويۇڭ بار؟

— يېتەرلىك، — سانتىياگومۇ ئېنىق جاۋاب بەرمىدى.

— گېپىڭ راستمۇ؟ ئەگەر قويلىرىڭنى يېتەرلىك دەپ ھېسابلىساڭ، ئۇنداقتا مېنىڭ ياردىمىمگە ئېھتىياجلىق ئەمەس ئىكەنسەن - دە!

پادىچىنىڭ رەسمىي ئاچچىقى كەلدى، تېخى ياردەم - ياردەمنىڭ گېپىنى قىلىدىغۇ بۇ قېرى، ئۆزى ئاۋۋال ئۇسسۇزلۇق، كېيىن كىتابنى سورىدى، يەنە ۋالاقشىپ پادىچىنى ئۆزى بىلەن ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپ دېگەن گېپىنى قارىمامدىغان.

— كىتابىمنى بېرىڭ، ماڭىدىغان ۋاقتىم بولدى، — دېدى سانتىياگو.

— پاداڭنىڭ ئوندىن بىرىنى ماڭا بەرسەڭ، خەزىنىگە بارىدىغان يولۇڭنى ئېيتىپ بېرىمەن.

پادىچىغا ھەممە نەرسە ئايان بولغاندەك بىلىندى، سىگان موماي بىر تىيىن ئالمىغانىدى، بۇ قېرى ئۇنىڭ ئېرى بولسا كېرەك، گەپ بىلەن بېشىمنى قايدۇرۇپ، يانچۇقۇمنى قۇرۇقداش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن دېگەنلەرنى ئويلىدى سانتىياگو.

شۇنداقتىمۇ پادىچى ئۇندىمەستىن تۇرغانىدى، بوۋاي قۇرۇق چۆپ بىلەن قۇمغا نېمىلەرنىدۇر سىزىشقا باشلىدى، ئۇ ئېگىشكەن

ۋاقىتتا كۆكرىكىگە ئېسىلغان بىر نەرسە شۇنچىلىك يالتىراپ كەتتىكى، سانتىياگونىڭ كۆزى قاماشقانلىقتىن ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدى، بوۋاي يېشىغا ماس بولمىغان بىر خىل چەبدەسلىك بىلەن رۇسلىنىپ، يەكتىكى ئىچىگە مەھكەم يۆگىنىۋالدى، پادىچىنىڭ كۆزى ئېچىلغاندا ئايىغى ئاستىدىكى يېزىقلارغا كۆزى چۈشتى.

بۇ سىرلىق شەھەرنىڭ ئاساسىي مەيدانىنى ئوراپ تۇرغان قۇم ئۈستىدە سانتىياگو ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى ۋە ئۆز ھاياتىنىڭ شۇ كەمگىچە بولغان تارىخىنى ئوقىدى، باللىقتىكى ئويۇنلىرى ۋە دىنىي مەكتەپتىكى ساۋاقلىرىنىڭ جەريانىنى كۆردى، مەۋۇتچىنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى قۇم ئۈستىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ھاياتىدا ھېچقاچان، ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمىگەن ئىشلىرىنى ئوقۇماقتا ئىدى، تېخى بىر قېتىم بۇغا ئوۋلايمەن، دەپ سورىماستىن ئاتىسىنىڭ مىلتىقىنى ئوغرىلىغانلىقى ۋە ھاياتىدا تۇنجى نۆۋەت قىز بىلەن ئۇچراشقانلىقى قاتارلىقلار كۆز ئالدىدا نامايان بولماقتا ئىدى.

بوۋاينىڭ «مەن سەلىمنىڭ پادىشاھى» دېگىنى سانتىياگونىڭ يادىغا كەلدى ۋە ئېھتىيات ھەم تارتىنچاقلىق بىلەن سورىدى:

— ئۇنداقتا بىر شاھنىڭ پادىچى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ۋەجى نېمىكىن؟

— بۇنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ، لېكىن ئەڭ ئاساسلىقى سېنىڭ ئۆز تەقدىرىڭ يولىدىن مېڭىشقا قادىرلىقىڭ.

— تەقدىر دېگەن زادى نېمە؟ — سورىدى سانتىياگو.

— جىمىكى ئادەملەر ياشلىق پەيتىدە ئۆز تەقدىرىنى بىلىدۇ، ئەنە شۇ ئۆمۈر باھارىدا بارچە نەرسىلەر ئاددىي ۋە ھەممە يوللار ئوچۇق بولىدۇ. ئۇلار خىيال قىلىشتىن قورقمايدۇ ۋە نېمىنى ئارزۇ قىلغان بولسا، شۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلىدۇ، ئەمما پۇرسەتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سىرلىق ۋە كۆرۈنمەس بىر كۈچ ئۇلارنى تەقدىرىنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنماي ئامالىنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەندۈرىدۇ.

سانتىياگو بوۋاينىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلمىدى، لېكىن

ئۇنىڭ «سىرلىق كۆچ» دېگىنىگە قىزىقىپ قالدى، چۈنكى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىسا مەۋۇتچىنىڭ قىزىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ قالاتتى.

— بۇ سىرلىق كۆچ ئىنسانلارغا خۇددى ئالدىنى توسۇپ تۇرغان ئېگىز تاغدەك تۇيۇلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەملەرگە تەقدىرىنى بەلگىلەش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنساننىڭ روھى ۋە ئەركىنى بۇيۇك ۋەزىپىگە تەييارلايدۇ، بۇ ھاياتلىق ئالىمىدە بىر ھەقىقەت مەۋجۇت، سەن كىم بولۇشۇڭدىن، شۇنداقلا نېمە بىلەن شۇغۇللىنىشىڭدىن قەتئىينەزەر بىرەر نەرسىنى چىن دىلىڭدىن ئىستىسەڭ، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئېرىشىسەن. چۈنكى، بۇنداق ئارزۇ ـ ئىستەك ئالەمنىڭ روھىدا دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ، سەن بۇ دۇنياغا گويا شۇنىڭ ئۈچۈن تۇغۇلغانسەن.

— مېنىڭ ئەڭ ئالىي ئارزۇيۇم جاھان كېزىش ياكى مەۋۇتچىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىش بولسىچۇ؟

— مەسىلەن، سېنى جان ـ جەھلى بىلەن ئاشۇ خەزىنىنى ئىزدەۋاتىدۇ دەيلى، ئالەم روھى ئىنساننىڭ بەختىدىن ئوزۇق ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ئىنسانلارنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىگىمۇ شېرىك. ئىنسان پەرزەنتى تۇغۇلدىمۇ ئۇنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆز تەقدىرى يولىدىن ئاخىرغىچە بېرىش ياكى تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش، ھەممە سۆز ـ ھەرىكەت مۇشۇنىڭغا مەركەزلەشكەن، ياشا ۋە ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، بىرەر نەرسىگە چىن دىلىڭدىن ئىخلاس قىلساڭ، پۈتۈن ئالەم شۇ ئىستىكىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ.

ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان دالا ۋە سەل يىراقتىكى بازارچىلارنىڭ يۈرۈشلىرىگە يۈزلىنىپ، ئازراق جىم بولۇشتى، كېيىن سۈكۈناتنى بىرىنچى بولۇپ بوۋاي بۇزدى:

— شۇنداق قىلىپ نېمە ئۈچۈن پادىچىلىقنى تاللىدىڭ؟

— جاھان كېزىشنى ياخشى كۆرىمەن.

بوۋاي كۆز ئالدىدىكى دالا يولىدا قىزىل هارۋىسىنى ئىتتىرىپ كېتىۋاتقان ئاق بالداق ساتقۇچىنى ئىشارە قىلىپ دېدى:

— ياشلىقىدا ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش سەييارە ساياهەتچىلىكنى ئارزۇ قىلغان، ئەمما كېيىن ئاق بالداق سېتىش ۋە پۇل تېپىشنى ئەۋزەل كۆردى. هازىر ياشىنىپ قالغاچقا، هەر ئايدا ئافرىقىغا بىر قېتىم بېرىپ كېلىدۇ، ئىنسانىنىڭ ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دائىم زور ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغان.

— ئۇمۇ مەندەك قوي باققان بولسا ياخشى بولاتتى، — دېدى سانتىياگو.

— بۇ هەقتە ياشلىقىدا ئويلاپ كۆرگەن، لېكىن كېيىن سودا قىلىش يولىنى تاللىغان. پادىچى يەرنى سېلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ ئۇخلايدۇ، ئەمما سودىگەرنىڭ باشپاناهى بار، يەنە كېلىپ قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پادىچىدىن كۆرە سودىگەرنى كۈيۈ ئوغۇل قىلىشقا ئامراق.

سانتىياگو شۇئان مەۋۇتچىنىڭ قىزىنى ئەسلىدى ۋە يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، بىرنەرسە سانجىلغاندەك بولدى، بەلكى هازىر قىز ياشاۋاتقان شەھەردىمۇ كىمدۇر بىرسى قىزىل هارۋىسىنى سۆرەپ يۈرگەندۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

بوۋاي گەپ قىلغاچ توختىماي كىتابنى ۋاراقلايتتى، قارىغاندا ئۇ كىتابقا بەكلا بېرىلىپ كەتكەندەك ئىدى، سانتىياگو ئۇنى ئۇزاق ساقلىدى ۋە ئاخىرى تاقىتى تاق بولۇپ، خۇددى بوۋاي هېلى

پادىچىنى ئوقۇشتىن چالغىتقاندەك، سانتىياگومۇ بوۋاينى ئوقۇشتىن توختاتتى:

— نېمە ئۈچۈن دەل شۇ مەسىلە ھەققىدە گەپ قىلىسىز؟

— چۈنكى سەن ھازىر ئۆز تەقدىرىڭ يولىدا كېتىۋاتىسەن ۋە بۇ يولدىن چېكىنىشكە تەييار تۇرۇپسەن.

— ھەر ۋاقىت مانا شۇنداق ئاچا يولنىڭ ئېغىزىدا پەيدا بولامسىز؟

— شۇنداق، زۆرۈر بولسا باشقىچە شەكىل ۋە كۆرۈنۈشلەردىمۇ پەيدا بولۇشۇم مۇمكىن. مەسىلەن، بەزى توغرا بىر ئەمرۇقارار، يەنە بەزى ئەقىل نۇرى چاقنىغان پىكىرۇخىيال شەكلىدە، دېگەندەك. گاھى ھەل قىلغۇچ ۋاقىتلاردا مۇشكۇل ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يول كۆرسىتىمەن، ھەممىسىنى ساناش قىيىن، ئادەتتە گاڭگىرىغان كىشىلەر مېنىڭ يېنىدا ھازىرلىقىمدىن بىخەۋەر.

كېيىن بوۋاي ئۆتكەن ھەپتە بىر جاۋاھىر ئىزلىگۈچىنىڭ كۆز ئالدىدا تاش قىياپىتىدە پەيدا بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئادەم بىر زامانلار ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، زۇمرەت ئىزدەشكە كىرىشكەن، دەريا بويىدا بەش يىل جاپا چېكىپ، قىممەتلىك تاش تېپىش ئۈمىدىدە 999999 دانە تاشنى تەكشۈرۈپ چىقىپتۇ، ئاخىرى سەۋر - تاقىتى تۈگەپ ۋە ئۆز ئارزۇسىدىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەپتۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ پۈتىغا ئۈرۈنۈپ تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر تاشنى پارچىلاپ كۆرگەن بولسا زۇمرەتنى تېپىپ، ئۆمۈرلۈك ئارزۇسىغا يېتىدىكەن، قاش بىلەن كىرىپىك ئارىلىقىدىكى ھەل قىلغۇچ پەيتتە بوۋاي بۇ ئىشقا ئارىلىشىشنى، قەتئىي نىيەت بىلەن ئۆز بەختىنى ئىزدەۋاتقان جاۋاھىرچىغا ياردەم قىلىشنى قارار قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بوۋاي تاشقا ئايلىنىپ، ھە دېسە ئۇنىڭ پۇتىغا پۇتلىشىۋېرىپتۇ، ئاقىۋەت





بەش يىللىق ئەمگىكىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن جاۋاھىرچى خاپىلىقتىن ھېلىقى تاشنى كۈچەپ بىر تەپكەن ئىكەن، تاش ئۇچۇپ بېرىپ، باشقا بىر تاشقا سوقۇلۇپ پارچىلىنىپتۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئىچىدىن دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق زۇمرەت چىقىپ قۇياشتەك پارقىراپتۇ.

— ئىنسانلار ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىنى بالدۇرلا بىلىپ يېتىدۇ، توغرىسى ھايات ئۇلارغا شۇنداق تۇيۇلىدۇ، — بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بەلكى يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەسلىي مەنىسىدىن شۇ قەدەر تېز ۋاز كېچىدۇ، نېمە چارە، دۇنيا شۇنداق يارىتىلغان ئىكەن، سانتىياگو بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە تىنىپ كەتكەن تۈگمەس غەمنىڭ ئاجىز ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەندەك بولدىيۇ، لېكىن باشتا سۆھبەتنىڭ خەزىنىدىن باشلانغانلىقىنى ئەسلىدى.

— خەزىنىلەرنى جىلغىلار ۋە دەريالار يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقىدۇ ۋە يەنە شۇ دەريا - جىلغىلار ئۇلارنى زېمىنىنىڭ قەرىگە يوشۇرىدۇ، — بوۋاي پادىچىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەگەر خەزىنەڭ ھەققىدە تەپسىلىي بىلىشنى خالىساڭ، پادىلىرىڭدىكى قويلاردىن ھەر ئونىنىڭ بىرىنى ماڭا بېرىشىڭ كېرەك.

— ئۇنداقتا تاپىدىغان خەزىنەمنىڭ ئوندىن بىرىنى بېرىشكە ۋەدە قىلىمەن.

— ئۆزۈڭ ئىگە بولمىغان نەرسە ھەققىدە ۋەدە بېرىش، ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش دېمەكتۇر، — دەپ تەنە قىلدى بوۋاي. شۇنىڭدىن كېيىن سانتىياگو خەزىنىنىڭ ئوندىن بىرىنى سىگان مومايغا بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— سىگانلار ئۆز ھەققىنى قانداق ئۇندۇرۇۋېلىشنى ئوبدان بىلىدۇ، — دەپ ئېغىر خۇرسىندى بوۋاي، — سەن شۇنى بىلگىنكى، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز باھاسى بار، ئەۋلىيالار

ئادەمگە شۈنداق ئۆگىنۈت قالدۇرۇپ كەتكەن، ئەلۋەتتە مۇشۇنداق پەيتتە پاداكىنىڭ ئوندىن بىرىنى ھەيدەپ كېلىسەن، خەزىنىگە باردىغان يولنى ئېيتىپ بېرىمەن، — بوۋاي سانتىياگوغا كىتابنى ئۆزاتتى ـ دە، دالانىڭ مەلۇم نۇقتىسىغا بارغاندا چېكىتكە ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

سانتىياگونىڭ پىكىر ـ خىيالى چېچىلغان ئىدى، شۇڭا ئۇ كىتاب ئوقۇماقچى بولغان بولسىمۇ، سۆزلەر ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى، بوۋاي بىلەن بولغان سۆھبەتتىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتاتتى، ھاياجانلانغانىدى. چۈنكى، ئۇ بوۋاينىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن پادىچى سودىگەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاپئاق ئېتىلغان ئاق بالداقلاردىن سېتىۋالدى، سانتىياگو خىيالىدا ئاق بالداقچىغا، ئۇ ھەقتە بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى ئېيتايمىكىن دەپ ئويلىدى ـ يۇ، كېيىن «بەرىبىر پايدىسى يوق» دەپ ئېغىز ئاچمىدى.

«كۆپىنچە ئادەمنىڭ ئۆزى بىلگىنىنى قىلغىنى ياخشى» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە. ئېيتىساڭ ئادايى تامام، بىر ئۆمۈر قىزىل ھارۋىسىغا ئۆگىنىپ قالغان سېتىقچىنى دېلىغۇل قىلىپ قويىسەن ـ دە، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ، شۇڭا بىلمەسكە سېلىپ، ئۇنى بۇنداق گۇماندىن مۇستەسنا قىلىش لازىم.

سانتىياگو ئۇزاق خىياللارغا بېرىلىپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە يول ئالدى، بىر پەيتتىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ قارىسا، ئۆتەڭدىكى ئاجايىپ دېرىزىسى بار كىچىك ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە ئافرىقىغا بارىدىغان كېمىلەرگە بېلەت سېتىلىدىكەن، توغرا مىسىر دېگەن ئافرىقىدىغۇ!

— نېمە خىزمەت؟ — دەپ سورىدى بېلەت ساتقۇچى.

— ئېھتىمال ئەتە سىلەردىن بېلەت ئېلىشىم مۇمكىن، — دېگىنىچە مېڭىشقا تەمشەلدى سانتىياگو.

— بارى - يوقى بىر قوينى ساتساڭ ئالەم گۈلىستان، يوللىرىڭ بوستان، ئۆزۈڭنى بەخىرامان ئافرىقىدىمەن دەپ ئويلا.

بۇ گەپ سانتىياگونى سەل تەمتىرىتىپ قويدى، بېلەتچى تېخى ئۇنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك قىلىپ ياردەمچىسىگە:

— خىيالپەرەسنىڭ ئۆزى، يانچۇقىدا بىر پۇلى يوق، سەپەرگە چىقارمىش، — دېدى كىنايە بىلەن.

بېلەتچىنىڭ دېرىزىسى قېشىدا تۇرۇپ تۇيۇقسىز سانتىياگونىڭ يادىغا قويلىرى كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىغا قايتىش ئىستىكى ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالدى. ئۇ توپتوغرا ئىككى يىل ئىچىدە پادىچىلىق سەنئىتىنى مۇكەممەل ئىگىلىدى، يۇڭ قىرقىش، ساغلىقلارنى قوزىلىتىش، قويلارنى بۆرىلەرنىڭ ۋەھىمىسىدىن قوغداش قاتارلىقلاردا ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭلىشەلمەيتتى. يەنە كېلىپ ئەندەلۇسىيە يايلاقلىرىنى بەش قولدەك بىلەتتى، ھەربىر قوينىڭ باھاسى ۋە تامغىسىنى كۆزنى يۇمۇپ ئېيتىپ بېرەلەيتتى.

پادىسى كۈتۈپ تۇرغان قوتانغا قايتقۇچە سانتىياگو ئەڭ يېقىن يولدىن مېڭىشنى قارار قىلدى، بۇ شەھەرنىڭمۇ ئۆز قەسرى بار ئىدى، پادىچى قىيا باغىر ئارقىلىق قەلئە ئۈستىگە چىقىپ ئازراق





ئۆلتۈرماقچى بولدى، بۇ يەردىن ئافرىقا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بىر زامانلار ئەنە شۇ ئافرىقىدىن مەۋرىلەر سۇ يولى بىلەن كېلىپ، ئىسپانىيەنى بېسىۋالغانلىقى ھەققىدە كەمدۇر بىرى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنىدى. سانتىياگونىڭ مەۋرىلەرنى كۆرەر كۆزى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ سىگانلارنى شۇلار باشلاپ كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ قارايتتى.

قەلئە ئۈستىدىن پادىچى بوۋاي بىلەن سۆھبەتلەشكەن بازارغا يېقىن جاي خۇددى بەش قولدەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

«ئۇنى ماڭا يولۇقتۇرغان تەقدىرگە مىڭ لەنەت» دەپ ئويلىدى سانتىياگو. چۈنكى سىگان كەمپىرنىڭ ئۇنىڭ چۈشىنى تەبىرلىگىنىمۇ يېتەرلىك ئىدى. نە كەمپىر، نە بوۋاينىڭ ئۇنىڭ كەسپىي پادىچىلىقىغا ئېتىبار قىلمىغىنى سانتىياگوغا تېخىمۇ ھار كەلدى، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇلار ھېچنېمىسى يوق، دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەملەر، شۇڭلاشقا ئۇلار پادىچىلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پادىلىرىغا بېرىلىشىنى چۈشەنمەيدۇ.

سانتىياگو ھەربىر قوينىڭ قانداقلىقىنى يىپىدىن يىڭنىسىغىچە ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. مانا بۇنىسى قىسىر، ئۇنىسى يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن قوزىلايدۇ، ئاۋۇلىرى بولسا تازا ھورۇن، ئەگەر قېرى سىگاننىڭ گېپىگە ئالدىنىپ، كېتىش قارارىغا كەلسە، قويلار سانتىياگونى سېغىنىشى، ھەتتا بۇ قورقۇنچلۇق دۇنيادىن يوقىلىپ كېتىدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

تۇيۇقسىز شامال چىقتى، بۇ شامال سانتىياگوغا خېلىدىن بېرى تونۇشلۇق ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «لېۋانتىن شامىلى» دەپ ئاتىشاتتى، چۈنكى مەۋرىلەرنىڭ كېمە يەلكەنلىرىگە مۇشۇ شامال ئۇرۇلۇپ، ئۇلارنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى لېۋانتىندىن

بۇ يەرلەرگە ئېلىپ كېلەتتى. پادىچى ئىلگىرى تەرىپ شەھىرىدە تۇرمىغان ۋە ئافرىقا قىرغاقلىرىنىڭ بۇ قەدەر يېقىنلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى. خەتەرلىك ئەھۋال شۇكى، مەۋرىلەر ئويلىمىغاندا، يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. «ئۆزۈمنى ئىككى پارچە قىلىپ ھەم قويلىرىمغا، ھەم خەزىنىگە بېغىشلىيالمايمەن» دەپ ئويلىدى سانتىياگو. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرۈپ تاللىغان كەسىپ بىلەن خەزىنىدىن بىرىگە تۇرۇشى كېرەك. ھەئە يەنە تېخى مەۋۇتچىنىڭ قىزىمۇ بار، لېكىن بۇلاردىن مۇھىمى قويلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ تەقدىرى سانتىياگوغا باغلىق، قىز بولسا سانتىياگوسىزمۇ دۇنيادا ياشاۋېرىدۇ، ھە راست، تېخى سانتىياگو قىزنىڭ ئېسىدە بارمۇ ـ يوق، بۇنى كىم بىلىدۇ دەيسىز؟ مۇبادا ئۇ يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن قىزنىڭ يېنىغا بارالماي قالسىمۇ، قىزنىڭ سانتىياگونىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قېلىشى تۇرغانلا گەپ. چۈنكى ئۆتكەن ھەربىر كۈن قىزغا خۇددى ئېقىن سۇدەك بىر خىل تۇيۇلاتتى. دېمەك، كۈنلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقسىز بولسا ئادەملەرنىڭ ھەر كۈنى قۇياش چىققاندىن باشلاپ كۈن كەچكىچە ئۆز ھاياتىدا يۈز بېرىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلىرى ھەققىدە ئويلىنىشلىرى بىھاجەت. «مەن ئاتا ـ ئانامنى، كەنتىمىزدىكى گۈزەل قەسىرنى تاشلاپ كەلدىم، دەپ ئويلىدى سانتىياگو، ــ دېمەك ئۇلارمۇ، مەنمۇ ئايرىلىپ ياشاشقا كۆندۇق، ئۇنداقتا قويلىرىممۇ مېنىڭ يوقلۇقۇمغا كۆنسە كېرەك».

سانتىياگو ئېگىزلىكتىن بازارغا بىر قۇر نەزەر سالدى، ئۇ يەردە ئاقبالداق سودىسى قىزىپ كەتكەنىدى، بوۋاي بىلەن ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشكەن ئورۇندۇقتا بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈۋاتاتتى. «سودىگەر...» دەپ ئويلىدى پادىچى، ئۇ بىر ئىش ھەققىدە كۆپرەك ئويلىماقچىدى، ئەمما ئاخىرىغا چىقىرالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ يۈزىگە «لېۋانتىن شامىلى»نىڭ مەيىن دولقۇنى ئۇرۇلغانىدى.

بۇ شاماللار پەقەت باسقۇنچى مەۋرىلەر كېمىلىرىنىڭ سۇرئىتىنى تېزلىتىپلا قالماي، يەنە كۆكۈللەرگە ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى سەھرا ھىدلىرىنى، چۆمپەردە ئىچىدىكى ئاياللارنىڭ خۇشبۇيلىرىنى، نامەلۇم خەزىنىنى ئىزدەپ يولغا چىققان تەۋەككۇلچىلەرنىڭ ئارزۇ - ئاھلىرى ۋە تەر پۇراقلىرىنى شۇنداقلا سىرلىق ئېھرامىلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق توزانلىرىنى كۆرۈنمەس قاناتلىرى بىلەن ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. پادىچىنىڭ بۇ ساياق ۋە ھۆر شامالالارغا ھەۋىسى كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئەركىن شامال بولۇپ، ھەممە يەردە كېزىپ يۈرۈشى مۇمكىنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ھازىر ئۇنىڭ يولىغا توسۇق بولۇپ تۇرۇۋاتقىنى پەقەتلا ئۇنىڭ ئۆزى! ئەمما قويلىرى، مەۋۇتچىنىڭ قىزى ۋە ئەندەلۇسىيە يايلاقلىرى بۇلارنىڭ ھەممىسى پادىچى تامان يېقىنلاشماقتا ئىدى.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن سانتىياگو ئالتە قوينى ھەيدەپ بازارغا كەلدى.

— غەلىتە ئىش بولدى، — دېدى ئۇ بوۋايغا ۋە گېپىنى داۋام قىلدى، — مېنىڭ بىر دوستۇم پادامدىكى ھەممە قويلىرىمنى ئۇندىمەستىن سېتىۋالدى ۋە بىر ئۆمۈر پادىچى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم، — دېدى. بۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئەھۋال.

— داۋاملىق شۇنداق بولىدۇ، — دېدى بوۋاي، — بۇنى بىز خەيرلىك ئىشنىڭ باشلىنىشى دەيمىز. مەسىلەن، سەن ئۆمرۈڭدە تۇنجى قېتىم قارتا ئوينىساڭمۇ ئۇتۇۋېلىشىڭ مۇمكىن، چۈنكى ئامەت ھەمىشە باشلىغۇچىلارغا مەنسۇپ!

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيسىز؟

— چۈنكى تەقدىرنىڭ بۇيرىغان يولىدىن مېڭىش — ھاياتىڭنىڭ خاھىشى ۋە سەندىكى غالىبلىق ھېرىسىنى قوزغاتقۇچى دورا.





شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي قويلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى ۋە بىرسىنىڭ ئاقساۋاتقانلىقىنى سەزدى. پادىچى بۇنىڭ كارى چاغلىقلىقىنى، بۇ قوينىڭ پادىدىكى ئەڭ ئەقىللىك ۋە كۆپ يۇڭ بېرىدىغان قويلۇقىنى چۈشەندۈردى.

— خوش، ئەمدى ۋەدە بويىچە خەزىنىنى قەيەردىن ئىزدەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرىڭ.

— مىسىردىن، ئېھراملار يېنىدىن.

سانتىياگو ئىسەنگىرەپ قالدى، سىگان كەمپىرمۇ شۇنداق دېگەن، لېكىن ھەققىگە ھېچنېمە ئالمىغانىدى.

— تەگرى بۇ دۇنيادىكى ھەربىر بەندىنىڭ يولىغا تۇرلۇك يول بەلگىلەرنى سېلىپ قويغان، ئاشۇ بەلگىلەرنى بايقاپ خەزىنىگە بارسەن، بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ بەلگىلەرنىڭ سەن ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى ھېس قىلىش ھەممىدىن مۇھىم.

سانتىياگو جاۋاب بېرىشكە ئۈلگۈرمىدى، ئۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كېپىنەك ئۇلارنى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ياشلىقىدا بوۋىسىدىن كېپىنەكنىڭ ئامەت تىمسالى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. ئىسىدە قېلىشىچە، يەنە قارا چېكەتكە، پاتمىچۇق ۋە تۆت قۇلاقلىق بەدەلەرمۇ ئامەت ئەلچىلىرى ئىكەن.

— شۇنىڭغا، بوۋاڭ توغرا ئېيتقان، ئەنە شۇلار يولۇڭدا ئادىشىپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن ئۈچرايدىغان ئالامەتلەر، — دېدى بوۋاي سانتىياگونىڭ خىياللىرىغا جاۋابەن.

بوۋاي شۇنداق دەپلا يەكتىكىنىڭ ياقىسىنى قايرىپ، كۆكسىنى ئاچتى. ھەيران بولغان سانتىياگو تۇنۇگۇن پارقىراپ كۆزلىرىنى تورلاشتۇرغان ھېلىقى نەرسىنى ئەسلىدى، بوۋاينىڭ قىممەتلىك تاشلاردىن كۆز سېلىنغان ئالتۇن زەنجىرنى بوينىغا ئېسىۋېلىشى

بىكار ئەمەستى، ئۇ ھەقىقەتەن پادىشاھ بولسا كېرەك، قاراقچىلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن پۇقراچە كىيىنىۋالغان بوۋاي ئالتۇن زەنجىرىدىكى ئاق ۋە قارا تاشلارنى ئېلىپ سانتىياگوغا ئۇزاتتى:

— ئالغىن، بۇ تاشلار «ئۇرىم» ۋە «تۇمىم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاق تاش «ھەئە»، قارا تاش — «ياق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلارنى پەرقلەندۈرەلمىگەن چاغدا سورىساڭ جاۋاب قايتۇرىدۇ. قىسقىسى، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بوۋاي، — بىر قارارغا كېلىشىڭ كېرەك، خەزىنىنىڭ ئېھراملار يېنىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتۇم، ئالتە قويۇڭنى توغرا قارارغا دەۋەت قىلغىنىمنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئالىمەن.

پادىچى تاشلارنى قاپچۇقىغا سالدى ۋە پەرۋەردىگارغا تەۋەككۇل قىلىپ، قەتئىي بىر قارارغا كەلمەكچى بولدى.

— بىلىشىڭ كېرەككى، — دەپ يەنە سۆز باشلىدى بوۋاي، — ئالەمدىكى ھەممە نەرسە بىر پۈتۈن، بەلگە - ئالامەتلەرنىڭ سۆزلەيدىغانلىقى ئېسىڭدە بولسۇن، بۇنىڭدا ئەڭ ئاساسلىق ئامىلنىڭ سەن ئۆزۈڭ ئىكەنلىكىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇما ۋە تەقدىرنىڭ بۇيرۇقى يولىدىن ئاخىرغىچە مېڭىشقا قەسەم قىل، دىققەت قىلىپ ئاڭلا، تۆۋەندە سۆزلەپ بەرمەكچى بولغان رىۋايىتىمنى:

بىر سودىگەر بەختنىڭ سىر - ھېكمىتىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئوغلىنى ئەڭ ئۇلۇغ دانىشمەننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپتۇ، ئوغۇل قىرىق كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر تاغ چوققىسىدىكى قەسىرگە يېتىپ كەپتۇ، چۈنكى دانىشمەن ئاشۇ قەسىردە ياشايدىكەن.

ئوغۇل قەسىرگە كىرىپ ئويلىمىغان ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ، قەسىر ئۆزلەتتىكى تەقۋادارنىڭ خىلۋەتخانىسى ئەمەس، بەلكى

ئادەملەر بىلەن لىق تولغان دەرگاھ ئىكەن. سودىگەرلەر ئۆز ماللىرىنى ماختاپ ئۇياق - بۇياققا يۈرۈشسە، ھەر تەرەپتە ئادەملەر توپ - توپ بولۇپ پاراڭلىشار، ھاپىزلار سازلىرىنى ئەڭ مۇڭلۇق ئاھاڭلارغا مەرغۇللىتار ئىكەن، يەنە تېخى مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدىكى داستىخانغا دۇنيادىكى ئەڭ تاتلىق نازۇ - نېمەتلەر تىزىلغانمىش.

دانىشمەن بولسا مېھمانلار بىلەن ئالدىرىماي سالام - سائەت قىلىشىدىكەن، ئوغۇلنىڭ نۆۋىتى كەلگۈچە ئىككى سائەت ئۆتۈپتۇ ۋە ئاخىرى ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپتۇ. ئەمما بەختنىڭ سىرىنى - ھېكمىتىدىن مەلۇمات بېرىشكە ھازىر ۋاقتىنىڭ يوقلۇقىنى، ئوغۇلغا ئالدى بىلەن قەسىرنى زىيارەت قىلىشنى، نەچچە سائەتتىن كېيىن مېھمانخانىدا كۆرۈشۈش تەكلىپىنى بېرىپتۇ ۋە:

— ساڭا يەنە بىر تاپشۇرۇقۇم بار، — دەپتۇ ئوغۇلغا ئىككى تامچە ياغ تېمىتىلغان قوشۇقنى سۇنۇۋېتىپ، — ئېسىڭدە بولسۇنكى، قوشۇقنى كۆتۈرۈپ يۈرگىنىڭدە ياغنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلغايسەن.

ئوغۇل ئىككى تامچە ياغ ئېلىنغان قوشۇقنى كۆتۈرۈپ خېلى ۋاقىت قەسىرنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن چىقىپ چۈشۈپ دېگەندەك زىيارەت قىپتۇ، كېيىن دانىشمەن بىلەن كېلىشكەن جايدا كۆرۈشۈپتۇ.

— خوش، ئۇنداقتا مېھمانخانامدىكى ئىرانىي گىلەملەر قانداقكەن؟ قولى گۈل باغۋەنلەر تالاي يىللار قان - تەر تۆكۈپ ئۆستۈرگەن بېغىمدىكى گۈللەر ۋە دەرەخلەرنى ياقتۇردۇڭمۇ؟ كۇتۇپخانامدىكى قىممەتلىك قولىيازمىلار، تېرە بىتىكلەرنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سوئال قويۇپتۇ دانىشمەن بالىغا.

ئوغۇل پۈتۈن دىققىتىنى ئىككى تامچە ياغنىڭ تۆكۈلۈپ

كەتمەسلىكىگە قارانقاچقا، بۇ ئاجايىباتلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتىپ، خىجىلچىلىق ھېس قىپتۇ. دانىشمەن ئېيتىپتۇ:

— ئارقاڭغا قايت ۋە قەسىرىمدىكى بارچە مۆجىزىلەرنى باشقىدىن كۆرۈپ چىق، ئادەملەرنىڭ قەيەردە ۋە قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىشەنگۈلۈك ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن ئوغۇل قوشۇقنى كۆتۈرۈپ، دەھلىزە ۋە خانىلارنى بويلاپ قەسىرنى زىيارەت قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، بۇ ھەشەمەتلىك سارايىنى بېزەپ تۇرغان ئاسارە ئەتىقىلەر ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنى تاماشا قىپتۇ، گويا تىرىكتەك سۈرەتلەر ۋە ھەيكەللەرگە مەھلىيا بوپتۇ، قەسىرنى ئوراپ تۇرغان باغ ۋە باغنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلار ئۇنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپتۇ، دانىشمەننىڭ قېشىغا قايتىپ كىرگەندە، ئۇلار ھەققىدە ھاياجانلىنىپ سۆزلەپتۇ:

— ياخشى، — دەپتۇ دانىشمەن، — ئۇنداقتا تۆكۈۋەتمەي ئېلىپ كېلىشىڭ كېرەك بولغان ئىككى تامچە ياغنى كۆرسەت.

ئوغۇل شۇ چاغدا ئېسىگە كېلىپ قارىسا، قوشۇقتىكى ياغدىن ئەسەرمۇ قالمىغان.

— ساڭا بەرمەكچى بولغان مەسلىھەتىمنىڭ ھېكمىتى دەل شۇنىڭدا ئىدى، — سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ دانىشمەنلەر داناسى، — ئالەمنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە گۈزەللىكىنى بىر پۈتۈن ھېس قىلىش — مانا بۇ بەختنىڭ سىرىئەسرارى، شۇنداق ئىكەن قوشۇقتا ئىككى تامچە ياغنىڭ بارلىقىنى ئەسلا ئۇنتۇماسلىقىڭ كېرەك ئىدى.

سانتىياگو رىۋايەتنى ئاڭلاپ ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇردى، بوۋاينىڭ بۇ ئارقىلىق نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنىمۇ چۈشەندى، پادىچى دۇنيا كېزىشنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ قويلىرىنى زادىلا ئۇنتالمايتتى.

شاھ مەلىكىسىدىق سانتىياگوغا دىققەت بىلەن قارىدى ـ دە، ئىككى قولىنى گىرە قىلىپ ئېگىز كۆتۈردى ۋە پادىچىنىڭ بېشى ئۈستىدە سىرلىق بىر ھالەتتە ئايلاندۇردى، كېيىن ئالتە قوينى ھەيدەپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

بىر زامانلار مەۋرىلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان قەدىمىي قەلئە گويا مۆجىزە سۈپىتىدە تەرىپ شەھىرىگە سالاپەت بېغىشلاپ تۇراتتى، ئەگەر قەلئە مۇنارىغا چىقىپ يىراققا نەزەر تاشلىسا، ئاقبالداق ساتقۇچىنىڭ كۆچمە دۇكىنىنى ئايلىنىپ يۈرگەن مەيدان خۇددى ئېگىزلىككە جايلاشقاندەك ئېنىق كۆزگە تاشلىناتتى. ھەتتا يىراق ئۇپۇقتىن بەزىدە ئافرىقا ساھىللىرىنى كۆرگىلى بولاتتى، شۇ كۈنى سەلىم شاھى مەلكىسىدىق يۈزىنى كۈن چىقىش شامىلىغا تۇتقۇنچە، قەلئە تېمى ئۈستىدە ئولتۇردى، قويلار بولسا تەقدىرىدە ئۈشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشكە ماسلىشالمىغاندەك، يېڭى خوجايىندىن يىراقتا توپلىشىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇلارنى بۇرۇنقىدەك پەقەت بىرلا نەرسە — قورساق تويغۇزۇشلا قىزىقتۇراتتى.

يولغا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان كېمىگە قاراپ تۇرغان مەلكىسىدىق پادىچى بالىنى قايتا كۆرەلمەسلىكى ھەققىدە ئويلاپ قالدى، ئىبراھىم بىلەنمۇ شۇنداق بولغان ئىدى، ئىش ھەققى ئۈچۈن ئوندىن بىر ئۈلۈش ئالغان ئاشۇ بالىنىمۇ قايتا

ئۇچراتمىغانىدى.

مويسىپىتلاردا ئارزۇ ـ ھەۋەس بولماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ پانىي دۇنيادىكى مەنزىللىرى ئازايغان بولىدۇ. شۇڭا قارىماستىن، مەلىكىسىدىق سانتىياگو ئىسىملىك بۇ پادىچى بالىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

«ئەپسۇسكى، ئۇ ئىسمىمنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنتۇغان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئۆزۈم ھەققىدە پادىچىغا قايتا ئەسكەرتىشىم كېرەك ئىدى، ياخشىسى ئۇ مەندىن باشقا بىر قېرىنى ‹سەلىم شاھى مەلىكىسىدىق› دەپ بىلىۋالسا، ئېسىدىن چىقماسلىقىم مۇمكىن» دەپ ئويلىدى بوۋاي.

ئۇ كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكتى ۋە بىر ئاز خىجالەت بولغاندەك قىياپەتتە:

— ئەي پەرۋەردىگار، بىلىمەن، سېنىڭ نەزەرىڭدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈنچى ۋە بىھۇدە. لېكىن، بۇ ياشانغان پادىشاھىڭمۇ نېمىشقىكىن ئۆزىدىن پەخىرلەنگۈسى كېلىدىغان چاغلىرى بولىدىكەن، — دەپ پىچىرلىدى.

«ئافرىقا ھەقىقەتەن سىرلىق ماكان ئىكەن» دەپ ئويلىدى سانتىياگو.

ئۇ كىچىكرەك بىر ئاشخانىغا كىردى، چايخانىغا ئوخشايدىغان بونداق جايلار مەزكۇر شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى، بىرنەچچە ئادەم قورسىقى يوغان ۋە نەيچىسى ئۇزۇن چىلىمنى قولمۇقول تۇتۇپ، نۆۋەت بىلەن تارتىشاتتى. ھازىرغىچە ئۇ نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى كۆردى. مەسىلەن، قول ساتقۇچى ئەركەكلەر، يۈزلىرى پۈركەلگەن ئاياللار، ئېگىز پەشتاقتا چىقىپ بار ئاۋازى بىلەن ئەزان توۋلىغان مەزىنلەر، بولۇپمۇ ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تۇشمۇتۇشتىن چىققان ئادەملەرنىڭ تېز چۆكۈپ، پېشانىلىرىنى يەرگە يېقىشلىرى ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

سانتىياگو «مۇسۇلمانلار ياشايدىغان يەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئاجايىپ ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۆزىچە. ئۇ بالىلىقىدا يېزىسىدىكى چېركاۋدا ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ

رەسمىنى كۆرگەن. بىردىنلا پادىچىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى ۋە ئۆزىنى دۇنيادا يېگانە قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە يولغا چىقىش ئالدىراشلىقىدا، بىر ئىشقا تازا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ تىل بىلمەسلىكى خەزىنە يولىنى تېپىشقا توسالغۇ بولاتتى. چۈنكى، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب تىلىدا سۆزلىشەتتى.

ئاشخانا خوجايىنى سانتىياگونىڭ ئالدىغا كېلىپ نېمە يەيدىغانلىقىنى سورىدى، سانتىياگو يېنىدىكى ئۈستەلدە كىشىلەر ئىچىۋاتقان نەرسىدىن كەلتۈرۈشنى ئىشارە بىلەن چۈشەندۈردى. بۇ ئاچچىق دەملەنگەن چاي بولۇپ، سانتىياگو بۇنىڭدىن سۇدىنىدىكى سۇنىڭ ياخشىلىقىنى ھېس قىلدى.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرزىمەس نەرسىلەر بولۇپ، پادىچى ئۈچۈن خەزىنە ۋە ئۇنىڭغا بارىدىغان يول ئۈستىدە ئويلاش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. ئۇ قويلىرىنى سېتىپ، ئانچە قىيىنالمايلا خېلى پۇل غەملىۋالدى، مانا بۇلار يانچۇقىدا تۇرۇپتۇ، پۇل دېگەن ئاجايىپ نەرسە، سانتىياگو ئۈچۈن ھازىر پۇل سېھرىي كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. پۇل بولسا ئادەم يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدىكەن، ئۇ يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئېھراملارنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئاجايىپ تۇم ۋە قۇياشتەك پارقىراپ تۇرىدىغان ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋالغان ئاقساقال بىرنەچچە قوينى دەپ ئۇنى ئالدىمىغانلا بولسا، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

ئاقساقال پادىچىغا بەلگە ـ ئالامەتلەر ھەققىدە سۆزلىگەن، سانتىياگومۇ بوغۇزدىن كېمە بىلەن ئۆتكۈچە شۇلار ھەققىدە ئويلىدى، ئەڭ مۇھىمى بەلگە ـ ئالامەتلەرنىڭ نېمە مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلىشتە، ئەندالۇسىيەنى كېزىپ يۈرگەندە، ئۇ يەر ۋە ئاسماندىكى تۈرلۈك ئالامەتلەرگە قاراپ قانداق قىلىشنى بىلىۋالغان ئىدى. قۇش قەيەردىدۇر مۆكۈنۈپ ياتقان يىلاندىن خەۋەر بېرىدۇ، بۇلۇتلار يېقىن يەردە بۇلاق ياكى دەريا بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ،

سانتىياگوغا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قويلار ئۆگەتكەن.

سانتىياگو «ھەممىگە تەڭرى رەھنامىلىق قىلىۋاتقان بولسا، ئەلۋەتتە مېنىمۇ يولۇمدىن ئازدۇرمايدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە بىر ئاز تىنچلاندى، ھەتتا چايمۇ ئاۋۋالقىدەك ئاچچىق تۇيۇلمىدى.

— بۇرادەر، نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟ — توساتتىن بىرسى سورىدى ئۇنىڭدىن ئىسپان تىلىدا.

سانتىياگو يەڭگىل نەپەس ئالدى، ئۇ ھەرخىل ئالامەتلەر ھەققىدە ئويلىنىشىۋاتقان ئىدى، مانا ئالامەتلەردىن بېشارەت كەلدى، ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلغۇچى ياۋروپاچە كىيىنگەن، ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك يىگىت ئىدى. پەقەت تېرىسىنىڭ رەڭگىلا ئۇنىڭ شۇ يەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ تۇراتتى.

— ئىسپانچىنى قەيەردىن ئۆگەنگەن؟ — سورىدى سانتىياگو.

— يەرلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ، بۇ يەردىن ئىسپانىيەگىچە ئىككى سائەتلىك يول.

— ئولتۇر، ماڭا مېھمان بول، ھەر ئىككىمىزگە ھاراق كەلتۈرسۇن، چاي ماڭا ياقمىدى.

— بۇ مەملىكەتتە ھاراق ئىچىشكە دىن يول قويمايدۇ، كېيىن سانتىياگو ئۇنىڭغا ئېھراملار يېنىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئۇ خەزىنە ھەققىدە سۆزلىمەكچى بولدىيۇ، تىلىنى چىشلىۋالدى. كىم بىلىدۇ، بۇمۇ ياردەملەشكىنىنىڭ ھەققى ئۈچۈن خەزىنىنىڭ بىر قىسمىنى تەلەپ قىلامدۇ تېخى! ئەينى ۋاقىتتا بوۋاينىڭ «ئۆزۈڭگە تەئەللۇق بولمىغان نەرسە ھەققىدە ۋەدە بەرمە» دېگەن نەسىھىتى ئېسىگە كەلدى.

— مېنى ئېھراملارغىچە باشلاپ بارالامسەن؟ ھەققىڭنى بېرىمەن.

— ئېھراملارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭ كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن بىپايان چۆل - جەزىرىلەردىن ئۆتۈش لازىم.

سانتىياگو ئاشخانا خوجايىنىنىڭ ئۆزلىرىگە سەل

يېقىنلىشىپ، گەپ تىڭشاۋاتقانلىقىنى سەزدى. گەرچە ئۇ ئاشخانىدا داۋاملىق ئولتۇرۇۋېلىشنى بىئەپ ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلۈكىدىن ئۇچراپ قالغان «يول باشلىغۇچى»نى قولدىن بېرىپ قويغۇسى كەلمەيۋاتاتتى.

— بۇنىڭ ئۈچۈن بىپايان سەھرايى كەبىرنى كېزىشكە توغرا كېلىدۇ، دېمەك كۆپ پۇل كېرەك، پۇلۇڭ بارمۇ؟ — سورىدى «يول باشچى».

سانتىياگو بۇ سوئالدىن ھەيران قالدى. شۇ چاغدا بوۋاينىڭ «ئەگەر سەن بىرەر نەرسىگە چىن دىلىڭدىن ئېرىشمەكچى بولساڭ، ئارزۇيۇڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن پۈتۈن ئالەم ياردەم قىلىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى يادىغا ئالدى ۋە يانچۇقىدىن پۇللىرىنى ئېلىپ، ئەرەبكە كۆرسەتتى. ئاشخانا خوجايىنى كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھېلىقى يىگىتكە ئەرەبچە بىر نېمىلەرنى دېدى، سانتىياگوغا نېمە ئۈچۈندۇر خوجايىن ئاچچىقلاۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— بۇ يەردىن چىقىپ كېتەيلى، ئۇ بىزنىڭ داۋاملىق ئولتۇرۇشىمىزنى خالىمايدىكەن، — دېدى ھېلىقى يىگىت.

سانتىياگو خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە چايىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەكچى بولۇۋېدى، ئاشخانا ئىگىسى ئۇنىڭ قولىغا مەھكەم يېپىشىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ سۆزلەپ كەتتى. سانتىياگو ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتەلەيتتى، ئەمما ئۇ ئۆزگە ئەلدە بولغاچقا، بۇنداق ۋاقىتلاردا قانداق قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى، بەختكە يارىشا ھېلىقى يىگىت ئاشخانا خوجايىنىنى يىراققا ئىتتىرىۋېتىپ، سانتىياگونى سىرتقا ئېلىپ چىقتى.

— ئۇ سېنىڭ پۇللىرىڭنى بۇلىۋالماقچى، تەنجەر ئافرىقىدىكى باشقا جايلارغا ئوخشىمايدۇ، بۇ يەر بىر پورت، پورتتا ئوغرىلار كۆپ بولىدۇ.

ماكانى دېگەنلىك، — دېدى يىگىت.

سانتىياگو مۇھىم پەيتتە ئەسقاتقانلىقى ئۈچۈن بۇ يىگىتكە

ئىشەنسەم بولىدىكەن، دەپ ئويلىدى ۋە يانچۇقىدىكى پۇللىرىنى ئېلىپ قايتا ساناشقا باشلىدى.

— تېزرەك ئېھرامغا سەپەر قىلىش ئۈچۈن ئىككى تۆگە سېتىۋېلىشىمىز كېرەك، — دېدى ئەرەب يىگىت ۋە سانتىياگونىڭ قولىدىن ھەميانىنى ئالدى.

ئۇلار تەنجەرنىڭ ھەر خىلماللار بىلەن تولۇپ كەتكەن دۇكان - پەشتاقلىق تار كوچىلىرىدىن تەستە ئۆتتى. بازار گويا قۇم دۆۋىسىدەك مىغ - مىغ ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ، كىشىلەر ئېلىپ، سېتىپ، ئۆزئارا سودىدا تالاش - تارتىش قىلاتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ، كىملەرنىدۇر چاقىرىش كۇلۇشلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مېۋە - چېۋە، سەي - كۆكتات، ھەر خىل رەڭدار يايمىلار بىلەن تولغان بازار قاينام - تاشقىنلىققا تولغان ئىدى. سانتىياگو كېتىۋېتىپ ھەمراھىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، چۈنكى پۇل قاپچۇقى ئۇنىڭدا ئىدى، ئۇ نەچچە قېتىم ھەميىنىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلىدى - يۇ، لېكىن بىھۆرمەتلىك بولمىسۇن دەپ قالدى. يەنە كېلىپ بۇ مەملىكەتنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى پادىچىغا ناتونۇش، «ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇنى يوقىتىپ قويمىساملا بولدى ئەمەسمۇ، دەپ خىيال قىلدى. سانتىياگونىڭ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت تۇرلۇك - تۇمەن بۇيۇملار دۆۋىسى ئىچىدىن بىر قىلىچقا كۆزى چۈشۈپ قالدى. قىنى كۇمۇشتىن، دەستىسى قىممەت باھا تاشلاردىن بېزەلگەن ۋە ھەللەنگەن بۇنداق ئېسىل قىلىچنى ئۇ مۇشۇ كەمگىچە كۆرمىگەنىدى. سانتىياگو مىسىردىن قايتقاندا، مۇشۇنداق قىلىچتىن بىرنى سېتىۋېلىشنى نىيەت قىلدى.

— قىنى سوراپ باقچۇ، قانچە پۇل ئىكەن؟ — دېدى ئۇ ھەمراھىغا بېشىنى كۆتۈرمەستىن. شۇ چاغدا ئۇ قىلىچقا قارايمەن دەپ بىر نەپەس ئەرەبتىن كۆزىنى ئۈزگەنىدى، سانتىياگونىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشتىن قورقتى. چۈنكى ئۇ كۆز ئوڭىدا يۈز بېرىدىغان مەنزىرىنى ئويلاپ





ماغدۇرسىزلىنىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئاخىرقى جۈرئىتىنى يىغىپ بېشىنى كۆتۈردى.

ئەتراپ قاينام تاشقىنلىققا تولغان. بازار رەستىسىدە چۇمۇلىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر، ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىنى چاقىرىشاتتى. قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ھاڭراشلىرى، بازارنى بىر ئالغانىدى. توپا ئۆرلەۋاتقان بوشلۇقتىن قانداقتۇر ھەرخىل تائاملارنىڭ ھىدى كېلەتتى، پەقەت بىرنەرسە — ئۇ بولسىمۇ ھېلىقى ئەرەب تەكتى ـ ئەسراغىمۇ ياكى ئەرشى ئەلاغىمۇ سىڭىپ كەتكەندەك يوقالغانىدى.

سانتىياگو دەسلەپتە قىزىقچىلىق قىلىپ بىر ـ بىرىمىزنى يوقىتىپ قويدۇق، دەپ ئۆزىنى ئىشەندۈردى ۋە جايىدا مىدىرلىماي تۇردى. بەلكى ئۇ قايتىپ كېلەر، لېكىن ئارىلىقتىن بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتكەنىدى، بىر ۋاقىتتا ئېگىز مۇنار ئۈستىگە بىر ئادەم چىقىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. شۇ زامان ھەممە تېز چۆكتى، پېشانىلىرىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، ئوخشاش ئاۋازدا توۋلاشتى، كېيىن ھەممە ئۆز جايلىرىغا قايتىشىپ، خۇددى يامغۇر ئالدىدىكى ئىشچان چۇمۇلىلەردەك نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، دۇكانلىرىنى تاقاشتى، بىردەمنىڭ ئىچىدە بازار تىمتاس بولۇپ قالدى.

قۇياش كەچكى شەپەقتە ئاناردەك قىزىرىپ، مەغرىپ تامان تېز چۆشۈپ كېتىۋاتاتتى، سانتىياگو ئۇزاققىچە كەچكى قۇياشقا قاراپ تۇردى، تاكى بازار مەيدانىنى قورشاپ تۇرغان ئاق ئۆيلەرنىڭ تاملىرى قارايغۇچە، ئۇ قۇياشتىن كۆز ئۈزمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ خىيالى دولقۇنلىناتتى، بۈگۈن ئەتىگەن قۇياش تۇغۇلۇكىدىن ماراۋاتقاندا، ئۇ تېخى باشقا مەملىكەتتە ئاتمىش قويى بار پادىچى ئىدى، تېخى

مەۋۇتچىنىڭ قىزى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارمان قىلغان، قۇياش بىلەن تەڭ پادىلىرىنى يايلاقۇا ئېلىپ چىققاندا، بۇگۇن قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئالدىن مەلۇم بولاتتى.

ئەمدى بولسا مۇشۇ بىر كۈننىڭ ئاخشىمى ئۇ باشقا مەملىكەتتە ئۆزگە يۇرتتا يوچۇن ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى، ھەتتا بۇ يەردىكىلەرنىڭ تىلىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئەمدى ئۇ پادىچى ئەمەس، ھەممە نەرسىسىدىن مەھرۇم قالغۇچى، ئۇ پۇللىرىنى يوقاتتى، جانجىگەر قويلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. دېمەك، بۇ ئەمدى ھەممىنى باشتىن باشلاش ئۇچۇن ئارقىسىغىمۇ قايتالمايدۇ، دېگەن گەپ.

سانتىياگو «بۇ كۆرگۈلۈكلەرنىڭ ھەممىسى قۇياش چىقىپ ئولتۇرغىچە ئارىلىقتا يۈز بەردى» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ھاياتىغا ئېچىندى، قىسقا ۋاقىتتا تەقدىرىدە يۈز بەرگەن بۇنداق ئاسمان ـ زېمىن ئۆزگىرىشلەرگە ھەقىقەتەن ئىشەنگۈچى كەلمەيتتى.

ئۇنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىغۇسى كەلدى، لېكىن ئەتراپىدىكىلەردىن ھېيىقىپ يىغلىيالمىدى، ئۇ ھەتتا قويلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ خىجىل بولۇپ، يىغلىيالمايتتى. ئەمدى ئۇ نېمە قىلسۇن! بازار قۇپقۇرۇق، ۋەتىنىدىن يىراقتىكى بىر نۇقتىدا يىگىنىدەك يالغۇز تۇرۇپتۇ. سانتىياگو ئاقىۋەت پارتلاپ يىغلاپ تاشلىدى، ئەجەبا پەرۋەردىگار ئۆز چۈشىگە ئىشەنگەنلەرگىمۇ مۇشۇنداق ئادالەتسىزلىك قىلامدىكىنە!

بالىنىڭ خىيالى بارغانچە چىگىلىشىپ كەتتى، «قوي باققان ۋاقىتلىرىمدا خۇشال ئىدىم ۋە ئەتراپقا بەخت ھېدىنى تارقىتاتتىم، مەن ھۇزۇرىغا بارغان ئادەملەر قۇۋىناتتى ۋە مېنى ئەزىز مېھماندەك كۈتۈۋالاتتى. ھازىر دەرتمەن بەختسىزگە ئايلاندىم، نەگە بېرىپ قانداق قىلىشىمنىمۇ بىلمەيمەن، بىر ئادەم مېنى ئالدىغىنى ئۈچۈن ئەمدى ھەممە نەرسىگە شۈبھە بىلەن قارايمەن، بەلكىم گۇمانخور،





ياۋۇز ئادەمگە ئايلىنىشىم مۇمكىن. كىمنىكى خەزىنىنى تاپسا، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن، چۈنكى ماڭا نېسىپ قىلىنمىغان نەرسە باشقىلارغىمۇ تېگىل بولماسلىقى كېرەك. كېيىنچە ئۆزۈمدىكى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە يېپىشىپ ياشايمەن، سەۋەبى، ئۇلار مېنى دۇنياغا گۆدەكلەرچە ئىنتىلىدىغان سەممىي قەلبتىن، قۇۋۋەتتىن مەھرۇم قىلىپ، ئاجىز، ناتىۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويدى».

ئۇ يېگۇدەك بىرەر بۇردا نان ۋە ئازراق سېرىق ماي چىقىپ قالسىكەن، دېگەن ئۇمىدتە بوغچىسىنى ئاختۇردى، لېكىن ئۇنىڭدىن قېلىن كىتابى، چاپىنى ۋە بوۋاي بەرگەن ئىككى دانە تاش چىقتى. بۇلارنى كۆرۈپ سانتىياگو ئالەمچە خۇشال بولۇپ كەتتى، نېمىلا بولسا ئالتە قوينىڭ بەدىلىگە بوۋاي بەرگەن قىممەت باھالىق تاشلار بولسىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنى ساتسا يەنە ئىشىنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى! يەنە بېلەت سېتىۋېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەتسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

«ئەمدى ھوشۇمنى يىغىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ بوغچىسىدىكى تاشلارنى يانچۇقلىرىغا يوشۇرۇۋېتىپ. چۈنكى بۇ دېگەن ئۆتەڭ شەھەر، ئۆتەڭ، ھېلىقى قويمىچى ئەرەب ئېيتقاندەك ئالدامچىلار ماكانى، دېگەن گەپ. سانتىياگو ئاشخانا خوجايىنىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېلىقىدەك قىلغانلىقىنى بارغانسېرى چۈشەنگەندەك بولدى. ئەسلىدە ئۇ سانتىياگوغا ئېھتىيات قىلىشنى ئەسكەرتمەكچى ئىكەن، لېكىن ئالدامچى ئەرەب ئىشىنىڭ چېنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى تارتىپ ئاشخانىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟

«باشقىلار قانداق بولسا، مەنمۇ شۇنداقمەن، ئارزۇلىرىمنى ھەقىقەت دەپ بىلىمەن، دۇنيانىڭ ئۆز پېتىچە ئەمەس، بەلكى

تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك بولۇشنى خالايمەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى سانتىياگو.

ئۇ يەنە تاشلارنى قولىغا ئېلىپ قارىدى، ئاستا سىلىۋېدى، تاشلار ئۇنىڭغا ئىسسىقتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مانا بۇنى ھەقىقىي خەزىنە دېسە بولىدۇ، چۈنكى تاشلارنىڭ ئىچىدىكى رەڭلىك دۇنياغا سىنچىلاپ قارىغانسېرى ئۆزۈڭنى شۇنچە ئارامبەخش ھېس قىلىسەن!

تاشلار سانتىياگوغا بوۋاينى ئەسلەتتى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا بوۋاينىڭ «ئەگەر سەن بىرەر نەرسىگە چىن دىلىڭدىن ئىخلاس قىلساڭ، ئارزۇيۇڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن پۈتۈن ئالەم ياردەم قىلىدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئەكس سادا قوزغىدى. بۇنىڭ ھەقىقەتلىكىگە سانتىياگونىڭ ئىشەنگۈسى كېلەتتى، لېكىن ھازىر ئۇ يانچۇقىدا بىر پۇلى يوق، بازار مەيدانىدا قاقشان قوزۇقتەك تۇرۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ خىيالىدىن يالت ـ يۇلت قىلىپ ئۆتكەن بىر كۆن ئاۋۋالقى شۇنداق ۋاقىتلاردا قويلارنى قەيەردە تونەتسەم بولار دېگەندەك ئەسلىمىلەر ئۇنى قۇۋاندۇردى.

يەنە كېلىپ قولىدىكى قىممەت باھالىق تاشلار ئۇنىڭ يېقىندا شاھ بىلەن ئۇچراشقانلىقىنىڭ گۇۋاھى ئىدى. بوۋاي سانتىياگونىڭ ھاياتىغا دائىر ھەممە نەرسىنى بىلەتتى، ھەتتا ئاتىسىنىڭ مىلتىقىنى ئوغرىلىقچە ئالغانلىقىنى، ئۇ ھاياتىدا يولۇققىدىغان تۇنجى قىز قاتارلىقلارنى ھەم...

ئۇ بوۋاينىڭ «تاشلار ئالامەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇقالماي قالغىنىڭدا ساڭا ياردەم بېرىدۇ، بۇلار ئۆرىم ۋە تومىم دېيىلىدۇ» دېگەنلىرىنى ئەسلىدى.

سانتىياگو ئۇلارنى يانچۇقىدىن ئېلىپ، يەنە خالتىسىغا سالدى ۋە سىناپ كۆرمەكچى بولدى. بوۋاي يەنە ئۇنىڭغا «سوئاللىرىڭ ئېنىق بولسۇن، تاشلار ئۆزى ئىزدەۋاتقان نەرسە ھەققىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىلا ياردەم بېرەلەيدۇ» دېگەنىدى، ئۇ





بوۋاينىڭ ئاق تىلىكىنىڭ ھازىرمۇ ئۆز روھىنى يۆلەۋاتقانلىقى ھەققىدە سورىغاچ قولىنى خالتىدىن چىقاردى.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى تاشلار.

— خەزىنىنى زادى تاپالايمەنمۇ؟ — يەنە سورىدى سانتىياگو.

ئۇ قولىنى خالتىغا تىقتى ۋە تاشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ جاۋاب ئالماقچى بولدى، ئىككىلا تاش خالتا تۆشۈكىدىن چۈشۈپ كەتتى، ئاجايىپ ئىش، سانتىياگو خالتىدا تۆشۈك بارلىقىنى زادى سەزمىگەن ئىكەن، ئۇ تاشلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئېگىلىشكەندە بوۋاينىڭ «ئالامەتلەرنى بىلىش ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىش ئادىتىنى يېتىلدۈر» دەپ تاپىلىغانلىقى ئېسىگە كەلدى.

— ئاجايىپ ئىشتە بۇ، — دەپ پىچىرلىدى سانتىياگو ئۆز - ئۆزىگە ۋە كۈلۈپ كەتتى.

كېيىن تاشلارنى تېرىپ خالتىسىغا سالدى، لېكىن خالتىنىڭ تۆشۈكىنى ياماشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى، چۈنكى ئۇ تاشلار خالىسا ھەرقانداق ۋاقىتتا سىرتقا چىقىپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ قارىدى. شۇڭا ئۇ تەقدىرنىڭ بۇيرۇقىدىن قاچماسلىق ئۈچۈن ياخشىسى بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكنى قارار قىلدى. «ئىشلىرىم ھەققىدە ئۆزۈم قارار چىقىرىمەن» دەپ بوۋايغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلەپ سەل ئۈمىدلەندى ئۇ.

لېكىن بۇ تاشلار پادىشاھ بوۋاينىڭ سانتىياگو بىلەن تىلەكداش ۋە ھەمنەپەسلىكىدىن دالالەت بەرگەندە ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى يەنىمۇ ئاشاتتى. بالا كۆز ئالدىدىكى قالايمىقان قورۇق مەيدانغا نەزەر تاشلىدى، ئەمدى ئۇ ئۈمىدسىزلىك قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىققاندەك بولدى، قارشىسىدىكى دۇنيا ئۇنىڭغا تامامەن يوچۇن ئەمەس، سەل تونۇشتەك كۆرۈندى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىستىكى جاھان كېزىش ئىدى. مۇبادا سانتىياگونىڭ تەقدىرىگە ئېھراملارغىچە بېرىش پۈتۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق باشقا

ھەرقانداق پادىچىدىن بىلىملىك ھېسابلىناتتى.

«بار ــ يوقى ئىككى سائەتلىك يولدىن كېيىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ قېلىشىمنى بىلگىنىمدە ئىدى..» دەپ خىيال قىلدى يىگىت.

سانتىياگونىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى بىر دۇنيا خۇددى كۆز ئالدىدىكى جانسىز مەيداندەك يېيىلىپ ياتاتتى، ئەمما بۇ مەيداندا ھايات قايناۋاتاتتى. ئۇ بۇنى مەڭگۇ ئۇنتۇمايدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆيىدا قىلىچ گەۋدىلەندى، ئەلۋەتتە ئىككى مىنۇتلۇق مەھلىيالىق ئۈچۈن ئۇ ئېغىر بەدەل تۆلىدى، لېكىن بۇنداق قىلىچنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەمما، ئۇ توساتتىن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىكى، دۇنياغا ياۋۇزلار ۋە ئالدانغانلارنىڭ بەختسىز كۆزى بىلەنمۇ، خەزىنە ئىزلىگۈچى تەۋەككۈلچىلەرنىڭ جەسۇر نىگاھى بىلەنمۇ قاراش مۇمكىن ئىكەن.

ــ شۇنداق، مەن خەزىنىنىڭ ئارقىسىدىن بارغۇچى بۇ يولدا نۇرغۇن ئاجايىباتلارنى باشتىن كەچۈرگەن تەۋەككۈلچى بولۇشۇم كېرەك، ــ دەپ غودۇڭشىدى ئۇ ئۆيىقۇ قۇچىقىغا ئەسىر بولۇۋېتىپ.

ئۇنىڭ بېقىنىغا كىمنىڭدۇر پۇتى خېلىلا چىڭ تەگكەچ ئويغىنىپ كەتتى، سانتىياگو قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇنىگەن بازارنىڭ چوڭ مەيدانىدا يەنە ئادەملەر كۆپىيىشكە باشلىدى.

ئۇ ئادىتى بويىچە ئۇيقۇچىلىقتا قويلىرىغا قارىماقچى بولدى ۋە تاڭ سالقىنىدا مېڭىسى بىردىنلا ئېچىلىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى دۇنيادا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. سانتىياگو غەمكىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇ قورساق تويدۇرىمەن دەپ بىتىنىم يۈرمەيدۇ، خەزىنىلەرگە قاراپ ئاتلىنىدۇ! چۆنتىكىدە بىر تىيىنى بولمىسىمۇ، ئەمما ھاياتقا نىسبەتەن ئىشەنچى بار، ئۇ كېچە ئۇزاق ئويلاپ ئۆزىگە تەۋەككۈلچىلىك تەقدىرىنى تاللىدى. ئۇ تەسەۋۋۇرىدا كىتابلاردا ئوقۇغان قەھرىمانلاردەك بولماقچى ئىدى.

سانتىياگو ئاستا قەدەملەر بىلەن مەيداننى ئايلىنىپ ئۆتمەكچى بولدى، سودىگەرلەر دۇكان ۋە يايمىلىرىنى ئېچىشماقچىدى. ئۇ تاتلىق ـ تۈرۈملەر ساتقۇچىنىڭ دۇكىنىنى رەتلەپ، نەرسىلىرىنى يېيىشىغا ياردەملەشتى.

پىشۇرۇق ساتقۇچى تەبەسسۇم قىلدى، ئۇ ھاياتىدىن مەمنۇن ئىدى، چۈنكى نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ يېڭى مېھمانغا كۆڭۈل ئاچماقچى بولۇپ، بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرىشنى بولماسلىق نەزەرىيىسى دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى بىلىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ جىلمىيىشلىرى پادىچى بالىغا سىرلىق شاھ مەلكىسىدىقنىڭ تەبەسسۇمىنى ئەسلەتتى.

سانتىياگو «بۇ ئادەم تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى دۇنيا كېزىش ياكى مەۋۇتچىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن پىشۇرۇۋاتقىنى يوق. مۇھەـ مى قىلىۋاتقان ئىشىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن» دەپ ئويلىدى. قارىماققا مەلكىسىدىققا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئۆز نىشانىغا نەقەدەر يېقىن ياكى يىراقلىقىنى پەرەز قىلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنىمۇ چۈـ شەندى. «بۇ شۇنچىلىك ئاددىي ئىكەنكى، بۇرۇن نېمە ئۈچۈن چۈـ شەنمىگەنلىكىمگە ھەيرانمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

سايىلىقنى تارتىپ ئورنىتىشقا ياردەملەشكەنلىكى ئۈچۈن، سودىگەر ئۇنىڭغا تۇنجى پىشۇرۇلغان بوغۇرساقتىن تۇتتى، سانتىـ ياگو بوغۇرساقنى ئىشتىھا بىلەن يېدى، رەھمەت ئېيتتى ۋە يولىغا راۋان بولدى. لېكىن ئۇ تۇساتتىن ئۇلار سايىلىقنى ئورنىتىۋاتقاندا پىشۇرۇقچى ئەرەبچە، سانتىياگو ئىسپانچە سۆزلەپمۇ بىر ـ بىرىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئەسلەپ قالدى.

«دېمەك، شۇنداق بىر تىل باركى، ئۇ سۆزلەرگە باغلىق ئەـ مەس، مەن شۇ تىلدا قويلىرىم بىلەن گەپلىشەتتىم، ئەمدى ئادەمـ لەردە سىناپ كۆردۈم» دەپ ئويلىدى يىگىت.

سانتىياگونىڭ نەزىرىدە بۇ پادىشاھ بوۋاينىڭ «بارلىق — بىر پۈتۈنلىكتۇر» دېگىنىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

سانتىياگو ئالامەتلەرنى نەزەردىن قاچۇرماسلىق ئۈچۈن تەنجەر كوچىلىرىنى ئالدىرىماي ئايلىنىپ چىقىشنى قارار قىلدى. ئۇ سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشنى ئۆمىد قىلاتتى، سەۋرچانلىق خەيرلىك ئەمەل، بالا يەنە قويلاردىن ئۆگىنىۋالغانلىرىنىڭ ھازىرقى يېڭى تۇرمۇشىدا ئەسقېتىپ قالىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇردى. مەلكىـ سىدىقنىڭ ھېكمەتلىرى سانتىياگونىڭ خاتىرىسىگە مەھكەم ئورـ ناشقان ئىدى.

فارفور قاچىلار سودىگىرى ھەر تاڭ ئۆزىنى چىرمىۋالىدىغان مەيۈسلۈك كەيپىياتى بىلەن يېڭى بىر كۈننىڭ ئالەمگە يېيىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ مانا شۇ تار كوچىدىكى خېرىدار كەمدىن كەم باش تىقىدىغان دۇكاندا ئولتۇرغىنىغا نەق 30 يىل بولدى، ئەمدى ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بىرەر نەرسىنى ئۆزگەرتىشنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتكەندى. چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن بىلىدىغىنى پەقەتلا ئەنە شۇ خىرۇستال قاچىلارنى سېتىش، بىر ۋاقىتلاردا، بۇ دۇكاندىن پۇلدار ئەرەب سودىگەرلىرى، ئىنگلىز، فىرانسۇز كانچىلىرى ۋە گېرمان ئەسكەرلىرىنىڭ قەدىمى ئۈزۈلمەيتتى، شۇ زاماندا فارفور قاچا سېتىش ئەڭ پايدا ئېلىپ كېلىدىغان سودىلارنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ بىردىنلا بېيىپ كېتىشنى، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا بولسا گۈزەل خوتۇنلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، ھاياتىنى بېزەشنى ئارزۇ قىلاتتى.

لېكىن زامان ئۆزگىرىپ، شەھەرمۇ بۇرۇنقى ئاۋاتلىقىنى يوقاتتى، كېيىن تەنجەر يېنىدىكى سېئۇتا شەھىرى تېز

راۋاجلىنىپ، سودا مەركىزى شۇ ياققا يۆتكەلدى. ھەقەمساپە سودىگەرلەرمۇ كۆچۈپ كېتىپ، پەقەت كوچىنىڭ تۆۋىنىدە بىرنەچچىلا دۇكان قالغان، خېرىدارلارنىڭ نەزەرىدە بۇ دۇكانلارغا قەدەم بېسىش گويا تاغقا چىقماقتىنمۇ قولايسىز ئىدى.

ئەمما، چىنە ـ قاچا سودىگىرىنىڭ بۇ يەردە قالماسلىقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. ئۇ ئوتتۇز يىل فارفۇر ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللاندى، شۇڭا كېيىنكى ھاياتىدا باشقا بىر ئىش تەۋرىتىشنىڭ كويىغا چۈشمەن، دېگەن بىلەن ئۆلگۈرمەيتتى.

ئۇنىڭ ئەتىگەنلىك ۋاقتى ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان يولۇچىلارنى ئۇزىتىش بىلەن ئۆتتى، سودىگەرگە بۇ خىل مۇھىت ۋە بۇ كوچىدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ ھاياتى كۆپ يىللاردىن بېرى بەش قولدەك تونۇش ئىدى. چۈشكە يېقىن سودىگەر دۇكان ئىشىكى ئالدىدا رەتلىك كىيىنگەن بىر بالىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، دۇكاندار بىر قاراپلا بالىنىڭ يەرلىك ئەمەسلىكىنى، ھاجەتمەن ساياھەتچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ قورسىقى ئېچىپ كەتسىمۇ، بالا دۇكاندىن كەتمىگۈچە چۈشلۈك غىزا يېمەسلىكنى ئويلىدى، دۇكان ئىشىكىگە بولسا چەت تىللاردىمۇ سۆزلەپ سودا قىلسا بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىلدۈرگۈ يېزىلغانىدى. سانتىياگو دۇكان خوجايىنىنىڭ پوكەي يېنىغا كەلگەنلىكىنى كۆردى ـ دە:

— پىيالىڭىزنى يۇيۇپ بەرسەم بولامدۇ، بۇنداق تۇرسا ھېچكىم سېتىۋالمايدۇ، — دەپ سوراپ قالدى.

خوجايىن جاۋاب بەرمىدى.

— ماڭا پەقەت يېگۈدەك بىر نەرسە بەرسىڭىزلا بولىدى، — قوشۇپ قويدى سانتىياگو. خوجايىن لام ـ جىم دېمەي بالىغا قاراپ تۇرىۋەردى، سانتىياگو جانلىق ھەرىكەت قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى پەملىدى، ئۇنىڭ خالتىسىدىكى چاپىنىنىڭ بۇ سەھرادا لازىمى يوق ئىدى. شۇڭا دەرھال چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن پىيالىلەرنى سۈرتۈشكە باشلىدى، تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن

كېيىن پىيالىلەر پارقىراپ كەتتى، شۇ ئارىلىقتا ئىككى خېرىدار كىرىپ، خىرۇستال بۇيۇملاردىن سېتىۋالدى.

سانتىياگو ئىشنى تۈگىتىپ بولۇپ، خوجايىنىدىن يېگۈدەك نەرسە سورىدى.

— قېنى مەن بىلەن ماڭ، — دېدى خوجايىن.

كېيىن ئىشىككە «چۈشلۈك دەم ئېلىش» دېگەن تاختاينى ئېسىپ قويۇپ، سانتىياگونى كوچىنىڭ يۇقىرىسىدىكى كىچىكرەك ئاشخانىغا باشلاپ كىردى، ئۇلار خېرىدارسىز ئاشخانىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇشتى.

ئازراق سۈكۈتتىن كېيىن فارفۇرچى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەمەلىيەتتە چىنە ـ قاچىلارنى سۈرتۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، «قۇرئان كەرىم» دە ئاچ قالغان ئادەمنى تويدۇرۇش ساۋاب دەپ بۇيرۇلغان.

— ئۇنداقتا مېنى نېمىشقا توسمىدىڭىز؟

— پىيالىلەرنىڭ كىرلىشىپ كەتكىنى راست، شۇنداقتىمۇ ھەر ئىككىمىز ئۆزىمىزنى مەينەت نەرسىلەردىن خالىي تۇتۇشىمىز كېرەك.

تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن خوجايىن:

— خالىساڭ دۇكىنىمدا ئىشلىگىن، قاچىلارنى تازىلاۋاتقىنىڭدا، ئىككى خېرىدار كىرىپ نەرسە ئېلىشتى، بۇ بىر

ئامەت.

«ئادەملەر ئالامەتلەر ھەققىدە كۆپ گەپ قىلىشىدۇ، ئەمما تىب-گى - تەكتىدىن نېمە ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىشمەيدۇ، مەنمۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ھېچنەرسىدىن خەۋىرى يوق قويلار بىلەن گەپلىشىپ يۈردۈمغۇ!» دەپ ئويلىدى سانتىياگو.

— خوش، قانداق قىلماقچى سەن؟ — ياندۇرۇپ سورىدى فارفۇرچى.

— تالڭ ئاتقۇچە ھەممە نەرسىڭىزنى تازىلاپ بېرىمەن، ماڭا مىسىرغا بېرىشقا يەتكۈدەك پۇل بېرىڭ.

خوجايىن كۈلۈپ كەتتى:

— ھەي نادان بالا... بۇنىڭغا سەن بىر يىل دۇكىنىمدا ئىشلەپ تاپقان پۇلۇڭ بىلەن، سېتىلغان ھەربىر قاچىدىن ئالغان ئۆلۈشۈڭنى بىرلەشتۇرۇپ يولغا چىقساڭمۇ چىقىش قىلالمايسەن، چۈنكى تەنجەر بىلەن مىسىرنىڭ ئارىلىقى نەچچە مىڭ چاقىرىملىق مۇساپە.

بىر لەھزە شۇنچىلىك سۈكۈنات ھۆكۈم سۈردىكى، گويا پۈتۈن شەھەر چۆكۈۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قايناۋاتقان بازار، ئۆلگۈدەك ۋارقىراپ مېلىنى ماختاۋاتقان سودىگەر، مىنارغا چىقىپ ئادەملەرنى ئىبادەتكە چاقىرىۋاتقان مەزىن ۋە ئاپتاپتا خەنجەرلىرىنى يالىلدىتىپ ئىشلەۋاتقان ئويمىكارلار قاياققىدۇر غايىب بولۇشقانىدى. ئارزۇ - ئۈمىد ۋە سەرگۈزەشتىلەر، نۇرانە شاھنىڭ ھىممىتى بىلەن تاللىغان يول، خەزىنە ۋە ئېھراملار گويا يەرگە سىڭىپ كەتكەندەك ياكى ھاۋادا ھورلىنىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. پۈتۈن ئالەم نەپەستىن توختاپ، سانتىياگونىڭ ۋۇجۇدى تىلىنى، تېنىنى ۋە روھىنى تەرك قىلغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ نە ئاغرىق - ئازاب، نە ئۈمىدسىزلىكنى سەزمەيتتى، ئاشخانىنىڭ ئىشىكلىرىدە مەنىسىز قېتىپ قالغان نىگاھى ھەممە نەرسىنىڭ تامام بولۇشىنى ۋە شۇ دەقىقىدە ئۆلۈپ تۈگىشىنى

ئىستەيتتى، سودىگەر قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ بالىنىڭ ھەيرانلىقىغا جور بولدى، ئۇ تېخى تونۇگۈن ياكى بىر كېچە ئىلگىرى بەختىيار بالا ئىدى، ئەمدى بولسا يۈزىنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلاپ، ئۇنىڭدا شادلىق - سەبىيلىكتىن ئەسەر قالمايۋاتاتتى.

— ئوغلۇم، ۋەتىنىڭگە قايتىشىڭ ئۈچۈن پۇل بېرىشىم مۇمكىن، — دېدى سودىگەر ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن.

سانتىياگو جاۋاب قايتۇرمىدى، ئورنىدىن تۇردى ۋە كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى، كېيىن خالتىسىنى قولتۇقىغا قىستى - دە:

— سىزنىڭكىدە ئىشلەپ قالاي، — دېدى.

ئۇلار دۇكاندىن چىقىشتى.

— ئازراق پۇل تاپقاندىن كېيىن، بىرنەچچە قوي سېتىۋېلىشىم مۇمكىن، — دېگەننى قوشۇپ قويدى سانتىياگو.

# ئىككىنچى قىسىم

ياۋۇزلۇق ئىنسان ئاغزىغا كىرىۋاتقان نەرسىدىن ئەمەس، بەلكى چىقىۋاتقان نەرسىدىن تۇغۇلىدۇ.

باشقىلارنىڭ تەقدىرىگە ئارىلاشقانلار ئۆز تەقدىرىگە ھەققىي ئېرىشەلمەيۋاتقانلاردۇر.

ئادەمزات روھىنىڭ قۇۋۋىتى ئۇنىڭ نىگاھىدا بولىدۇ.

خەزىنە قەيەردە بولسا، قەلبىڭمۇ شۇ يەردە بولسۇن!





سانتىياگو دۇكاندا تەخمىنەن بىر ئايدەك ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ياقتى دېگىلى بولمايتتى، چۈنكى خوجايىن ھەر كۈنى پوكەي ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا نەرسىلەرگە ئېھتىياتچان بولۇشنى تەكىتلەپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدىرايتتى.

لېكىن شۇنىڭلىق بىلەن ئىشنى تاشلاپ كېتىشكە بولمايتتى، چۈنكى خوجايىن سەل ئەزمە ئادەم بولسىمۇ، ئەمما ھالال، گېپىدە تۇرىدىغانلاردىن ئىدى. ۋەدە بويىچە سانتىياگو سېتىلغان نەرسىلەردىن ئۆلۈشىنى ۋاقتىدا ئېلىپ تۇردى ۋە بىر نەچچە تەڭگە يىغىشقىمۇ ئۈلگۈردى، بىر كۈنى ئۇ يىغقانلىرىنى ھېسابلاپ كۆرسە، پىلاندىكى قويلارنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن بۇ يەردە يەنە بىر يىل ئىشلەشكە توغرا كېلىدىكەن.

— كۆچمە دۇكان ياساپ، چىرايلىق نەرسىلىرىمىزنى تىزساق، كۆپلەپ خېرىدارلار دۇكىنىمىزغا كېلىشى مۇمكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى ئۇ بىر كۈنى خوجايىنغا.

— بىز كۆچمە دۇكانسىزمۇ هازىرغىچە تىرىكچىلىك قىلىپ كەلدۇق، ئەگەر قىلماقچى بولغان ئىشىمىز قاملاشماي قالسا، قاقسەنەم بولۇپ كېتىمىز، — دېدى فارفۇرچى جاۋابەن.

— مەن قويلىرىمنى يايلاققا ئېلىپ چىققاندا، بىرەر قوينىڭ يىلاننى دەسسىۋېلىشى ياكى قوينى چېقىپ هارام قىلىپ قويۇشى نورمال ئەھۋال ئىدى. دېمەك بۇ پادىچى بىلەن قويلارنىڭ هاياتى قىل ئۈستىدە دېگەن گەپ.

خوجايىن بۇ چاغدا رومكا سېتىۋالغۇچى خېرىدارلار بىلەن بەنت بولغاچقا، گەپكە دىققەت قىلمىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خۇددى تەنجەرنىڭ ئۆتمۈشى قايتىپ كەلگەندەك، دۇكاننىڭ سودىسى قىزىشقا باشلىدى.

— تىجارىتىمىز ياخشى كېتىۋاتىدۇ، — دېدى فارفۇرچى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — پايدىمىز كۆپىيىۋاتىدۇ، ساڭا بىر پادا مال سېتىۋېلىشقا يەتكۇدەك پۇل بېرىمەن، ئېيتقىنە، نېمەڭ كەم؟ ۋاپاسىز هاياتتا ئارتۇقچە نەرسىلەرگە ئىنتىلىشنىڭ نېمە هاجىتى؟

— چۈنكى ئالامەتلەرنىڭ ئىزىدىن بېرىش كېرەك، — سانتىياگو بۇ سۆزنىڭ ئېغىزىدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى ۋە دەرهال پۇشايمان قىلدى. چۈنكى، خوجايىن ئۇنىڭغا ئوخشاش بېشارەتچى شاهقا يولۇقمىغان ـ دە!

«بۇ خەيرلىك ئىپتىدا، — پىچىرلىدى بالا بوۋاينىڭ سۆزى ئېسىگە كېلىپ، — باشتىكىلەرنىڭ ئامىتى كېلىدۇ، هاياتنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسان ئۆز تەقدىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈشنى ئىستەيدۇ».

خوجايىن ئەمدى سانتىياگوغا دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بالىنىڭ دۇكانغا كېلىشىنىڭ ئۆزى ياخشىلىق ئالامىتى بولغانلىقى كۈندەك روشەن، چۈنكى ئۇ كەلگەندىن بۇيان پۇل سۇدەك ئېقىپ كېلىۋەردى، شۇڭا خوجايىن ئىسپان يىگىتنى ياللىغانلىقىغا هەرگىز ئەپسۇسلانمايدۇ، توغرا،

گەرچە ئۇ ئەمگەكگە قارىغاندا كۆپرەك ھەق ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق، قارفۇر سودىگىرى ئوقىتقىنىنىڭ بۇنچىۋالا ياخشىلىنىپ كېتىشىنى ئويلىماي، سانتىياگوغا كۆپرەك ئۆلۈش بەلگىلىگەن. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا بالىنىڭ پادىچىلىق ھاياتىغا قايتىدىغان كۈنلىرى ئاز قالغاندەك تۇيۇلاتتى.

— ئېھراملار ساڭا نېمە ئۈچۈن لازىم بولۇپ قالدى؟ — پارالڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن سورىدى خوجايىن.

— مەن بۇ توغرىلىق كۆپ ھېكايىلەر ئاڭلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن. — ئاددىيلا جاۋاب بەردى ئىشلەمچى.

«خەزىنە» دېگەن بۇ گەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەلەملىك بىر خاتىرىگە ئايلىنىپ قالدى، بۇ ھەقتە ئويلىماسلىققا ھەرىكەت قىلدى، شۇڭا كۆرگەن چۈشى توغرىسىدا قارفۇرچىغا باشقا گەپ قىلمىدى.

— ئېھرامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ھەتتا سەھرايى كەبىرنى كېسىپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلغان ئادەمنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم، ئېھرام دېگىنى ئەمەلىيەتتە بىر ئۇيۇل تاش، ئۇنداق تاشنى ھويلاڭدىمۇ كۆرۈۋېلىشىڭ مۇمكىن.

— چۈشىڭىزگە ئۇزاق سەپەرلەر ۋە سەرگۈزەشتىلەر كىرمىگىنى ئۈچۈن شۇنداق دەيسىز، — ئاددىيلا جاۋاب بەردى سانتىياگو يېڭى خېرىدارنى دۇكانغا باشلىۋېتىپ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، خوجايىنىنىڭ ئۆزى كۆچمە دۇكان ھەققىدە گەپ چىقىرىپ قالدى.

— مەن يېڭىلىقنى ياخشى كۆرمەيمەن، — دېدى ئۇ ۋە بېشىنى قاشلىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەسەندەك باي

ئەمەسمەن، ئۇ خاتا قىلىپ قويۇشتىن قورقمايدۇ، ئۇ زىيانغا تەۋەككۈل قىلالايدۇ، سەن بىلەن ماڭا ئوخشاش ئادەملەر ئۆز خاتالىقلىرىمىز ئۈچۈن بىر ئۆمۈر بەدەل تۆلەيمىز.

«سۆزلىرىڭ توغرا» دەپ ئويلىدى يىگىت.

— ئۇنداقتا ئېيتقىنە، بىزگە قانداق زۆرۈرىيىتى بار بۇ كۆچمە دۇكانىنىڭ؟ — سورىدى خوجايىن ئەزمىلىك بىلەن.

— مەن ئىلاجىنىڭ بارىچە، تېزرەك قويلىرىمنىڭ يېنىغا قايتماقچىمەن، ئېھتىمال ھازىر ئامەت بىزگە كۈلۈپ بېقىۋاتقان ئىكەن، بىزمۇ ئۇنىڭ ئېتەكىگە مەھكەم يېپىشىشىمىز، ئۇ بىزگە قانداق ياردەم قىلىۋاتقان بولسا، بىزمۇ ئۇنىڭغا قولىمىزدىن كېلىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى بەدەل قىلىشىمىز لازىم.

«خەيرلىك ئىپتىدا» دەپ بىكارغا ئېيتىلمىغان، يول باشلىغۇچىلارنىڭ دائىم ئامەتلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدا.

ئەرەب بىر پەس شۈكلىنىپ جاۋاب بەردى:

— پەيغەمبىرىمىز «قۇرئان كەرىم»دە بىزنى ھاياتىمىز داۋامىدا مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بەش پەرزىگە ئەمەل قىلىشقا چاقىرغان. بۇنىڭ ئەڭ ئاساسى — ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ئىمان ئېيتىش، كېيىنكىلىرى كۈندە بەش ۋاخ ناماز، روزا تۇتۇش، نامراتلارغا ئۆشرە - زاكات بېرىش...

ئۇ يەنە سەل جىمىدى ۋە پەيغەمبەرنى يادقا ئېلىش بىلەن كۆزلىرىگە ياش كەلدى، گەرچە ئۇ بىر تىنىمسىز ۋە قىزىققان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىگە ئەمەل قىلغان ھالدا جاھاندارچىلىق قىلاتتى.

— بەشىنچى پەرزنى ئېيتمىدىڭىز، ئۇ نېمىتى؟ — سورىدى سانتىياگو.

— ئۆتكەن كۈنى سەن مەندىن ئۇزاق سەپەرلەر ھەققىدە چۈش كۆرگەنمۇسىز دەپ سورىدىڭ، ئىشتىكىن، بەشىنچى پەرز — ھەربىر مۆمىن مۇسۇلماننىڭ ئىمكانىيىتى يار بەرگەن ئەھۋالدا

ھەج زىيارىتىنى ئادا قىلىشىدۇر. ھەربىرىمىزنىڭ ھاياتىمىز داۋامىدا مۇمكىن بولسا، بىر قېتىم مۇقەددەس مەككىگە ھەجگە بېرىشىمىز جائىز. ئۇ شەھەر سىنىڭ ئېھراملىرىڭدىنمۇ يىراقتا، ياشلىقىمدا، قولۇمغا نەچچە تەڭگە پۇل كىلىۋېدى، ھەجگە بېرىشتىن كۆرە، دۇكان سېتىۋېلىشنى ئەۋزەل كۆردۇم، مال ـ دۇنيايىم كۆپەيگەندە مەككىگە بارىمەن، دەپ ئويلىۋېدىم، كېيىن ھەقىقەتەن پۇلۇم ئاۋۇدى، ئەمما ھەجگە بارالمىدىم. سەۋەبى ماللىرىم سەرخىل بولغاچقا، دۇكاننى تاپشۇرىدىغان ئادەمگە ئىشەنمەيتتىم، شۇڭا ھەر كۈنى دۇكىنىم يېنىدىن ئۆتىۋاتقان ھەج زىيارەتچىلىرىنى كۆزەتتىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئونلاپ خىزمەتكارلىرى بىلەن ماڭغان كارۋانلىق باي ـ بەدۆلەتلىرىمۇ بار، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ دەپىنە ـ دۇنياسى ماڭا يەتمەيتتى.

كېيىن ئۇلارنىڭ ئالەمچە بەخت ۋە مەمنۇنلۇق ھېس بىلەن ھەجدىن قايتقانلىقىنى ۋە ئىشىكلىرىگە ھەجىخانلىق بەلگىسى ئېسىشىپ قويۇشقانلىقىنى كۆردۇم. شۇلاردىن ئەسكى ئاياغلارنى ياماپ يىغقان ھالال پۇلىغا ھەجگە بارغان بىر موزدۇزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ خۇدا يولىدىكى بۇ خاسىيەتلىك ئارزۇسىغا يېتىش ئۈچۈن دەھشەتلىك سەھرايى كەبىرنىڭ باغرىدا بىر يىل پىيادە يۇرۇپتۇ، ئەمما زادىلا ھارغىنلىق ھېس قىلماپتۇ، لېكىن يېزىمىزغا قوشنا قىشلاقتىن تېرە سېتىۋېلىشقا كەلسە بەكلا چارچاپ كەتكۈدەكمىشكەن!

ئەمدى ساڭا كەلسەك، ئېھراملارنى كۆرۈشنى نىيەت قىلغانسەن، بۇ ئوتلۇق ئارزۇنىڭ يىراقىدا مەجنۇنسەن، سەندىن ئۆتۈنۈشۈم شۇكى، بۇ يولدا مېنى ئۆزۈڭگە ھەرگىز سېلىشتۇرمىغىن. مەن پەقەت مەككە ھەققىدە ئارزۇ قىلىمەن، سەھرايى كەبىرنى پىيادە كېسىپ ئۆتۈشنى، مۇقەددەس ھەجەرۇل ـ

ئەسۋاد[1] بار مەيدانغا كىرىشنى، ئەتراپىدىن يەتتە قېتىم ئايلىنىشنى ۋە قوللىرىمنى سوزۇپ ئۇنى سىلاشنى مىڭ ـ مىڭ مەرتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن، چەكسىز ئادەم دېڭىزى قاتارىدا ئاۋازىمنىڭ زىكرۇ ـ سانا بورانلىرىغا سىڭىپ كېتىشىنى ئويلايمەن. ئەمما، ئويۇمدىكىدىن ئۆزگىچە نەرسىلەرگە ئىشەنچىسىزلىك بىلەن قاراشقا كۆنۈككەنمەن، شۇڭا خىيال ۋە ئارزۇ دۇنياسىدا ياشاش مەن ئۈچۈن ھاياتنىڭ ھۇزۇرى!

شۇ كۈنى ئۇ سانتىياگوغا كۆچمە دۇكان ياساشقا رۇخسەت بەردى، چۈنكى ھەر كىمنىڭ ئارزۇسى باشقا، كۆرىدىغان چۈشى ئۆزگىچە ـ دە!

① ھەجەرۇل ـ ئەسۋاد — مەككىدىكى قارا تاش.

ئارىدىن يەنە ئىككى ئاي ئۆتتى، كۆچمە دۇكاننىڭ يېڭىلىقى بىلەن ھەر كۈنى دۇكاندىن ئادەم ئۆكسىمەيدىغان بولدى، سانتىياگونىڭ ھېسابىچە ئەگەر ئىش مۇشۇنداق ئوڭدىن كېلىۋەرسە، ئۇ يېرىم يىلدىن كېيىن ئىسپانىيەگە قايتىشى ۋە 60 ئەمەس ئۇنىڭدىن ئىككى باراۋەر كۆپ قوي سېتىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. دېمەك، بۇ يىل ئۆتمەي پادا ئىككى قاتلىنىدۇ، دېگەن گەپ. بۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبلەر بىلەن بىمالال سودا - سېتىق قىلىۋېرىدۇ، ئۇ بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ تىلىنىمۇ ئاز - پاز ئۆگىنىپ قالدى، سانتىياگو بازاردا يۈز بەرگەن ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇرىم ۋە تۇمىم ھەققىدىكى گۈزەل چۈشلەرنى دەپ قاپچۇقىغا قول ئۇزاتمىدى. چۈنكى مەككە - مۇكەررەم خوجايىنىنىڭ ئارمىنىغا ئايلانغان كەبى مىسىرمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى ئارزۇ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن خۇشال، تەرىف پورتىدا كېمىدىن غالىبانە چۈشۈش ئۇنىڭ دائىملىق ئويى، خالاس!

مەلىكىسىدىق ئۇنىڭغا «ئارزۇيۇڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەمىشە ئېسىڭدە بولسۇن» دېگەنىدى.

سانتىياگونىڭ بۇنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق، شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىشلىدى، بەلكى ياقا ـ يۇرتتا تالاپەتكە ئۇچراپ، بىر تىيىنمۇ سەرپ قىلماي پادىسىنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتىش ئۇنىڭ تەقدىر ئەزەلىگە پۈتۈلگەندۇر!

سانتىياگو ئۆزىدىن مەمنۇن ئىدى، كۆكسىدە ئىپتىخار ـ غۇرۇر جۇش ئۇراتتى، ئۇ كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىۋالدى، ئىما ـ ئىشارە تىلىدا قارفۇر سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلىپ، بوش كەلمىدى. يەنە تېخى نۇرغۇن ئالامەتلەرنىڭ سىرىنى بىلەلەيدۇ، بىر كۈنى ئۇ دۇكىنىغا كىرگەن خېرىدارلارنىڭ «شۇنچە ئېگىزگە چىقىپ كەلدۇق، بۇ يەردە نە بىر ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق، نە ئۇسسۇزلۇقنى باسىدىغان نەرسە بولسىچۇ؟» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدى، بالا بۇنىڭ بىر ياخشى ئالامەت ئىكەنلىكىنى بايقىدى ـ دە، خوجايىنىغا دېدى:

ــ تاغقا چىقىپ كەلگەنلەرگە چاي ساتساق قانداق دەيسىز؟

ــ يېڭىلىق ئىكەن، ئويلاپ كۆرسەك بولىدۇ.

ــ چاينى خىرۇستال پىيالىلەرگە قۇيۇپ بېرىمىز، كىشىلەر بۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارفۇرلىرىمىزنىمۇ سېتىۋالغۇسى كېلىدۇ، بىلەمسىز ئادەملەر چىرايلىق نەرسىلەرگە ئامراق بولىدۇ.

خوجايىن جاۋاب بەرمىدى، لېكىن سانتىياگوغا مەمنۇنىيەت بىلەن ئۇزاقىچە قاراپ قالدى، ئۇ نامازشامنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، دۇكاننى ياپتى ۋە «پادىچى» غا روبىرو ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا چىلىم ئۇزاتتى، ھەممە ئەرەبلەر دېگۈدەك ئاجايىپ ئۇزۇن نەيچىلىك چىلىم چېكەتتى.

ــ ئېيتقىنە، سەن زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ــ سورىدى ئۇ بالىدىن.

— ئۆيگە قايتماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلىسىز، نۇرغۇن قوي سېتىۋالماقچىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل كېرەك.

خوجايىن چىلىمىنىڭ سەيخانىسىدىكى چوغلارنى سەل چۇقچىلاپ، تۇتۇننى كۆچەپ شۇمۇرگەچ ئېيتتى:

— دۇكاننى ئاچقىنىمغا ئوتتۇز يىل بولدى، خىرۇستالنىڭ راست - يالغانلىقىنى پەرقلەندۈرەلەيمەن سودا - سېتىقنىڭ نازۇك تەرەپلىرىنى بەش قولدەك بىلىمەن. هازىرقى ئەھۋالىمدىن خۇرسەنمەن، ئۇنى كېڭەيتىشنى خالىمايمەن، خېرىدارلارغا خىرۇستال پىيالىلەردە چاي تۇتماقچىسەن، بىلىمەن، ھەقىقەتەن پايدىسىز ئاشتى، لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ.

— بۇنىڭ نېمىسى يامان؟

— مەن بىر خىل ئۇدۇم بىلەن ياشاشقا كۆنگەنمەن، سەن كەلمەستىن ئاۋۋال شۇنداق خىياللارنىمۇ قىلغان، ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتى، مەن جايىمدا توختام سۇدەك توختاپ قالدىم، ئەتراپىمدىكى دوستلىرىم قاياقلارغىدۇر كېتىپ يەنە قايتىپ كېلىشتى. شۇلار ھەققىدە ھەسرەت بىلەن ئويلايمەن، ئەمدى چۈشەندىمكى، مېنىڭ دۇكىنىم ئېھتىياجىم ۋە خاھىشىمغا يارىشا ئىكەن، مەن يېڭىلىق ئىزدىمەيمەن ۋە قانداق قىلىشنىمۇ بىلمەيمەن. ئۆزلۈكىمگە ۋە ھالىمغا بەكلا كۆنگەنمەن.

سانتىياگو جاۋاب بېرىشكە سۆز تاپالماي قالدى، خوجايىن سۆزىنى داۋام قىلدى، ئۇ گويا دانىشمەنلەرچە سۆزلەيتتى:

— سېنى ماڭا خۇدايىم ئۇچراشتۇردى، مەن بۇگۈن بۇنىڭدىن باشقىچە ھېكمەتنى چۈشەنگەندەك بولدۇم، ئەگەر ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنى قوبۇل قىلمىساڭ، ئۇ غەزەپلىنىشى مۇمكىن. مېنىڭ ھاياتتىن چوڭ ئۈمىدۋارلىقىم يوق ئىدى، سەن بولساڭ مېنى مەۋھۇم بىر كېلەچەكسېرى يۈرۈشكە مەجبۇر قىلىۋاتىسەن. شۇنىڭ بىلەن مەن نامەلۇم كەڭلىكلەرگە، كەلگۈسۈمدىكى بىقىياس

ئىمكانىيەتلىرىمگە نەزەر سېلىۋاتىمەن. ئۇ ھەقتە ئويلاۋاتىمەن، ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنى ئاۋۋالقىدىن ئاجىز ۋە مەيۈس ھېس قىلىۋاتىمەن. گەرچە مەن ھازىر نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمنى ئويلاپ يەتكەن بولساممۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ماڭا كېرىكى يوق.

«ھېلىمۇ ياخشى ئاقبالداق ساتقۇچى ھەققىدە گەپ قىلمىغان ئىكەنمەن» دەپ ئويلىدى سانتىياگو.

سودىگەر خېلى ۋاقىت چىلىم شورىدى، ئىككىسى ئۇزاق ئولتۇرۇشتى، قۇياش مەغرىپتىكى تاغ ياستۇقىغا باش قويدى. ئۇلار ئەرەبچە گەپلىشەتتى، سانتىياگو ئەرەبچىنى ئۆگىنىۋالغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى، ئىلگىرى ئۇ پۈتۈنلەي باشقىچە ھايات كەچۈرگەندە، قويلار ئۇنىڭغا گويا ئالەمدىكى بارلىق سىرۇ ھېكمەتلەرنى بىلىشكە قادىر دەك تۇيۇلاتتى، ئەمدى ئۇنىڭغا قويلارنىڭ ئەرەب تىلىنى زادىلا ئۆگىنەلمەيدىغانلىقى ئايان بولدى.

سانتىياگونىڭ كاللىسىدا قويلار ھەققىدىكى خىيال داۋام قىلماقتا ئىدى، «ئۇلار ئۆگىنەلمەيدىغان يەنە نېمىلەر بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار پەقەت ئوت ۋە سۇنى ئىزدەپ تېپىشنى بىلىدۇ، ھالبۇكى بۇلارنىمۇ ئۇلار ئۆزلىرى ئۆگەنمىگەن، مەن ئۆگەتكەن».

بىر ئاش پىشىم جىمجىتلىقتىن كېيىن:

— مەكتۇپ، — دېدى فارفۇرچى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — سورىدى سانتىياگو.

— بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلىش ئۈچۈن ئەرەب بولۇپ تۇغۇلۇش كېرەك، لېكىن تەخمىنىي مەنىسى «تەقدىر شۇنداق پۈتۈلگەن» دېگەنلىكتۇر.

كېيىن ئۇ چىلىمنىڭ سەيخانىسىدىكى چوغلارنى ئۆچۈرۈۋاتقاندا، بالا ئەتىدىن باشلاپ خىرۇستال پىيالىلەردە چاي ساتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى.

ھايات دەرياسىنى توختىتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئادەملەر تاغقا تىك كۆتۈرۈلۈپ قايتىشار ۋە ئۇلارنى بىرىنچى بولۇپ كەڭ تۆپىلىككە قويۇلغان ۋە چىرايلىق خىرۇستال قاچىلىرىغا چاي دەملەنگەن كۆچمە دۇكان كۈتۈۋالاتتى، چارچاپ چاڭقىغان ساياھەتچىلەرنىڭ دۇكانغا كىرىپ مەززىلىك چايدىن بىر پىيالە ئىچمەسلىكى مۇمكىن ئەمەستى.

بىر خېرىدار خىرۇستال پىيالىلەردىن بىرنەچچىنى سېتىۋالغاچ «بۇنداق ياخشى سوۋغاتنى ئېلىپ بېرىشىم ئايالىمنىڭ يەتتە ئۇخلاپ چۈشۈگىمۇ كىرمەيدۇ» دېدى ۋە ئۇ بۇ بىللۇر پىيالىلەر ئارقىلىق خوتۇنىنى، بۈگۈن كەچ ئۆيىگە چاقىرىدىغان مېھمانلارنى ھەيران قالدۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىككىنچىسى، خىرۇستال پىيالىدە چاي ئىچسە، ئاجايىپ خۇشتەم ۋە پۇراقلىق تېتىيدىغانلىقى ھەققىدە توختالدى. باشقا بىرسى شەرقتە قەدىم - قەدىمدىن بۇيان خىرۇستال قاچىلاردا چاي ئىچىلىدىغانلىقى، چۈنكى بۇنىڭ بىر خىل سېھرىي كۈچكە ئىگە مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يېڭىلىق ھەممە كىشىگە تارقالدى ۋە تۆپىلىككە كېلىپ سودا قىلىدىغان ئادەملەر كۆپەيدى. ئۇلار چىنىپۇرۇشلۇقتەك كونا كەسپكە يەنە قانداق يېڭى ھۇنەر قوشسا بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقاتتى. ئاستا ـ ئاستا خىرۇستال قاچىلاردا چاي ساتىدىغانلارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ سودىسى ئانچە قىزىمىدى، سەۋەبى بۇلار قىلىۋاتقان ئىشىغا سانتىياگودەك مۇھەببەت قويمىغانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي خوجايىن يەنە ئىككى نەپەر خىزمەتچى قوبۇل قىلدى، ئەمدى دۇكاندا پەقەت فارفۇر بۇيۇملار سودىسىلا ئەمەس، بەلكى بۇ يەردىكى يېڭىلىقنى كۆرۈشكە قىزىقىپ كۇندە كېلىدىغان نەچچە يۈز تىجارەتچى ۋە زىيارەتچىگە مەخسۇس چايمۇ سېتىلىدىغان بولدى، ئەنە شۇ تەقلىدتە يەنە يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى.

سانتىياگو ئويغانغاندا، تېخى قۇياش چىقمىغان ئىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئافرىقا زېمىنىغا قەدەم باسقىنىغا توپتوغرا ئون بىر ئاي، توققۇز كۈن بولدى.

ئۇ ئاشۇ كۈن ئۈچۈن ئاتاپ ئېلىپ قويغان ئەرەبچە ئاق يەكتەكنى كىيدى، بېشىغا رومال ئارتىپ، ئۈستىگە تۆگە تېرىسىدىن قىلىنغان تاسما چەمبەرنى كىيدۈردى، كېيىن سايما كەشنى كىيىپ، شەپە چىقارماستىن پەسكە چۈشتى.

شەھەر تېخىچە ئەتىگەنلىك ئۇيقۇدا ئىدى. سانتىياگو مۇرابىبا بىلەن بىر بۇردا نان يېدى. خىرۇستال پىيالىدە قايناق سۇ ئىچتى. ئاندىن ئۇلار دۇكان بوسۇغىسىدا ئولتۇرۇپ چىلىم تارتىشتى. ئۇنى شۇ تاپتا تەنها، ئارتۇقچە خىيالدىن خالىي دېيىشكە بولاتتى، سەھرا ۋە تاغ ھىدىنى ئۈچۈرۈپ كېلىۋاتقان تاڭ شامىلىنىڭ بىر خىل رىتىمدا گۈركىرىشىنى تىڭشاپ، ئىككىسى ئۇزاق جىمىپ كېتىشتى.

ئۇ ئالقىنىدىكى بىر تۇتام پۇلنى بارماقلىرى بىلەن

ئوينىغىنىچە ئۆلتۈردى، بۇ پۇللار ئۇنىڭ قايتىشى ئۈچۈن بىلەت سېتىۋېلىشىغا، 120 تۇياق قوي ئېلىشىغا ۋە بۇ دۆلەت بىلەن ئىسپانىيە ئوتتۇرىسىدا شەخسىي سودا گۇۋاھنامىسى سېتىۋېلىشقا يېتەتتى.

سانتىياگو يەنە ئۇخلاپ قالغان خوجايىنىنىڭ ئويغىنىپ دۇكاننى ئېچىشىنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتتى، كېيىن ئۇلار يەنە ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئولتۇرۇشتى.

ــ بۈگۈن مەن قايتىمەن، ــ پىلانى ئۈچۈن ئېغىز ئاچتى بالا، ــ هازىر مەبلىغىمىز مېنىڭ بىر پادا قوي سېتىۋېلىشىمغا ـ مۇ، سىزنىڭ ھەججە بېرىشىڭىزغىمۇ يېتىدۇ.

خوجايىندىن سادا چىقمىدى.

ــ ماڭا دۇئا بېرىڭ، سىزدىن كۆپ ياخشىلىق كۆردۈم!

قېرى خوجايىن ئۈندىمەستىن، چېيىنى ئىچىۋەردى ۋە بىر هازادىن كېيىن، سانتىياگوغا يۈزلەندى:

ــ سەندىن پەخىرلىنىمەن، دۇكىنىمنىڭ نامىنى چىقاردىڭ، لېكىن بىلىپ قويكى، مەنمۇ مەككە ـ مۇكەررەمگە بارمايمەن، سەنمۇ قايتمايسەن، قوي سېتىۋالمايسەن.

ــ بۇ قانداق بولغىنى، كىم شۇنداق دەيدۇ؟ ــ ھەيران بولۇپ سورىدى بالا دۇكاندارغا تىكىلىپ.

ــ مەكتۇپ، ــ فارفور سودىگىرى پەقەت شۇ بىر سۆزنىلا ئېيتتى ۋە يىگىتكە ئاق پاتىھە بەردى.

شۇنىڭ بىلەن سانتىياگو خانىسىغا كىرىپ، كېتىش تەييارلىقىنى قىلدى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۈچ قاپقا قاچىلاپ تەييارلىدى، چىقىۋېتىپ ئىشىك يېنىغا كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت بۇلۇڭدا تاشلىنىپ تۇرغان پادىچىلىق خالتىسىغا كۆزى چۈشتى، ئۇنى كۆپتىن بېرى قولىغا ئالمىغاچقا ئۇنتۇپلا قالغانىدى، خالتىدا ئۇنىڭ چاپىنى بىلەن كىتابى بار ئىدى. ئۇ كوچىدىكى بالىلاردىن بىرەرسىگە بېرىۋېتىش ئۈچۈن چاپىنىنى قولىغا ئېلىۋېدى، يانچۇقىدىن ھېلىقى ئىككى تاش تاراق ـ تۇرۇق قىلىپ پولغا چۈشۈپ دومىلاپ كەتتى.

پەقەت شۇ چاغدىلا بالا ياشىنىپ قالغان پادىشاھنى ئەسلىدى، ئۇنى ئۇزۇنغىچە ئۇنتۇپ قالغانلىقىدىن بەكلا ئەپسۇسلاندى، ئۇنىڭ تىنىمسىز مېھنەت بىلەن ئۆتكەن بۇ يىلقى مەقسىتى پەقەت پۇل يىغىش بولدى، ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ ئىسپانىيەگە قايتىشقا ئۇنىڭ غۇرۇرى كۆتۈرمەيتتى.

سانتىياگو شۇئان مەلىكسىدىقنىڭ «ھېچقاچان ئارزۇيىڭدىن

ۋاز كەچمە، بېشارەتلەرنىڭ ئارقىسىدىن بار» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى. بالا تاشلارنى يەردىن ئالدى ۋە شۇئان ئۇنى غەلىتە تۇيغۇلار چىرمىۋالدى، قېرى خوجايىن ئۇنىڭغا گويا يېنىدا تۇرغاندەكلا بىلىنىپ كەتتى، بىر يىل سودا بىلەن ئالدىراشلىقتا ئۆتتى. ئەمدى بولسا ئۇنىڭغا سەپەر قىلىش توغرىسىدا بېشارەت كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

«مەن يەنە ئىلگىرىكى ھالىتىمگە قايتىشىم كېرەك، قويلار بەرىبىر مەندەك ئەرەبچە گەپ قىلىشنى ئۆگىنەلمەيدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن قويلار ئۇنىڭغا ئەرەبچىدىنمۇ مۇھىمراق نەرسىنى — دۇنيادا ھەممىگە ئورتاق بىر تىلنىڭ بارلىقىنى ئۆگەتكەن ئىدى. ئۇ بىر يىل جەريانىدا ئازراق تاپاۋەتنى دەپ ئىشلىگەچكە، ئەنە شۇ ھەممىگە چۈشىنىشلىك تىلدا سۆزلىيەلىدى، بۇ تىل سىرلىق ئىلھام ۋە روھنىڭ، مۇھەببەت، زوق - شوخ ۋە ئىشەنچ - ئۈمىد بىلەن دۇنياغا كەلگەن ئىنسان ھەم مەۋجۇداتنىڭ تىلى ئىدى. تەنجەر شۇ تاپتا سانتىياگوغا ئانا يۇرتتەك بىلىندى، بالا بۇرۇن تەنجەر شەھىرىنىڭ قىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان بولسا، ئەمدى پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا تەلمۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

نۇرانە چېھىرلىك پادىشاھ مەلكىسىدىق سانتىياگوغا «قاچانكى بىرنەرسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئارزۇ قىلساڭ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن جىمى ئالەم ساڭا ياردەم قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. لېكىن ئۇ قاراقچىلار ۋە پايانسىز جەزىرىلەر ھەققىدە سۆزلىمىگەنىدى، ئۇ يەنە ئېھراملارنىڭ ئۇيۇل تاش ئىكەنلىكىنى، خالىسا كىشىلەرنىڭ ھويلا - باغلىرىغا قويۇۋېلىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا ئېيتمىغان، يەنە يىگىتكە، پۇل تاپقاندا قايتىدىن قوي ئېلىشنىڭ لازىملىقى ھەققىدە تاپىلاشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.

سانتىياگو خالتىسىنى باشقا نەرسىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويدى ۋە پەلەمپەيدىن پەسكە چۈشتى، بۇ چاغدا خوجايىن ئەر -

خوتۇن ئىككىسى چەت ئەللىكلەرگە مۇلازىمەت قىلىۋاتاتتى. دۇكاندا بولسا ئىككى خېرىدار خىرۇستال قاچىلاردا چاي ئىچىشكەچ ئۇياق - بۇياقتا مېڭىشىپ يۈرەتتى، تاڭ سەھەردە خېرىدارلارنىڭ كۆپ بولۇشىنى نورمال ئەھۋال دېيىشكە بولمايتتى. سانتىياگو كۆتۈلمىگەندە، خوجايىننىڭ چاچلىرى بىلەن مەلىكىسىدىقىنىڭ چېچىنىڭ ئاجايىپ ئوخشايدىغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ تەنجەردىكى بىرىنچى تاڭنى ئەسلىدى، قەيەرگە بېرىشىنى بىلمەي گاڭگىرىغىنى، يېيىشكە ھېچنەرسىنىڭ يوقلۇقى، قەندالەتچىنىڭ ئۇنىڭغا سەل كۆلۈمسىرەپ قارىشى ۋە بۇنداق كۆلۈمسىرەشنىڭ مەلىكىسىدىقىنىڭكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاشلىقى قاتارلىقلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئەسلىمىدەك بىر - بىرلەپ ئۆتتى.

بالا كۆڭۈل لەۋلىرىدە شۇنداق دېمەكتە ئىدى، «خۇددى مەلىكىسىدىق بۇ يەرلەردىن ئۆتكەندەك ۋە بۇنىڭدىكى ھەربىر ئادەم، شەيئىدە ئۆزىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك ياكى بۇ ئىنسانلار ھاياتىنىڭ قايسى بىر باسقۇچلىرىدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندەك ئىدى. تېخى ئۇ ئۆز تەقدىرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتقانلار بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتقان».

سانتىياگو خوجايىن بىلەن خوشلاشماستىنلا يولغا چۈشتى، چۈنكى ياتلار ئالدىدا كۆز يېشى قىلىشنى ئۇنىڭ غۇرۇرى كۆتۈرمىدى. لېكىن ئۇ بۇ يەردىكى ھەربىر شەيئىنى، ئاجايىپ ئادەتلەرنى زادىلا ئۇنتالمايتتى، ھامان ئادەملەرنى سېغىناتتى، پادىچىدا ئۆزىنى ۋە دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا بولغان ئىشەنچ شەكىللەنگەندى.

«ئەمدى مەن قەدىردان يەرلىرىمگە ئامراق قويلىرىمنى بېقىش

ئۇچۇن قايتىۋاتىمەن» دەپ ئويلىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ خىل ئويىنى كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. سانتىياگو ئارزۇسىغا يېتىش ئۇچۇن، بىر يىل جاپالىق ئىشلىدى، ئەمدىلىكتە بولار ئۆز قىممىتىنى بارغانسېرى يوقاتماقتا، ئېھتىمال ئاشۇلار ئارزۇ ياكى ئەمەستۇر، يەنە ئۇنىڭ خىيالىدىن «بەلكىم فارفور سانتۇچىدەك بولغىنىم ياخشىمدۇ، خۇددى بىر ئۆمۈر مەككە - مۇكەررەمنى ئارزۇ قىلىپ يولغا چىقالمىغان دۇكاندارغا ئوخشاپ قالدىمۇ قانداق!؟» دېگەنلەر كەچتى. ئەمما، ئۇنىڭ قولىدىكى تاشلار قېرى شاھنىڭ ھەيۋىتى ۋە قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

قارىماسىز، ئاخىر بىر خىل غەلىتە تاسادىپىيلىق يۈز بەردى، بۇنىڭ بېشارەت ياكى ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىدى. ئۇ تەنجەرگە كېلىپ تۇنجى قەدەم باسقان ئاشخانىغا يەنە كىرىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى، ھېلىقى ئالدامچىنىڭ ئاشخانىدا بولماسلىقى تەبىئىي، خوجايىن ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي بەردى. سانتىياگونىڭ خىيالى بارغانسېرى چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى، «خالىغان پەيتتە پادىچىلىققا قايتىشىم مۇمكىن، چۈنكى مەن قوي باقالايمەن، يۇڭ قىرقىشنى بىلىمەن، بۇ ھۈنەرلىرىم بىلەن ئۆمۈر بويى نان تېپىپ يېيەلەيمەن. بەلكىم ئېھراملارغا بېرىش پۇرسىتى مەڭگۈ كەلمەس، ئالتۇن زەنجىر ئېسىۋالغان بوۋاي پۈتۈن تارىخىمنى ئېيتىپ بەرگەن، مەن شۇ چاغدا ھەقىقىي شاھنى يەنە كېلىپ، بىر ئەۋلىيانى ئۇچراتقان ئىدىم».

بالىنى ئەندالۇسىيە ۋادىلىرىدىن بار - يوقى ئىككى سائەتلىك يول ئاجرىتىپ تۇراتتى، ئېھراملار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا چەكسىز قۇم دېڭىزى بولغان سەھرايى كەبىر يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ بەزىدە بىر يىل ۋاقتىم ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى دەپ قارىسىمۇ، يەنە بەزىدە بەرىبىر خەزىنىگە بارغۇچە ئىككى سائەتلىك

يولۇم قىسقىرىدى دەپ ئويلايتتى.

«قويلىرىم شۇلارنى سېغىنغاچقا، قايتىۋاتقانلىقىمنى چۈشەنسە بولاتتى، ئۇلارنىڭ پېئىل ـ ئادەتلىرىنى بىلىمەن، شۇڭا ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن. پادىچىلىقنىڭ تەشۋىشى كەم، ئەمما قاقاس سەھرانىڭ نېمىسىنى سېغىنىش، سۆيۈش مۇمكىن؟ لېكىن، شۇنداق دېگەن بىلەن مەن ئىزدەۋاتقان خەزىنىنى ئۆز باغرىدا يوشۇرۇپ تۇرغانمۇ قاقاس چۆل تۇرسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ خەزىنىنى تاپالمىسام، ئۆيۈمگە قايتىمەن، ئۇنداقتا ھازىر ۋاقتىممۇ، پۇلۇممۇ بار، شۇنداق ئىكەن نېمە ئۈچۈن تەۋەككۈل قىلىپ باقمايمەن؟»

شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ قەلبى بىردىنلا چەكسىز ھاياجانغا تولدى، قاچان خالىسا پادىچى بولۇشى، ياكى فارفۇرچىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. بۇ دۇنيادا سىرلىق خەزىنىلەر كۆپ، يەنە كېلىپ قېرى شاھنىڭ دەل ئۇنىڭغا ئۇچرىغانلىقىمۇ بىر بېشارەت. سانتىياگو خۇشاللىق ۋە بىر خىل ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئاشخانىدىن چىقتى، ئۇ فارفۇرچى خوجايىنىنى مال بىلەن تەمىنلەيدىغان بىر بايىنىڭ ھەمىشە كارۋانلىق سەھرايى كەبىردىن ئۆتۈپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. سانتىياگو ئۆرىم ۋە تومىمنى ئالغانلىرىغا مەھكەم سىقىملىدى ـ دە، ئەنە شۇ تاشلارنىڭ خاسىيىتى بىلەن كۆزلىگەن خەزىنىگە تامان يۈرۈشكە قارار قىلدى.

مەلىكىسىدىقنىڭ «مەن دائىم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلار بىلەن بىرگە» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، يوللىرىغا پاياندار سالغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن بالا ئالدى بىلەن كارۋان سارايغا بېرىپ، ئېھراملارنىڭ زادى قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى بىلىشىم ھەممىدىن مۇھىم ئىكەن، دەپ ئويلىدى.

ئىنگلىز قونغان كارۋان سارايىنىڭ قوتاندىن پەرقى يوق ئىدى، تۆگە ۋە ئاتلارنىڭ بەتبۇي پۇرىقىغا چىدىغىلى بولمايتتى، كۆزنى ئېچىشتۇرىدىغان چاڭ ـ توزان ئۆرلەپ تۇراتتى. ئۇ كىمىياغا دائىر ژۇرنالنى قوشۇمىسى تۈرۈلگەن هالدا ۋاراقلاۋېتىپ «مانا شۇنداق دوزاخ ئازابىنى تارتىش ئۈچۈن ئون يىل ئوقۇدۇممۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ئەمما، ئەمدى چېكىنىشكە بولمايتتى، پەقەت بىرلا تاللاش بېشارەتلەر بولۇۋاتقان تامان يۈرۈش، بۈنى پۈتۈن دۇنيادا ئومۇملىشىش ئېھتىمالى بولغان يېگانە تىلنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، ئۆمرىنى سەرپ قىلىش دېيىشكىمۇ بولاتتى. دېمەك، ئۇ ئاۋۋال ئەسپېرەنتو[1] بىلەن مەشغۇل بولدى، يەنە دۇنيادىكى دىنلارغا قىزىقتى، كېيىن ئەلكىمىياگەرگە بېشىچىلاپ كىرىپ كەتتى. هازىر ئەسپېرەنتونى سۇدەك بىلىدۇ، جىمىكى دىنني تەلىماتلار

① ئەسپېرەنتو ـــ پولشالىق يەھۇدى ئالىم زامىنكوف ئىجاد قىلغان سۈنئىي تىل ياكى ئاتالمىش دۇنيا تىلى ـــ تەرجىمان.





تارىخى ئۇنىڭغا زىر - زەۋىرىگىچە مەلۇم. ھازىر ئۇنىڭغا سىر بولۇپ تۇرىۋاتقىنى پەقەتلا ئەلكىمىياگەر. دەسلەپ بەزى سىر - ئەسرارلار ئۇنىڭغا «قىيا باققاندەك» قىلىسمۇ، ھازىر بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىدا ئازراقمۇ ئىلگىرىلەش يوق، قولىقى ئاڭلىغان ئەلكىمىياگەرلەردىن كۆپ ياردەم سورىدى، ئەمما ئۇلاردىن نە مەسلىھەت، نە بىرەر پايدىلىق پىكىرنىڭ چىقمىقى يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدىكى ئىش ئىكەن. ھەممىسى ئۆزى بىلەن ئۆزى ئاۋارە، كۆڭلۈمدىكىنى تاپ دەيدىغان بىلەرمەنلەردىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلىقلىرى بەكمۇ غەلىتە ئىنسانلار. ئېھتىمال خاسىيەتلىك تاشنىڭ سىرىنى بىلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ!

ئىنگلىز ئاتىسىدىن قالغان مىراسىنىڭ كۆپ قىسمىنى نەتىجىسىز ئىزدىنىشكە سەرپ قىلدى، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا كۇتۇپخانىلارغا باردى، ئەلكىمىياگەرگە دائىر نوپۇزلۇق ۋە قىممەت باھالىق كىتابلارنى سېتىۋالدى، ئەنە شۇ كىتابلارنىڭ بىرىدە مەشھۇر بىر ئەرەب كىمىياگىرى ھەققىدە ئوقۇدى، كۆپ يىللار مۇقەددەم ئۇ ياۋروپانى ئايلانغان، ھازىر يېشى ئىككى يۈزدىن ئېشىپتۇ، ئۇ خاسىيەتلىك تاشنى تاپقان ۋە ئەبەدىيلىك ھاياتلىق جەۋھىرىنى كەشپ قىلغانمىش. بۇ گەپلەر ئاجايىپ بىر ئەپسانە سۈپىتىدە ئىنگلىزنىڭ ياشلىق قەلبىگە مەھكەم ئورناشقان، كېيىن سەھرايى كەبىردىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشتىن قايتقان بىر دوستىنىڭ ئۇ يەردە غەيرىي تەبىئىي كارامەتلەر ساھىبى بولغان بىر ئەرەبنى كۆرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئەل - فايۇم ۋادىسىدا ياشايدىغانلىقى، مىش - مىش پاراڭلارغا قارىغاندا ئىككى يۈز ياشتىن ئاشقانلىقى ۋە خالىغان مەدەننى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغانلىقى ھەققىدە ئېيتقان گەپلىرى ئۇنىڭ بۇرۇنقى تەسىراتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئىنگلىزنى جاھان كېزەر تەۋەككۇلچىگە ئايلاندۇرغان.

ئىنگلىز شۇ ھېكايىدىن كېيىن قىلىشۋاتقان ئىش، ئۇچرىشىشلىرىنى بىكار قىلىپ، ئۆيى ۋە كۇتۇپخانىسىدىكى ئەڭ زۆرۈر نەرسىلەرنى ئېلىپ، سەپەرگە ئاتلانغان ئىكەن، مانا ئەمدى ئېغىلغا ئوخشايدىغان كونا قورغاننىڭ بۇلۇڭىدا بوغۇلۇپ ئولتۇرۇپتۇ، كۆز ئالدىدا چوڭ كارۋان سەپەرگە چىقىش ئالدىدا، ئۇ سەھرايى كەبىرنىڭ باغرىدىن ئۆتىدۇ، ئەل ـ فايۇم ۋادىسى بولسا يول ئۈستىدە.

ئىنگلىز «ئاشۇ لەنىتى ئەلكىمياگەرنى كۆرىدىغان كۈنلەر ئاز قالدى» دەپ ئويلاۋاتقاندا، ئۇنىڭغا تۆگە ماياقلىرىنىڭ پۇرىقى ئۇنچىۋالا سېسىق تۇيۇلمىدى.

شۇ پەيت دۇمبىسىگە سەپەر خالتىسى ئېسىۋالغان ياشقىنە «ئەرەب» يېگىت كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— يولۇڭلار قاياققا؟

— سەھرايى كەبىرگە، — قىسقا جاۋاب بەردى ئىنگلىز ۋە يەنە كىتابىغا ئېڭىشتى. ھازىر سۆھبەتلىشىشكە ئىنگلىزنىڭ ھەپىسلىسى يوق ئىدى، ئۇنىڭغا ئون يىلدىن بۇيان ئىگىلىگەن بارلىق بىلىمىنى مېڭىسىگە جۇغلاشنىڭ پۇرسىتى يېقىنلىشىۋاتاتتى، چۈنكى قېرى ئەلكىمياگەر ئۇنىڭ بىلىمىنى سىناپ بېقىشى مۇمكىن ـ دە!

ئۇنى كۆرۈپ سانتىياگومۇ يەرگە چۆكتى ـ دە، خالتىسىدىن كىتابىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئىنگلىز كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، سانتىياگونىڭ كىتابىنىڭ ئىسپان تىلىدا يېزىلغانلىقىنى بىلدى ۋە «بۇمۇ بولغىنى، ئەگەر ئۇمۇ ئەل ـ فايۇمغا بارسا، زېرىكىشلىك سەپەردە پاراڭلاشارمىز» دەپ ئويلىدى، چۈنكى ئىنگلىز ئەرەبچىگە قارىغاندا، ئىسپانچىنى ياخشىراق سۆزلەيتتى.

«ئاجايىپ غەلىتە ئەھۋال، — دېدى سانتىياگو كۆڭلىدە، دەپنە مۇراسىمى ھەققىدىكى مەزمۇن بىلەن باشلىنىدىغان بىرىنچى بەتنى كۆرۈۋېتىپ، — تەخمىنەن ئىككى يىلدىن بۇيان مانا شۇ كىتابنى ئوقۇۋاتىمەن، خۇددى بىرىنچى بەتكە باغلاپ قويغاندەك نېرىغا ئۆتەلمەيمەن». سەپەر جەريانىدا مەلىكىسىدىق ئۇنىڭ يېنىدا بولمىسىمۇ، لېكىن سانتىياگو زادىلا پىكرىنى يىغالمىدى. «ئىشلىرىم ھەققىدە زادى توغرا قارار چىقاردىممۇ - يوق؟» دېگەن خىيال ئۇنىڭغا ھېچ ئارام بەرمەيتتى، ئەمما سانتىياگوغا شۇ نەرسە ئايان ئىدىكى، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىش قارارىغا كېلىش شۇ ئىشنىڭ پەقەت باشلىنىشى ئىدى، خالاس. قاچانكى ئىنسان بىر قارارغا كېلىپ نېمىنىدۇر قىلىشقا كىرىشسە، بۇ ئۇنىڭ جىددىي ئېقىمغا ئۆزىنى تاشلىغىنى، ئېقىم بولسا ئۇنى ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغان باشقا بىر مەنزىلگە ئېلىپ بارىدۇ.

ئۇنىڭ هايات هېكمەتلىرى ھەققىدىكى ئويلىرى نەپسىنى جىددىيلەشتۇرەتتى، «خەزىنە ئىزدەپ يولغا چىققىنىمدا، فارفۇرچىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەش خىيالىمغىمۇ كەلمىگەن، خۇددى شۇنىڭدەك بۇ كارۋانمۇ مېنىڭ قارارىم ۋە تاللىغان مەقسىتىمدۇر، لېكىن كارۋاننىڭ مەنزىلى سىرلىقلىقچە قېلىۋېرىدۇ».

سانتىياگونىڭ ياۋروپالىق ھەمراھى كىتابتىن باش كۆتۈرمەيتتى، ئۇ سانتىياگوغا سوغۇق مىجەزلىك ئادەمدەك تەسىرات بەردى. چۈنكى، سانتىياگو ئۆتەڭگە كىرگەندىمۇ ئۇ خۇشياقمىغاندەك سالام قايتۇرغان، ئەگەر ئىنگلىز سۆھبەتتە سەل قىزغىن بولغان بولسا ئىدى. ئۇلار بۇ كەمگە دوستلىشىپمۇ قالغان بولاتتى.

سانتىياگو كىتابىنى ياپتى، ئۇ كىتاب ئوقۇش ھالىتىدىن تارتىپ ھەرقانداق بىر ھەرىكىتىگىچە ئىنگلىزگە ئوخشاپ قېلىشنى خالىمايتتى، شۇڭا يانچۇقىدىن تاشلىرىنى ئالدى ـ دە، ئويناشقا باشلىدى. ئورىم ۋە تومىم چەت ئەللىكنىڭ دىققىتىنى تارتقاندا بولسا، ئۇ تاشلارنى يەنە يوشۇرۇۋالدى ۋە:

— سېتىلمايدۇ، — دېدى.

— بۇنداق دەپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن، بۇ ئاددىي تاشلار، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئىنگلىز، — يەر شارىدا بۇنداق تۆۋەن سۈپەتلىك كىرىستاللار مىليون ـ مىليون، بۇنى تەجرىبىلىك ئادەم بىر قاراشتىنلا بىلىدۇ. ئەمما، ئورىم ۋە تومىمنى بۇ يەردە ئۇچرىتارمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم.

— ماڭا ئۇنى شاھ سوۋغا قىلغان، — دەپ مەغرۇر جاۋاب بەردى سانتىياگو. چەت ئەللىك گويا تىلى تاڭلىيىدىن قاتقاندەك زۇۋان سۈرمىدى، كېيىن كىتابىدىن بوشىغان ئۇزۇن قوللىرىنى

يانچۇقىغا سېلىپ، خۇددى سانتىياگونىڭكىگە ئوخشاش تاشتىن ئىككىنى چىقاردى.

— ئۇنداقتا سەن شاھ بىلەن پاراڭلاشقانمۇ؟

— بەربىر شاھلارنىڭ پادىچىلار بىلەن سۆھبەتنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن، — ئەمدى سانتىياگونىڭ ئىنگلىز بىلەن سۆھبەتلىشىشتىن رايى قايتقانىدى.

— مۇبالىغە قىلما، دۇنيادا ئۇنى ھېچكىم بىلمىگەن چاغدا پەقەت پادىچىلارلا «شاھ» دەپ تەن ئېلىشقان، شۇنداق ئىكەن پادىشاھنىڭ پادىچىلار بىلەن پاراڭلىشىشىنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق، — ئىنگلىز بۇ گەپلەرنى سانتىياگو تازا چۈشەنمىدى، دەپ ئويلىغاچ تۆۋەندىكىلەرنى قوشۇپ قويدى، — بۇ ھەقتە «ئىنجىل» دىمۇ، ئورىم ۋە تومىم ھەققىدىكى كىتابلاردىمۇ يېزىلغان. تەڭرىدىن ئەنە شۇ تاشلار ئارقىلىق بېشارەت بېرىشكە ئىجازەت بېرىلگەن، شۇڭا كاھىنلار ئۇلارنى ئالتۇن قۇتىلىرىغا سېلىپ ياكى بويۇنلىرىغا ئېسىپ يۈرۈشىدۇ.

سانتىياگو ئەمدىلىكتە «كارۋان سارايغا كېلىپ يامان قىلمىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىدى.

— بەلكىم بۇ بىر بېشارەت بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئىنگلىز گويا بىر نەرسىدىن چۆچۈپ كەتكەندەك ئۈنلۈك ئاۋازدا.

سانتىياگونىڭ بارغانسېرى ھەيرانلىقى ئېشىپ سورىدى:

— بېشارەتلەر ھەققىدە سەن كىمدىن ئاڭلىغان؟

— ئالەمدىكى جىمى نەرسىلەر بېشارەت ۋە ئالامەت. قەدىمدە ئىنسانلار پەقەت بىرلا تىلدا سۆزلەشكەن ۋە كېيىن بۇ تىلنى ئۇنتۇپ كەتكەن. مەن ئەنە شۇ ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىلنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتىمەن، بۇ تىلنى بىلىدىغان ئادەم — ئەلكىمياگەرنى چوقۇم ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك، مانا بۇ جاھانكەزدى بولۇپ يۈرۈشۈمنىڭ سەۋەبى، — دېدى ئىنگلىز كىتابىنى يېنىغا قويۇۋېتىپ خۇددى پەيلاسوپلاردەك تەلەپپۇزدا.

ئۆلارنىڭ سۆھبىتى دوغىلاق كارۋان بېشىنىڭ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلدى.

— ئامىتىڭىز بار ئىكەن، كارۋان بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، ئەل ـ فايۇمغا يېتىپ بارىدۇ، — دېدى ئەرەب ئىنگلىزغا.

— مەن مىسىرغا بېرىشىم كېرەك، — دېدى سانتىياگو ئۆلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاۋېتىپ.

— ئەل ـ فايۇم مىسىر زېمىنى، قەيەرلىكسەن ئۈزۈڭ؟

سانتىياگو ئىسپانىيەلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئىنگلىز ئەرەبچە كېيىنگەن ياۋروپالىق بىلەن تونۇشقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى.

— ئاۋۇ ئادەم بېشارەتلەرنى ئالامەت دەپ قارايدىكەن، — دېدى ئىنگلىز كىتابىنى يەنە قولىغا ئېلىپ، — ئەگەر «ئامەت» ۋە «تاسادىپىيلىق» ھەققىدە كىتاب يازغىنىمدا، بۇ كەمگە ياستۇقتەك بىر قامۇس پۈتكەن، ئۇنىڭ ھەربىر سەھىپىسى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىل بىلەن بېزەلگەن بولاتتى.

ئىنگلىز ئورىم ۋە تومىم تاشلىرى بار بالا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىنىڭ زادىلا تاسادىپىيلىق ئەمەسلىكى ھەققىدە ئويلاپ قالدى ۋە ئۇنىڭمۇ ئەلكىمىياگەرنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىدىن ھەيرەتكە چۆمدى. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتتى بولغاي:

— مەن خەزىنە ئىزدەۋاتىمەن، — دېدى جاۋابەن سانتىياگو گويا خاتا گەپ قىلىپ قويغاندەك تىلىنى چايناپ.

ئىنگلىز سانتىياگونىڭ جاۋابىغا پەرۋاسىز قارىغاندەك قىلىسمۇ قوشۇپ قويدى.

— مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەنمۇ خەزىنە ئىزدىگۈچىمەن.

— توغرىسىنى ئېيتسام ئەلكىمىيانىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن..

سانتىياگونىڭ گېپى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپ، توساتتىن كارۋان بېشىنىڭ ئۆلارنى چاقىرىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.





كارۋان ساراي ھويلىسىدا ئۇزۇن ساقاللىق، يوغان كۆزلىرى قاپقارا بىر كىشى ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ:

— كارۋاننى مەن باشقۇرۇپ ماڭىمەن، ماڭا ھەمراھ بولغانلارنىڭ جېنى ۋە مېلىنىڭ بىخەتەرلىكى مېنىڭ قولۇمدا، چۈنكى بىپايان دەشت چۆل چىرايلىق ۋە مەككار ئاياللارغا ئوخشاش، ئادەملەرنى ھەمىشە ئەقىل ـ ھوشىدىن ئازدۇرۇپ تۇرىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

سەپەرگە چىقىشقا ئىككى يۈزدەك ئادەم تەييارلاندى، كارۋاندىكى تۆگىلەر، ئات ۋە ئېشەكلەر يولۇچىلاردىن ئىككى باراۋەر كۆپ ئىدى، ئىنگلىز كىتابلار بىلەن لىق تولغان بىرنەچچە چامدىنىنىڭ يېنىدا تۇراتتى، ھويلا ئاياللار، بالىلار ۋە بېلىگە قىلىچ، يەلكىسىگە ئۇزۇن مىلتىقلارنى ئېسىۋالغان جانبازلارغا تولۇپ كەتكەنىدى. سەپ شۇنچىلىك قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، كارۋان بېشى سۆزىنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلاشقا مەجبۇر بولدى:

— بۇ يەردە ھەرخىل تائىپىدىن بولغان ئادەملەر بار ۋە ئۇلار تۈرلۈك نەرسىلەرگە ئېتىقاد قىلىدۇ. مەن قۇدرەت ۋە ھېكمەت ئىگىسى بولغان بىردىنبىر ئاللاغا سېغىنىمەن ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئامانلىقىمىز ۋە بۇ دەھشەتلىك جەزىرە ئۈستىدىن غالىب كېلىشىمىز ئۈچۈن ئاللا يول قويغان ھەممە ئىشنى قىلىشقا رازىمەن. ئەمدى ھەربىر ئادەم ئۆزى تىۋىنىدىغان تەڭرىسى نامى بىلەن قەسەم ئىچسۇنكى، تاكى يولدا ئىكەنمىز، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا پەقەت مېنىڭ ئەمرۇ - پەرمانىمغا بويسۇنۇشلىرى شەرت، چۆلدە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش — ھالاكەت دېمەكتۇر.

ئالىمانىنىڭ بوغۇق ۋە ماسلاشمىغان ئاۋازى ياڭرىدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز مەبۇدىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى، سانتىياگو بولسا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچتى، ئىنگلىز سۈكۈت ساقلىدى، سەپەرگە چىقىش مۇراسىمىدا قەسەم ئىچىشتىن كۆرە، كىشىلەر كۆپرەك ئۆز مەبۇدىسىدىن مېھرىبانلىق ۋە ھىمايە ئىلتىجا قىلىشتى.

كېيىن يولغا چىقىش كانىيىنىڭ سوزۇق ساداسى ياڭرىدى ۋە ھەممەيلەن ئۇلاقلىرىغا يېقىنلاشتى، سانتىياگو بىلەن ئىنگلىز سېتىۋالغان تۆگىلىرىگە تەستە مىنىشتى. بۇ ئۇلارغا زادىلا قولاشمايۋاتقاندەك بىلىنىدى. سەپەردىشىنىڭ تۆگىگە بىرنەچچە چامىدان كىتابنى ئارتقانلىقىنى كۆرۈپ پادىچىنىڭ بىچارە جانىۋارغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

— ئەسلىدە دۇنيادا ھېچقانداق تاسادىپىيلىق مەۋجۇت ئەمەس، — ئىنگلىز ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىشىمنىڭ سەۋەبى دوستۇمنىڭ ئاجايىپ بىر ئەرەب ھەققىدە...

ئەمما، ئۇنىڭ گەپلىرى ئەمدىلا قوزغالغان كارۋاننىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى بىلەن ئاڭلانماي قالدى. سانتىياگو ئىنگلىزنىڭ نېمە

دېمەكچى بولغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى، ئۇ، دۇنيادىكى بارلىق هادىسىلەر تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، سىرلىق بولۇپ، ئۇلار ئىلاهى زەنجىر بىلەن بىر ـ بىرىگە باغلاپ قويۇلغان، ئۇنى پادىچى بولۇشقا مەجبۇر قىلىغانمۇ، بىر چۈشنى ئىككى قېتىم كۆرسەتكەنمۇ، ئافرىقا قىرغاقلىرىغا تاشلىغانمۇ، بۇ يەردە ئۇنى شاھ بىلەن ئۇچراشتۇرغانمۇ، ئالدامچىنىڭ توزىقىغا دەسسەتكەنمۇ ۋە ياكى فارفۇرچىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەتكەنمۇ ئەنە شۇ ئىلاهىي زەنجىر! شۇنىڭ بىلەن ئۇ «تاللىغان يولۇڭدا قانچىلىك ئالغا باسساڭ، ئۇ هاياتىڭنى شۇنچىلىك قۇدرەتلىك قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى.

كارۋان شەرق تامان كېتىپ باراتتى، قۇياش ھەر كۈنى تاغدەك قۇم بارخانلىرىغا باش قويغاندا، كارۋان شۇ جايدىلا چۈشكۈن قىلاتتى، ئەزان ۋاقتى بىلەن سەپەرگە ئاتلىناتتى، پېشىن سەراتانىدا ئازراق چۈشكۈن قىلىپ يەنە يولغا چىقاتتى. سانتىياگو ئىنگلىز بىلەن ئاندا ـ ساندا گەپ قىلىشاتتى، باشقا ۋاقىتلاردا ئىنگلىز كىتابتىن باش كۆتۈرمەيتتى.

سانتىياگو كارۋاندىكى ھەممە يولداشلارنى ئېرىنمەي، جىمجىت خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ھازىر ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئاۋۋالقى ھالىتىگە زادىلا ئوخشىمايتتى، كارۋانسارايدا تەرتىپسىزلىك ۋە گاڭگىراش ھۆكۈم سۈردى، ۋاي دات، بالىلار يىغىسى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى بىلەن سودىگەر، تۆگىچىلەرنىڭ ھاياجانلىق ۋارقىراشلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. جەزىرە باغرىدىكى سەپەردە چەكسىز جىمجىتلىقنىڭ ئەۋجىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى، ناگان ـ ناگاندا كۆرۈلۈپ قالىدىغان قويۇنتازلار ۋە جانىۋارلار تۇياقلىرىدىن چىققان رىتىملىق قۇم شىۋىرلاشلىرىلا ئۆلۈك

سۇكۇناتقا ھاياتلىقتىن ئۇرغۇ بېرەتتى.

— مەن بۇ چۆل - جەزىرىدە كۆپ قېتىم قاتنىغانمەن، — دېدى كۇنلەرنىڭ بىرىدە تۆگىچىلەردىن بىرى شېرىكىگە، — سەھرايى كەبىر شۇنچىلىك دەھشەتلىك ۋە بىپايانكى، بەزىدە ئۇنىڭ ئۇ چېتىگە چىقىشتىن ئۈمىدسىزلىنىسەن ياكى ئۆزۈڭنى ئىختىيارسىز قۇم زەررىچىسى دەپ ھېس قىلىسەن، قۇم دانىسى بولسا تىلسىز ۋە سەزگۈسىزدۇر.

پادىچى بالىنىڭ بۇ چۆلدە بىرىنچى قېتىم مېڭىشى بولسىمۇ، لېكىن تۆگىچى سۆزىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇرۇن ئوت ياكى دېڭىزغا زەن سېلىپ قارىغىنىدا تىلىغا نە سۆز، مېڭىسىگە نە بىر ئوي كەلمەي تەبىئەتنىڭ مىسلىسىز قۇدرىتىگە ئەسىر بولۇپ سائەتلەپ ئولتۇراتتى.

شۇ تاپتا ئۇ مۇنۇلارنى خىيال قىلماقتا ئىدى، «مەن قويلاردىن ساۋاق ئالدىم، فارفۇرلار ماڭا ئىبرەت بەردى، ھازىر جەزىرىدىن نۇرغۇن نەرسىنى ئۆگەنمەكتىمەن، مەن ئىلگىرى نېمىلەرنى كۆرگەن، ئاڭلىغان بولسام، ھازىر ھەممىسىدىن چۆل دانىشمەنرەك ۋە قەدىمىيرەك تۇيۇلماقتا».

ئاشۇ يەرلەردە شامال ئەسمەيدىغان ۋاقىت بولمايتتى، سانتىياگو تەرىفتىكى مۇنار ئۈستىدە شامالنىڭ شىددىتىنى ھېس قىلغان ۋاقىتنى ئەسلىدى، بەلكى ئەنە شۇ شامال بىر پەيتلەر ئەندالۇسىيە يەرلىرىدە ئوت - سۇ ئىزدەپ يۈرگەن قوي يۇڭلىرىنىڭ ھىدلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى.

بالىنىڭ مەسۇم، پاكىز ۋە بىر خىل سىرلىق خىيالى ئۈزۈلمەيتتى، «ئۇ قويلار ئەمدى مېنىڭكى ئەمەس، بەلكى مېنى ئۇنتۇپ يېڭى پادىچىغا ئۆگىنىپ قالغاندۇ، ئۇلاردىن ئازراقمۇ ئاغرىنمايمەن، نېمە بولسا مەيلى، قويلارمۇ بارلىق كۆچۈپ يۈرگۈچىلەرگە ئوخشاش ئايرىلىشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بىلىدۇ».

شۇ تاپتا مەۋۇتچىنىڭ قىزى ئېسىگە كەلدى، بۇ كەمگە ئاللىقاچان تۇرمۇشلۇق بولغاندۇ، كىمگە تەگدىكىن؟ ئاقبالداق ساتقۇچىغا تەگكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى خەت ئوقۇشنى بىلمىدىغان ۋە ئاجايىپ ۋەقەلەردىن ھېكايە قىلالايدىغان بىر پادىچىغا ياتلىق بولغاندۇ، بۇنداق يىگىت يالغۇز سانتىياگولا ئەمەسقۇ؟ ئۇنىڭ سەزگۈسى، ئۇنى ئۆز خىياللىرىنىڭ ھەقىقەتلىكىگە ئىشىنىشكە دەۋەت قىلاتتى، ئىلھاملاندۇراتتى. ئېھتىمال ئەمدى ئۇ پۇتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىلنى ئىگىلىگەندۇر ۋە دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى ھەم كېلەچىكىگە دائىر ھەممە سىرلارنى بىلەر؟ ئانىسى دائىم ئۇنىڭغا «كۆڭۈلنىڭ سېزىشى خۇدانىڭ نېمىتى» دەيتتىغۇ؟ ئەمدى سانتىياگو شۇنى ياخشى بىلىپ يەتتىكى، بۇلار جىمىكى ئادەمزات تەقدىرى ئۆزئارا باغلىق بولغان ئالەملىك روھقا سىڭىپ كەتكەن، بىزگە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىش ئىقتىدارى ئاتا قىلىنغان، بۇلار بولسا ئالللىقاچان يېزىپ قويۇلغان.

— مەكتۇپ، — دەپ ۋارقىرىدى سانتىياگو قارا باسقاندەك، شۇ تاپتا ئۇ توساتتىن خىرۇستال خوجايىنىنى ئەسلەپ قالغانىدى.

بەزىدە قۇملۇق چۆلدە شېغىللىق مەنزىللەر ئۇچراپ قالاتتى، ئەگەر كارۋان پاكار تاغلار، ئېگىز قۇم بارخانلىرى ياكى قۇرام تاشلىق يوللارغا توغرا كەلسە، ئايلىنىپ ماڭاتتى، مۇبادا ئۇلاقلارنىڭ تۇياقلىرى پېتىپ قالىدىغان يۇمشاق ۋە نەملىك ئۇچرىسىمۇ، يان يول بىلەن يۇرۇشكە توغرا كېلەتتى. بەزىدە يول شورتاڭ تۇپراققا ئالمىشاتتى، دېمەك بۇ ئەجەل گىردابىدا قاچانلاردىدۇر تەقدىرىگە قۇللۇق پۇتۇلۇپ، يوك ئارتىلغان جانىۋارلارنىڭ جېنى قاقشايتتى، ئۇلار پۇشقۇرۇپ زارلىناتتى، ئات -

تۆگىلەر پات ـ پات يېتىپ قالغاندا، ئۇلارنى بىر ئاماللاپ تۇرغۇزۇپ، يۈكلەرنىڭ بىر قىسمىنى يەلكە ـ دۈمبىلەردە كۆتۈرۈپ، يامان يوللار ئۆتكەندە يەنە ئۇلاغلارغا ئارتاتتى. ئەگەر كارۋانلاردىن بىرى ئاغرىپ ياكى ئۆلۈپ قالسا يېقىنلىرى ئۇنىڭ قالدى ئىشلىرىنى ۋەسىيەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇراتتى، بەزىدە بۇ ئىشلارغا قارىتا پال ئېچىشقىمۇ توغرا كېلەتتى.

كارۋان قانچىلىك يىلان ئىزىدەك يوللاردا ماڭمىسۇن ياكى تالاي قېتىم ئۆز يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتمىسۇن هامان مەقسەتسېرى ئىلگىرىلەيتتى. كېچىلىرى يولدىن ئاداشقاندا يۇلتۇزلارغا قاراپ يۆنىلىشنى توغرىلايتتى، تاڭدىكى ئاسماندا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا باققان ئادەملەرنى بەخت پەرىشتىسى چاقىرىۋاتقاندەك ئاۋۇناتتى، ئۇمىد ـ ئىشەنچكە تولاتتى، يولچى يۇلتۇزلار باشلىغان تامانلاردا ئۇلارنى سايە ـ سالقىنلار، سۇ، خورمىزارلىق ۋە سەلگىنە ئارام كۈتەتتى. بۇ يوللاردا پەقەت ئىنگلىز هېچنەرسىنى ئىلغا قىلالمىدى، يېڭى بىر كىتابىغا دۈم چۈشكەن پېتى كېتىپ باراتتى. سانتىياگومۇ سەپەرنىڭ تۇنجى كۈنلىرى كىتابنى ۋاراقلاپ باقتى، ئەمما كېيىن چۈشەندىكى، تەسەۋۋۇردىنمۇ كەڭ بۇ سۇر دەشت ۋە ئۇنىڭ يىراق ـ يېقىندىكى تىۋىشلار بىلەن تەرەپبال ئېسىدىغان غۇر ـ غۇر شاماللارغا دىققەت قىلىش كىتاب كۆرگەنگە قارىغاندا مەنىلىك ئىدى. ئۇ تۆگىسىنىڭ ئادەتلىرىنى ئۆگەندى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، تۆگىسىگە باغلىنىپ قالدى، كىتابىنى ۋاراقلىسا، قىزىقارلىق نەرسىلەرمۇ ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما تەبىئەت ئۇنىڭ خىيالىنى چېچىۋەتتى.

سانتىياگو ياندىشىپ كېتىۋاتقان تۆگىچى بىلەن ئاستا ـ

ئاستا تونۇشتى، شۇنىڭ بىلەن كارۋان دەم ئېلىش ئۈچۈن توختىغان كىچىلەردىكى گۈلخان ئەتراپىدا ئۇنىڭغا پادىچىلىق ھاياتىدىكى قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى. بىر كۈنى تۆگىچىمۇ ھەمراھىغا ئۆز ھاياتىدىن ھېكايە قىلدى:

— مەن ئەل - قەيرۇمغا يېقىن بىر قىشلاقتا ياشايتتىم، ئۆيۈم، پەرزەنتلىرىم ۋە بېغىم بار ئىدى، ئاسايىشلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتىم، بىر يىلى ياخشى ھوسۇل ئېلىپ، ئېشىنغان پۇلغا ئائىلىمىز بويىچە ھەجگە بېرىپ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ پەرزىنى ئادا قىلدۇق، ھاياتىمدىن ئۇمىدۋار ئىدىم، ئۆلسەممۇ پاك ئىمانىم بىلەن كېتەتتىم! ئەمما، كۈنلەرنىڭ بىرى تۇيۇقسىز يەر تەۋرىدى، نىل دەرياسى قىرغاقلىرىدىن تېشىپ جېنىمىزنى جاڭگالدا قويدى. قوشنىلار زەيتۇن دەرەخلىرىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كېتىشىدىن قورقسا، ئايالىم پەرزەنتلىرىمىزدىن ئەندىشە قىلاتتى، ئىشقىلىپ ئاپەتنىڭ ئۆمۈر بويى يىغقان روزىغارىمىزنى يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ دەھشەتكە چۈشتۇم. شۇنىڭدىن كېيىن يەرلىرىمىز شورلىشىپ ھوسۇل بەرمىدى، جاھان كېزىپ كۈن ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم، قارىمامسەن، تۆگە تارتىپ كېتىۋاتقىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ، بۇ جەرياندا ئاللانىڭ «سىرلاردىن قورقما، ھەربىر بەندەم نېمىنى خالىسا شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ، ئۇ نېمىگە موھتاج بولسا شۇنى بېرىمەن» دېگەن خاسىيەتلىك سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چۈشەندىم.

ھەربىرىمىز قولىمىزدىكى نەرسىلەرنى، مەسىلەن، ئېكىنىمىزنىمۇ ياكى ھاياتىمىزنىمۇ يوقىتىپ قويۇشتىن قورقىمىز. ئەمما، بىز ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنىمۇ، ئالەمنىڭ تارىخىنىمۇ دەپتىرى ئەزەلگە پەقەت بىرلا قولنىڭ پۈتىدىغانلىقىنى چۈشەنسەك بارلىق تەشۋىشلەر يوقىلىدۇ.

بەزى دېڭىزدا ئىككى كېمە ئۇچرىشىپ قالغاندەك، بىپايان چۆلدىمۇ ئىككى كارۋان دوقۇرۇشۇپ قالاتتى، بۇنداق ۋاقىتلاردا كارۋانلار ئۆزئارا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئالماشتۇرۇشاتتى، ئاخشاملىرى كارۋان گۇلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قۇم ـ بورانلار ھەققىدىكى، دەشت چۆلنىڭ تەبىئىتى توغرىسىدىكى كۆزىتىشلىرىنى ھېكايە قىلىشاتتى.

بەزىدە گويا ئاسماندىن چۈشكەندەك گۇلخان ئەتراپلىرىدا سەھرايى كەبىر يوللىرىنىڭ ھەر غېرىچىنى بەش قولدەك بىلىدىغان سىرلىق چۆلچىلەر پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇلار قەيەرلەردە قاراقچىلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش لازىملىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپلا، قانداق تىۋىشسىز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇ پېتى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كېتەتتى.

شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە كارۋان بېشى سانتىياگو بىلەن ئىنگلىز ئولتۇرغان گۇلخان يېنىغا كېلىپ:

— ئالدىمىزدا قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش بولۇۋېتىپتۇ، — دەپ ئۇقتۇردى.

ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھەممىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، بۇنداق ئۆلۈم تىمتاسلىقى ئىچىدە پەقەت سانتىياگولا بىر نەرسىنى يەنى ھاۋادىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ شەپىسىنى سېزىپ تۇردى، يېگانە ئالەم تىلىنى چۈشىنىشتە ئۇ ئۆزىدە بىر خىل سىرلىق قۇدرەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى.

تۇنجى بولۇپ جىمجىتلىقنى ئىنگلىز بۇزدى ۋە ئۇرۇشنىڭ كارۋان ئۈچۈن تەھلىكىسىنى سۈرۈشتۈردى.

— چۆلگە قەدەم باسقان ئادەم ئۈچۈن ئارقىغا قايتىش يوق، — دېدى كارۋان بېشى ئۆز سۆزىگە جاۋاب بېرىپ، — پەقەت

ئالغا قاراپ مېڭىۋېرىش كېرەك، باشقىسى ئاللانىڭ ئىلكىدە، ئۇ خالىسا ئۇتنىڭ ئىچىدە ساق قالىمىز، پەقەت «مەكتۇپ» دېگەن سۆزدىن كېيىنكىسىنى ئىچىگە تۈيۈپ سىرلىق ھالدا كېتىپ قالدى. كارۋان بېشىدىن ئىلھاملانغان سانتىياگو ئىنگلىزغا ئېيتتى:

— كارۋاننىڭ يۈرۈشىگە دىققەت قىلماي خاتا قىلدىڭ، تۆگىچىلەر جېنىدا سەپىرىمىز قانچىلىك مۇشەققەتلىك ۋە يۈرۈشىمىز چۇمۇلىدەك بولسۇن ئۆز مەقسىتىدىن ئېغىشماي ئىلگىرىلىمەكچى.

— سەن كىتاب كۆرمىگەچكە، ئالەمدە نېمىلەر بار، دۇنيادا قانداق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ بىلمەيسەن، مۇشۇ مەندە كىتاب خۇددى كارۋانغا ئوخشايدۇ، — جاۋاب بەردى ئىنگلىز.

تەشۈش ئىچىدە ئادەملەرمۇ، ھايۋانلارمۇ قەدەملىرىنى تېزلەتتى، سەپەرچىلەر ئاۋۋالقى كۈنلىرى ھارغىن ۋە جىمجىت يول يۈرۈپ، ئاخشاملىرى گۈلخان ئەتراپىدا ھەر يەرنىڭ ئەھۋالى، ئالەمنىڭ گەپلىرى ھەققىدە پاراڭ قىلىشسا، ئەمدى كارۋاننىڭ تۈزۈمى بويىچە بۇمۇ چەكلەندى. كېيىنرەك كارۋان بېشى قاراقچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتماسلىق ئۈچۈن ئاخشاملىرى گۈلخان ياقماسلىقنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىلغان ئادەم ۋە ھايۋانلار چۆلنىڭ سۈكۈناتىغا ھەقىقىي ئەسىر بولغاندەك شۈكلەشتى. دەھشەتلىك چۆلدە كۈندۈزى ئادەمنىڭ تېرىسىنى شۈلۈۋالغۇدەك ئىسسىق بولسا كېچىسى غولنى قورىغۇدەك سوغۇق بولاتتى، شۇڭا ئاخشاملىرى چۈشكۈن قىلغاندا، يولۇچىلار سوغۇقتىن پاناھلىنىش ئۈچۈن ئات ـ تۆگىلەرنى دائىرە قىلىپ تىزىپ ئوتتۇرىدا يېتىشاتتى، ساربان (كارۋان بېشى) بەلگىلىگەن

مەخسۇس قوراللىق قورۇقچىلار تۈن بويى ئەتراپنى مۇھاپىزەت قىلاتتى، تۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىنگلىزنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، سانتىياگونى چاقىردى ۋە ئۇلار چۆشكۈن قىلغان ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرۈشتى. ئاياللارنىڭ بەدىنىدەك بۇ ئەترەڭ دولقۇنسىمان چەكسىزلىكنى تولۇن ئاي سۈت سەپكەندەك يورۇتۇپ تۇراتتى. سانتىياگونىڭ نىمە ئۈچۈندۇر ھەممە سەرگۈزەشتىلىرىنى ئىنگلىزغا ئېيتىپ بەرگۈسى كېلىپ قالدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ فارفۇرچىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلىگەندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنگلىزنى ھەيران قالدۇردى.

— مانا، ئالەمنى نىمە ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتىدۇ، — دەپ ئۆزىگە سوئال قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى سانتىياگو، — بۇنىڭ جاۋابى دەل ئەلكىمىياگەر، ئۇ ئالەم روھى دەپ ئاتىلىدۇ، قاچانكى بىر نەرسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن ئارزۇ قىلساڭ، ئەنە شۇ ئالەم روھىغا قوشۇلۇپ كېتىسەن، ئۇنىڭدا بۈيۈك قۇدرەت بار. ئۇ يەنە ئالەمدىكى ئوت، سۇ، ھاۋا ۋە تۇپراق قاتارلىق بارلىق ئۇنسۇرلاردا روھ بارلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

— يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، چۈنكى تۇپراقنىڭ ئۆزى تىرىك، ئۇنىڭ روھى بار، بىز بولساق ئاشۇ روھنىڭ زەررىلىرى، شۇڭا بەخت ـ ئىقبالىمىز ئۈچۈن دائىم ئۇنىڭدىن ئىلتىپات تىلەپ تۇرىۋەرمەسلىكىمىز لازىم. ئەمما، سەن دۇكاندا ئىشلىگىنىڭدە ئاشۇ خىرۇستاللارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىڭنىڭ ئاساسي سەۋەبكارى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇشۇڭ كېرەك ئىدى سانتىياگو، — دەپ ئۆزىگە خىتاب قىلدى بالا.

ئۇ گاھ سۈتتەك ئاسمانغا، گاھ ئاي بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالغاندەك ئۆركەشلىك دالاغا تىكىلگىنىچە سۇ يۈتۈمى تىنچلاندى ۋە كېيىن ئايەت ئوقۇغاندەك پىچىرلاپ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى:

— بۇ جەزىرىدە كارۋىنىمىزنىڭ قانداق ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇ چۆل بىلەن بىر تىلدا ئالاقە قىلغاچ، چۆل ئۇنىڭغا ئۆز باغرىدىن يول بەردى. دەشت ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمىنى نازارەت قىلدى، سىناقتىن ئۆتكۈزدى، كارۋاننىڭ قۇملۇق بىلەن بىر خىل رىتىمدا كۈيلەۋاتقانلىقىغا ۋە بىر گەۋدىلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئىشەنچىم كامىللىشىپ بارماقتا. ئەگەر كىمكى ئۆزىنى يالماۋۇزدەك پالۋان چاغلىمىسۇن، بۇ تىلنى بىلمىسە سەپەرنىڭ بىرىنچى كۈنىدە ھالاك بولاتتى.

ھەر ئىككىلىسىنىڭ نىگاھى ئايغا تىكىلدى.

— بۇ بېشارەتنىڭ سېھرى - سىناتى، — داۋام ئەتتى سانتىياگو پىكرىنى، — كارۋاننىڭ چۆل ئالامەتلىرىنى تىڭشاپ بېرىشى — روھلارنىڭ ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىپ بېرىشى دېمەكتۇر.

ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئاخىر ئىنگلىزغىمۇ زوۋان كىردى:

— توغرا، ئۇنداقتا كارۋاننىڭ ھەربىكىتىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىشىم كېرەككەن.

— ئەمدى كىتاب ئوقۇش پۇرستى ماڭا كەلگەن ئوخشايدۇ، — قوشۇپ قويدى سانتىياگو.

بۇ بەكمۇ غەلىتە كىتابلار ئىدى، ئۇلاردا سىماب ۋە تۇز، پادىشاھ ۋە ئەجدىھالار ھەققىدە سۆزلەنگەنىدى، لېكىن سانتىياگو خېلى كۆپ مەزمۇنلارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇسىمۇ ھېچنەرسىنى چۈشەنمىدى، ئەمما ئۇ ھەممە كىتابتا بىر خىل ئورتاقلىقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بولسىمۇ، ئالەمدىكى بارچە نەرسىلەر بىردىنبىر يېگانە بارلىقنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى كۆرۈنۈشى دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

كېيىنرەك ئۇ باشقا بىر كىتابتىن ئەلكىمىياگەر ھەققىدىكى مۇھىم ئۇچۇرنىڭ زۇمرەت تاشنىڭ يۈزىگە چېكىلگەن بىرنەچچە قۇر خەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— بۇ «زۇمرەت لەۋھە» دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى ئىنگلىز سانتىياگوغا گويا بىر مەخپىيەتلىكنى ئېيتىپ بەرگەندەك مەغرۇر قىياپەتتە.

— ئۇنداقتا بۇ ھەقتە شۇنچە كۆپ كىتاب يېزىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ — سورىدى بالا.

— باشقا كىتابلاردا ئەنە شۇ نەچچە قۇر خەت مەزمۇنىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ھەرخىل نۇقتىدىن ئىزاھلانغان.

مەشھۇر ئەلكىمياگەرلەر ھەققىدىكى كىتاب سانتىياگونى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇردى، ئەلكىمياگەرلەر پۈتۈن ئۆمرىنى تەجرىبىخانىلىرىدا مەدەنلەرنى تازىلاش ۋە تاۋلاشقا بېغىشلىغان ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار بىرەر مەدەن ئۈستىدە ئۇزاق يىللار تىنىمسىز ئىشلەۋەرسە، ئاخىر ئۆزلۈككە خاس خۇسۇسىيەتلەرنى يوقىتىپ، سىرلىق ئالەم روھى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشكە ئىشىنىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئالىملار يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىلەرنىڭ ئورتاق تىلى بولغان ئالەم روھىنى بايقاپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى بىلىپ يېتىدىكەن، ئۇلار مەزكۇر كەشپىياتنى سۇيۇق ۋە قاتتىقتىن ئىبارەت ئىككى ئۇنسۇرغا ئايرىپ، بۇنى «بۈيۈك ئىجادىيەت» دەپ ئاتىغانىكەن.

— بۇ تىلنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئادەملەر ۋە ئالامەتلەرنى ئۆگىنىش كۇپايە قىلارمۇ؟ — سورىدى سانتىياگو.

— سەنچە ھەممە نەرسە ئاسانلىقچە ھەل بولسا، — ئىنگلىزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ سۆزلىدى، — ئەلكىميا بۇ ئىنتايىن نازۇك پەن، بۇ ئىلىم يولىدىكى ھەربىر قەدەم دانىشمەنلەرنىڭ تەلىماتى بىلەن بىردەك بولمىقى لازىم.

بالا «بۈيۈك ئىجادىيەت» تىكى سۇيۇق ئۇنسۇرنىڭ «باقىيلىق ئەل - ئىكسىرى» دەپ ئاتىلىپ، بارچە كېسەللىكلەرنىڭ دەۋاسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، ئەلكىمياگەرلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا قاتتىق ئۇنسۇرنىڭ «ھېكمەت تېشى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

ئىنگلىز توختىماي سۆزلەيتتى:

— ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس، ئەلكىمياگەرلەر مەدەننىڭ قانداق تازىلىنىدىغانلىقىنى كۆزىتىش ئۈچۈن، تەجرىبىخانىلىرىدا يىللاپ ئولتۇرۇشقان، ئۇلار ئۆمرىدە گويا

ئاتەشپەرەسلەردەك ئوتقا شۇنچىلىك كۆپ ۋە ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشقانكى، مەدەننىڭ سوزۇلۇش جەريانى ئەمەلىيەتتە ئۇلار قەلبىنىڭ يۇيۇلۇش، روھىنىڭ پاكلىنىش جەريانى بولغان.

سانتىياگو بۇلارنى ئاڭلاپ، فارفۇرچى سودىگەرنىڭ «مېڭىمىزنى چاڭ - توزاندىن تازىلىشىمىز كېرەك» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ قالدى، ئۇ كۈندىلىك ھاياتتىن ئەلكىمىيانى ئۆگىنىشنىڭ مۇمكىنلىكىگە تامامەن ئىشەندى.

— بۇنىڭدىن باشقا، — دېدى ئىنگلىز، — ھېكمەت تېشى شۇنداق مۆجىزىۋى قۇدرەتكە ئىگىكى، ئۇنىڭ بىر تال ئۇۋۇقىمۇ دۆۋە - دۆۋە مەدەنلەرنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن.

بۇلارنى ئاڭلاپ بالىنىڭ ئەلكىمىياغا بولغان قىزىقىشى ھەسسىلەپ ئاشتى، سەۋر - تاقەت بولسىلا، خالىغان نەرسىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىكەن، دەپ ئويلىدى. چۈنكى ئۇ بۇ مۆجىزىۋى كارامەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان گېلىۋېتسىي، ئېلىئاس، فۇلكانېللى، ھېببېر قاتارلىق ئالىملەرنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئوقۇپ ھەيرەتكە چۆمگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئەلكىمىياگەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى توغرا دەپ ماڭغان يولىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرغان، ئۇلار ئۆمۈر بويى ئالەم كەزگەن، كۆپلىگەن دانىشمەنلەر بىلەن ئۇچراشقان، ئۇلار ئۆز ئىشىدىن شۇبھىلەنگەنلەرنى مات قىلىش ئۈچۈن مۆجىزىلەر كۆرسىتىشكەن، چۈنكى ئۇلار خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەر — ھېكمەت تېشى بىلەن باقىيلىق ئەل - ئىكسىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگەللىگەنلەردىن ئىدى.

كېيىن زادى «بۈيۈك ئىجادىيەت» مەزمۇنىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كىتابلاردىن تېپىمۇ چوڭقۇر بىلىشكە ئىنتىلگەن سانتىياگو بارغانچە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، چۈنكى كىتاب سەھىپىلىرى بىرمۇنچە چۈشىنىكسىز رەسىملەردىن باشقا، ئاغزىغا كەلگىنىنى بولۇشىغا بىلجىرلىغان بىمەنىلىكلەر بىلەن تولغانىدى.

— نېمە ئۈچۈن ئەلكىمىياگەرلەرنىڭ كىتابلىرى چۈشىنىكسىز ۋە داشقايناق يېزىلغان؟ — سورىدى ئۇ بىر كۈنى كىتابسىز زېرىكىپ ئولتۇرغان ئىنگلىزدىن.

— چۈنكى يېزىلغانلارنىڭ مېغىزىنى چېقىش قابىلىيىتى پەقەت ئەلكىمىيا ھېكمەتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھېس قىلالايدىغانلارغىلا ئاتا قىلىنغان. قېنى ئويلاپ كۆرگىن، ئىنسان ئازراق جاپا تارتىپلا قوغۇشۇننى ئالتۇنغا ئايلاندۇرىۋەرسە، بۇ قانداق بولغىنى؟ ئالتۇن نېمە، قوغۇشۇن نېمە، ئىش بۇنداق ئوڭاي بولىۋېرىدىغان بولسا، بۇ چاغدا بۇلار پەرقسىز نەرسە بولۇپ قالامدۇ؟ بىلىپ قويىكى، بۇيۈك ئىجادكارلىق پەقەت بەرداشلىق بېرىش كۈچىگە ئىگە دانىشمەنلەرگىلا ئۆز سىرىنى ئاشكارىلايدۇ، مېنىڭ بۇ كۈنلەردە بۇنداق سەھرايى قىيامەتنىڭ مەركىزىدە يۈرۈۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ! مەن ئاشۇ سىرلىق پۈتۈكلەرنىڭ قۇرلىرىغا يوشۇرۇنغان ھېكمەتلەر سىرىنى يېشىشكە ياردەم بېرىدىغان ئەلكىمىياگەرنى چوقۇم تېپىشىم كېرەك.

— ئۇنداقتا بۇ كىتابلار قاچان يېزىلغان؟

— ناھايىتى كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرى.

— قەدىمدە باسمىخانىلار بولمىغان، دېمەك ئىلگىرىدىن ھازىرغىچە ئەلكىمىيا بىلەن ساناقلىقلا ئادەملەر شۇغۇللىنىپ كەلگەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ كىتابلارنىڭ تىلى نېمە ئۈچۈن مۇرەككەپ ۋە رەسىملىرى سىرلىق سىزىلغان؟

ئىنگلىز ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى، ئازراق جىمجىتلىقتىن كېيىن بىرنەچچە كۈندىن بۇيان كارۋاننى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ھېچبىر يېڭىلىق سەزمىگەنلىكىنى ئېيتتى، سەپەرداشلار ئارا پەقەت چۆل قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ھەققىدە پاراڭ بولاتتى، خالاس!

ئاندىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، سانتىياگو ئىنگلىزغا كىتابلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى.

— خوش، بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ نېمىلەرنى چۈشىنىۋالدىڭ؟ — ئىنگلىز كىنايىلىك سوئال سوراش ئارقىلىق سانتىياگونىڭ ئېغىزىنى كوچىلىدى، ئۇ پاراڭ ئارقىلىق ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ تەشۋىشلىك خىياللاردىن قۇتۇلۇشنى ئىستەيتتى.

— بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ ئالەمدە روھ بارلىقىنى ۋە بۇ روھنى ھېس قىلغان بەندىنىڭ بارلىق مەۋجۇداتنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم، يەنە نۇرغۇن ئەلكىمياگەرلەرنىڭ ئۆز ئىشىغا بېرىلىپ، ئاخىرى ئالەم روھى، ھېكمەت تېشى ۋە ئۆمۈر باقىيلىق ئەل ـ ئىكسىرىنى تاپقانلىقىنى بىلدىم. ئاخىرىدا سانتىياگو سۆزىدىن شۇنداق خۇلاسە چىقاردى، چۈشەنگەنلىرىمنىڭ جەۋھىرى شۇ بولدىكى، بۇ ئىلىملەر شۇنچىلىك ئاددىي بولغان، ھەممىسىنى يىغسا زۇمرەت تاشنىڭ بىر ئالاھىدىلىكىگە توغرا





كېلىدىكەن.

بالىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىنگلىزنىڭ چىرايى ئۆزگەرگەندەك بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ شۇنچە يىللار ئۆگەنگەن بىلىملىرى، سېھىرلىك مەجازلىرى، پەلسەپىۋى ھېكمەتلىرى، ئەلكىمىياگەرلەرنىڭ ئۇزۇن نەيچە ۋە غەلىتە ئىدىشلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ ھېچبىرى سانتىياگودا زەررىچىلىك تەسىرات قالدۇرمىغانىدى.

«بۇلارنى چۈشىنىش پادىچىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ» دەپ ئويلىدى ئىنگلىز ۋە كىتابلىرىنى تۇرمەكلەپ، تۆگىدىكى چامدانلىرىغا جايلاشتۇردى، ئۇ سەل سەپرالاشقان ئىدى.

— سېنىڭچە، بىر ئۆمۈر يىغقانلىرىمىنىڭ ھەممىسى كېرەك-سىز كىتابلار بولسا، سەن ئېيتقاندەك كارۋاننى كۆزىتىشنىڭمۇ مەن ئۇچۇن يارماقچىلىك قىممىتى يوق شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇراپ.

سانتىياگو يەنە چۆل جىمجىتلىقىنى تىڭشاشقا ۋە ھارغىن تۆگىلەرنىڭ تاپانلىرىدىن چىچىلىۋاتقان قۇمنىڭ رىتىملىق شىۋىرلاشلىرىنى كۆزىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

كېيىن ئۇ چۆل قۇملىرىدەك چېچىلىپ كەتكەن خىيالىنى بىردىنلا يىغدى - دە، بىر نۇقتىغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ ئويلاپ قالدى، «ھەر كىمنىڭ دۇنيانى ئۆگىنىدىغان ئۆزىگە خاس ئۇسۇلى بار. ئۇنىڭ ماڭا، مېنىڭ ئۇنىڭغا ماس كەلمەسلىكى تۇرغان گەپ، شۇنداق بولغاچقا، ئىنگلىزنىڭ قاراشلىرىنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقىم پەزىلەت ئەمەس».

كارۋان كېچىسىمۇ يورۇشنى داۋاملاشتۇردى، پات ـ پات ياۋايى ئەرەبلەر پەيدا بولۇپ، ساربانغا نېمىلەرنىدۇر دەپ غايىب بولۇشاتتى، سانتىياگو بىلەن دوستلىشىپ قالغان تۆگىچى قەبىلىلەر ئارا بولۇۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى ئېيتتى، ئەگەر كارۋان ئىستىقبالىدىكى كەنتلەرنىڭ بىرسىگە ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالىسا، ئامەتنىڭ كەلگىنى شۇ ئىدى.

تۆگە ۋە ئاتلار ھېرىپ، ئاران كېتىۋاتاتتى، ئادەملەرنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى، كېچىدىكى تۆگىلەرنىڭ بوزلىشى، ئاتلارنىڭ كىشنىشى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى يىراقلاردىن سادا قايتۇرۇپ، گويا يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان دۈشمەندىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك يولۇچىلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالاتتى...

ھەمرا تۆگىچى، ئېھتىمالى بولغان ھەرخىل خەۋپلەرگە پەرۋامۇ قىلمايتتى.

— مانا تېنىمدا تىنىق بارمۇ، ھاياتمەن دېگەن گەپ، —

ئايسىز ۋە گۈلخانسىز بىر تۈندە ئۇ سانتىياگوغا سەممىي ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن سۆزلەشكە باشلىدى، ــ شۇ تاپتا مەن پەقەت خورما يەپ كېتىۋاتىمەن، شۇڭا باشقا ھېچنەرسىنى ئويلىمايمەن، ئەگەر جەڭ قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، باشقا ۋاقىتلارغا ئوخشاش شۇ كۈنمۇ ئۆلۈمۈم ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل بىر كۈن بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بىلىسەنغۇ ئوغۇل، مەن ئۆتمۈش ھەققىدىكى ئەسلىمىلەر ياكى كەلگۈسى ئارزۇلار بىلەن ياشايمەن، بۈگۈنۈم بىلەن ھاياتىم قىممەتلىك، دېمەك مېنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغىنى ھازىر، خالاس. ئەگەر سەنمۇ بۈگۈنكى كۈننىڭ ئىشتىياقى بىلەن ياشىغىنىڭدا ئىدى، تەڭرىنىڭ ئەڭ بەختلىك بەندىسى بولغان بولاتتىڭ، شۇ چاغدا بىزنى ئوراپ تۇرغان جەزىرىنىڭ ئۆلۈك ئەمەسلىكىنى، سامادىكى يۇلتۇزلارنىڭ كۆز قىسىشىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇرۇشۇۋاتقانلارنىڭ ئىنسان نەسلى سۈپىتىدە نەفسى تەقەززاسىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتىڭ، ھاياتىڭ ئەبەدىي ۋە چەكسىز خۇشاللىققا تولاتتى، چۈنكى ئۇ ھازىرقى دەمدىن باشقا ھېچنەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

ئارىدىن ئىككى تۈن ئۆتۈپ، كارۋان چۈشكۈن قىلغاندا، سانتىياگو يولچى يۇلتۇزلارغا سەپسېلىپ نەزەر تاشلىدى، ئۇنىڭغا ئاسمان بېشى ئۈستىگىلا كېلىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. جەزىرە ئاسمىنىدا قۇمدەك سانسىز يۇلتۇز ئاۋۋالقىدىنمۇ يورۇقراق يېنىپ تۇراتتى.

ــ قارىماسەن، بىز كېتىۋاتقان ئۆتەڭ قارشىمىزدىلا تۇرۇپتۇ، ــ دېدى تۆگىچى تونۇش يۇلتۇزلارنىڭ بىرسىگە قارىۋېتىپ.

ــ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن يورۇشنى داۋام قىلمايمىز؟

ــ چۈنكى ئۇخلىۋېلىشىمىز كېرەك ـ تە!

قوياش ئۇپۇقتىن مارىلاي، دېگەندە سانتىياگو ئويغاندى، ئاسماننىڭ تۆگىچى كۆرسەتكەن تەرەپ يۇلتۇزلىرى ئاستىدا خورمىزارلىق گويا سەھرايى كەبىرنى قورۇقداۋاتقان جەڭچىلەردەك قارىيىپ نامايان بولدى.

— ئاخىر يېتىپ كەلدۇق، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئەمدىلا ئويغانغان ئىنگلىز ياۋروپالىقتا خاس قىياپەتتە قۇچاقلىرىنى يوغان كېرىپ.

بالا سۈكۈت ساقلىدى، چۈنكى ئۇ سەۋر - تاقەتنى چۆلدىن ئۆگەنگەن، شۇڭا خورما دەرەخلىرىگە شۇنچىلىكلا نەزەر سېلىپ قويدى، ئېھراملارغىچە يول تېخى ئۇزاق، بىر ۋاقىتلاردا ئۇشبۇ تاڭمۇ خاتىرىگە ئايلىنىدۇ، لېكىن ئۇ تۆگىچىنىڭ ھايات پەلسەپىسىنىڭ ئەكسىچە ھازىردىكى خۇشاللىقنى ئۆتمۈش ئەسلىمىلىرى ۋە كەلگۈسى ئارزۇلىرى بىلەن باغلاپ ئەۋجىگە كۆتۈرمەكتە ئىدى. ھەئە، شۇنداق بىر كۈن كەلگەندە، خورمىزارلىق يېشىل چۈشكە ئايلىنىدۇ، ئەمما ئۇ ھازىر سالقىنلىق، ئابىھايات ۋە





خەۋپسىزلىكنىڭ مەنبەسى بولۇۋاتاتتى، تۆگىلەرنىڭ تۈندىكى بوزلاشلىرى ئەمىنلىكتىن قانداق بىشارەت بەرسە، تاڭدىكى خورمىزارلىق چۈشكۈن ۋە هارغىن كارۋانغا خۇددى شۇنداق مۆجىزىۋى خاتىرجەملىك بەخش ئەتمەكتە ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن «ئالەم ھەممە تىللاردا گەپ قىلىشنى بىلىدۇ» دەپ ئويلىدى سانتىياگو.

يۇزلەپ ئادەملەر ۋە جانىۋارلارنىڭ بۇ خورمىزار ئۆتەڭ مەھەللىگە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن، ئەلكىمىياگەرنىڭ كاللىسىغا «ۋاقىت قانچىلىك تېز ئۆتسە، كارۋانلارمۇ قەدەملىرىنى شۇنچە تېزلىتەر» دېگەن ئوي كەلدى.

ئاخىرى بۇ چۆلدىكى خورمىزار مەھەللە كىشىلىرى يېڭى كەلگەنلەرنىڭ ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرىنى ئاڭلىدى، چاڭ ـ توزان ئاسمانغا قىلىن بىر قەۋەت پەردە تارتقانىدى، بالىلار تۆشۈك ھەرىلىرىدەك تۇشمۇتۇشتىن چىقىپ ۋە قوغلىشىپ چۇمۇلىدەك سەپ تارتقان ئۇزۇن كارۋاننى تاماشا قىلدى. ئەلكىمىياگەر قەبىلە سەردارلىرىنىڭ ساربان يېنىغا كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇزاق مۇزاكىرە ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇردى.

ئەلكىمىياگەر بۇلارغا قىزىقمايتتى، بۇ ماكانغا كۆپ ئادەملەر كېلىپ كەتكەن، لېكىن خورمىزارلىق ۋە چۆل ھېچ ئۆزگەرمىدى، بەلكى باقىيلىقىغىچە ۋە ئۆز مەۋقىيىچە قېلىۋەردى، ئۇ بۇ يەرلەر ـ





گە قەدەم رەنجىدە كەلگەن پادىشاھلارنىمۇ، گادايلارنىمۇ كۆرگەن. ئەمما، شامالللارنىڭ ئەمرى بىلەن شەكلى ۋە ھالىتىنى تېز - تېز ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان قۇم بارخانلىرى ئەلكىمياگەرنىڭ بالىلىق خاتىرىسىگە قانداق ئورنىغان بولسا، ھازىرمۇ شۇ پېتىچە سۇرەت-لەنمەكتە. شۇنىڭغا قارىماي، ھەر تەرەپتىن كېلىپ كۆپكۆك ئاسمان ۋە سۇررەڭ قۇملۇقنىڭ ياپپېشىل خورمىزارلىققا ئورۇن بوشىتىپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەن سەيياھنىڭ قەلبىدە جۇش ئۇرغان خۇشال-لىق ئەلكىمياگەرگىمۇ ئالەمچە قۇۋانچ ئېلىپ كېلەتتى.

ئۇ سەللە ئوراپ، ئۇزۇن ئاق يەكتەك كىيگەن ئىدى، ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن شىراق پۇتلىرى بىلەن ئۇزاققىچە قۇمغا دەسسەپ يالغۇز تۇردى ۋە «بەلكى خۇدا ئۇممەتلىرىنىڭ يېشىللىققا زارىقىپ، جەننەتنى چۈشەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، بۇ چۆللەرنى ياراتقان بولغىيتى؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

كېيىن ئۇ كۆز ئالدىدىكى ۋەقەلەرگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈردى، ئەلكىمياگەر ئىلىمۇ ئەسرارىنى ئۆگىتىدىغان ۋە تاپشۇرىدىغان ئادەمنىڭ مۇشۇ كارۋان بىلەن كېلىدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئەلكىمياگەر گەرچە بۇ ئادەمنى تونۇمىسىمۇ، لېكىن تەجرىبىلىك نەزەرى بىلەن ئالىمان ئىچىدىن بايقىۋېلىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئاۋۋالقىسىدىن ئىقتىدارلىق بولۇپ چىقىشىغا ئىشىنەتتى.

ئۇ يەنە شۇنداق ئويلاپ قالدى، «نېمىشقا ئۆز بىلىملىرىمنى باشقىلاردىن پىنھان ھالدا ئۇنىڭغا ئۆگىتىشىم كېرەك، بۇنىڭ سىر تۇتقۇدەك نەرى بار؟ ئاللا ئۆز مۆجىزىلىرىنى جىمىكى مەۋجۇداتتا ئوچۇق - ئاشكارا نامايان قىلغانغۇ؟»

ئەلكىمياگەر ئۆز سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەۋېتىپ، ئاخىرى شۇنداق يەكۇن چىقاردى.

«ئۆگىنىلىشى لازىم بولغان بۇ ئىلىم ئىجتىھات جەۋھىرى، ئەسلىي ھايات ھاسىلىسى! ئۇنى سۆزلەرگە كۆچۈرۈشنىڭ ياكى سۈرەتلەرگە مۆھۈرلەشنىڭ ئىمكانىيىتى يوق. دېمەك، ئادەمزاتنىڭ سۆز ۋە سۈرەتلەرگە مەھلىيا بولۇپ، ئاقىۋەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىلنى ئۇنتۇشقا يۈزلەنگەنلىكى گۇمراھلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس».

يولۇچىلار تېزلىك بىلەن قەبىلە باشلىقىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېرىلدى، سانتىياگو كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، چۈنكى چۆلدىكى بۇ خورمىزار ئۆتەڭ تارىخ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنغاندەك بىر قۇدۇق ۋە نەچچە تال خورما دەرىخى بار كىچىك كەنت ئەمەس، بەلكى بەزىبىر ئىسپان يېزىلىرىدىنمۇ چوڭراق كۆجۈم يۇرت ئىكەن، يۈزلىگەن قۇدۇق ۋە تۈمەنلىگەن خورما دەرەخلىرى ئارىسىدىكى چېدىر ئۆيلەرنىڭ سانىنى بىلگىلى بولمايدىكەن.

— «مىڭبىر كېچە» نىڭ دەل ئۆزى، — دېدى ئىنگلىز ئەلكىمياگەرنى كۆرۈشكە تاقەتسىزلىنىپ.

باللار مېھمانلارنى ئورۇۋېلىشتى، ئۇلار ئادەملەر، تۆگىلەر ۋە ئاتلارغا ھەيران بولۇپ قارايتتى، ئەرلەر سەيياھلاردىن چۆلدە بولۇۋاتقان جەڭلەر ۋە ئۇلارنىڭ كۆرگەن - كەچكەنلىرى توغرىسىدا سورىسا، ئاياللار كارۋاندا قانداق ماتا ۋە تاقىنچاقلارنىڭ بارلىقىغا قىزىقاتتى. چۆل جىمجىتلىقى قاچانلاردا كۆرگەن چۈشتەك بىردىنلا غايىب بولۇپ، ئۆتەڭ مەھەللە گۇڭگۇر - مۇڭگۇر

سۆزلىشىشلەر، كۆلكە ئاۋازى ۋە چۇقان - سۈرەنلەر بىلەن ئويغاندى. سەيياھلار جەزىرىدە گويا ئىسكىلىت شاھقا ئوخشاپ قالغان بولسا، ئەمدى ئۇلارنىڭ روھى ۋە تېنى كۆكىرىشكە باشلىدى.

تۆگىچى سانتىياگوغا خورمىزاردا ئاساسەن ئاياللار بىلەن بالىلار ياشىغاچقا، بۇ يەرنىڭ ئەزەل - ئەزەلدىن ھېچكىمگە قارام بولمىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇرۇشقۇچى تەرەپلەر ئاياللار ۋە بالىلار گۇناھسىز، خورمىزارلىق بولسا ئۇلارغا باشپاناھ دەپ قارىغاچقا، ئۆزئارا ئۇرۇش - جېدەللەرنى چۆلدە ئېلىپ بېرىشىدىكەن.

ساربان بىر ئازدىن كېيىن ھەممىنى يىغدى ۋە قەبىلىلەر ئارىسىدىكى نىزالار توختىغۇچە خورمىزاردىن قوزغالمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يولۇچىلار مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ۋە ئۇلار يەرلىك ئادەتكە ئاساسەن قولىدىن كېلىشىچە يولۇچىلارغا ساھىبخانلىق قىلىدىغان بولدى، كېيىن كىمنىڭ قولىدا قورال بولسا، ھەتتا ساربانىنىڭ قوروقچىلىرىمۇ قوراللىرىنى تاپشۇرۇشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلدى.

— ئۇلارنىڭ قائىدىسى بويىچە ئەسكەرلەر ۋە قوراللىقلارنى ئۆتەك قوبۇل قىلمايدىكەن، — چۈشەندۈردى ئۇ.

ئىنگلىزنىڭ يانچۇقىدىن پارقىراق تاپانچىسىنى چىقىرىپ يىغىۋالغۇچىغا بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سانتىياگو بەكمۇ ئەجەبلەندى:

— نېمىشقا تاپانچا ئېلىپ يۈردۈڭ؟

— ئىنسانلار ئارا ئىشەنچ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، — غەلىتە لوگىكىلىق جاۋاب بەردى ئىنگلىز. ئۇ سەپىرىگە سەۋەب بولغان ئادەمنى كۆرۈش مۇمكىنچىلىكىنىڭ تۇغۇلغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان ئىدى.

سانتىياگو خەزىنە ھەققىدە خىيال قىلاتتى، ئۇ ئارزۇسىغا





يېقىنلاشقانسېرى مۇشەققەتلەرنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. قېرى پادىشاھ مەلكىسىدىق ئېيتقان «باشلىغۇچىلارنىڭ دائىمىي ھەمراھى بولغان (ئامەت)، مۇ ئۇنىڭغا جامالىنى كۆرسەتمىدى»، ئۇنىڭ نەزەرىدە ھازىر ئۇنى ئالغا يېتەكلەۋاتقان نەرسە — ئۆز مەقسىتىنى ئىزدەۋاتقان ئادەمنىڭ سەبرى ۋە جاسارىتى ئىدى، شۇڭا سانتىياگو تەنتەكلىك قىلماسلىق كېرەك، دەپ قارىدى. ئەكسىچە بولسا ئۇ تەڭرىنىڭ ئۆز يولىغا سالغان بېشارەتلىرىنى سەزمەي قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

سانتىياگو كۆڭلىدە «تەڭرى ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرغان» دەپ ئويلىدى ۋە پىكىرلىرىدىن ھەيران بولدى. ئۇنىڭغا ئاچلىق ۋە تەشنالىق، مۇھەببەت ئىزتىراپى ۋە مەقسىتىنىڭ كەينىدىن يۈرۈشكە ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ تەبىئىي تەرتىپىدەك تۇيۇلدى، پادىچى بالا بۇرۇن ئۆزىنىڭ نېمە ئىزدىشى كېرەكلىكى ھەققىدە تەڭرىنىڭ ئۆزى بىلەن بېشارەتلەر تىلىدا سۆزلەشكەنلىكىنىمۇ سەزمىگەن ئىدى.

«سەۋر قىل» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — تۆگىچى ئېيتقاندەك تاماق ۋاقتى قورساق تويغۇز، سەپەر ۋاقتى يولغا چۈش...

سەپەردە ھاردۇق يەتكەچ، بىرىنچى كۈنى ھەممە كىشى ھەتتا ئىنگلىزمۇ ياستۇقتىن باش كۆتۈرمەي ئۇخلىدى، سانتىياگو چۈشكەن چېدىردا بەش بالا بار ئىدى. بالىلارنىڭ يېشى تەخمىنەن پادىچى بىلەن تەڭ بولۇپ، ئۇلار شەھەرلىكلەرنىڭ ھاياتىغا بەكمۇ قىزىقاتتى.

سانتىياگو ئۇلارغا پادىچىلىق ھاياتى ھەققىدە ھېكايە قىلىپ بەردى، ئەمدى فارفۇرچىنىڭ دۇكىنىدىكى تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆز باشلىۋېدى، چېدىرغا ئىنگلىز شامالدەك يۈگۈرۈپ كىرىپ

دېدى:

— ئەتىگەندىن بېرى سېنى ئىزدىدىم، ئەلكىمىياگەرنى تېپىشىمغا ياردەم بەر.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئەلكىمىياگەرنى ئىزدەپ تاپالمىدى ۋە ئاخىرى ئەلكىمىياگەرنى ئاددىي ئادەملەرگە ئوخشاش ياشىماي، چېدىردا شامۇ سەھەر ئوت يېقىپ پىنھان تەجرىبە ئىشلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن چۆلدىكى بۇ خورمىزار يېزىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتى، خورمىزارلىق ئۇلارغا دەسلەپكى تەسىراتىدىنمۇ چوڭ تۇيۇلۇشقا باشلىدى، چېدىرلار چەكسىزدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— بۈگۈنكى كۈنىمىزمۇ بىكارغا كەتتى، — دېدى ئىنگلىز قۇدۇقلاردىن بىرىنىڭ بېشىدا ھارغىن ئولتۇرۇۋېتىپ.

— يەرلىكلەردىن سوراپ ئىزدىسەك تېزرەك تېپىلارمىكىن — دەپ جاۋاب بەردى سانتىياگو.

ئىنگلىز ئىككىلىنىپ قالدى، ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئەرەبچىنى ياخشى بىلىدىغان سانتىياگودىن ئەلكىمىياگەرنى سۈرۈشتە قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى، شۇ پەيت سۇ ئېلىش ئۈچۈن تۇلۇم كۆتۈرۈپ قۇدۇق بويىغا بىر ئايال كەلدى، بالا سالام بىلەن سورىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاپا! ئەلكىمىياگەرنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز؟

ئايال ئاۋۋال سانتىياگوغا بۇ يەرنىڭ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش لازىملىقىنى، قارا چايشاپلىق ئاياللارغا[1] گەپ قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى. كېيىن بۇنداق ئادەم توغرىسىدا ھېچقاچان ئاڭلىمىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

ئىنگلىزنىڭ «قولتۇقىدىن تاۋۇزى چۈشكەندەك» بولدى، ئۇ

① قارا چايشاپلىق ئاياللار — تۇرمۇشلۇق بولغان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. — تەرجىمان.





هاياتىنى ئاساسەن مۇشۇ ئىشقا دو تىككەنىدى، يەنە كېلىپ بىر ئۆمىد ئۇنى هالاكەت دېڭىزى بولغان سەھرايى كەبىردىن ئاسمان ـ ئېسەن يېتىلەپ كەلدى. ئەجەبا، دەقىقە ئىچىدە ئۆمۈرلۈك ئارزۇ ـ ئارمانلار بىردىنلا كۆپۈككە ئايلانسا، بۇنىڭغا قانداق بەرداشلىق بېرىش مۇمكىن؟!... سانتىياگونىڭ ئىنگلىزغا ھېسداشلىقى ئاشتى، قانداقلا بولسۇن ئۇمۇ مەقسىتىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئىنسانغۇ؟ مەلىكىسىدىقنىڭ گېپىچە، دەل مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئىنسانىنى ئۆز مەقسىتىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، پۈتۈن ئالەم ياردەمگە كېلىشى كېرەك ئىدى. ئەجەبا قېرى شاھ ئاداشقانمۇ، قانداق؟

بىر پەستىن كېيىن:

— راستىنى ئېيتسام، — دەپ ئېغىز ئاچتى سانتىياگو، — مەن ئەلكىمياگەر ھەققىدە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان، بولمىسا ئەلۋەتتە ساڭا ياردەم قىلاتتىم.

ئىنگلىز بىردىنلا ئىلھاملىنىپ، كۆك كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ۋە:

— تاپتىم، — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى، ئۇنىڭچە شۇ كىشىنىڭ ئەلكىمياگەرلىكىنى بۇ يەردە ھېچكىم بىلمەسلىكى مۇمكىن، چۈنكى بۇ سىر تۈتۈلىدىغان ئىش، شۇڭا ئاۋۋال بىمارلارنى داۋالايدىغان تېۋىپلارنى تېپىش لازىم!

قارا چۈمپەردە تارتقان بىرنەچچە ئايال قۇدۇق بويىغا كەلدى، ئىنگلىز سانتىياگونى قانچىلىك زورلىسۇن، ئۇ ئاياللاردىن گەپ سورىمىدى، مانا ئاخىر قۇدۇق بېشىغا ئەركەك زاتىمۇ پەيدا بولدى.

— خورمىزارلىقتا ھەممە كېسەللىكلەرنىڭ داۋاسىنى بىلىدىغان ئادەم بارمۇ؟

— ھەممە دەرتكە پەقەت ئاللا شىپا بەرگۈچىدۇر، ئېھتىمال سىلەر سېھىرگەرلەرنى ئىزدەۋاتقان بولساڭلار كېرەك، — جاۋاب بەردى ئەركەك يوچۇن ئادەملەرگە گۇمانسىراپ قاراپ.

ئۇ «قۇرئان»دىن بىرنەچچە سۈرىنى شىپى كەلتۈردى، ئۇقۇدى

ۋە كېتىپ قالدى، بىر ئازدىن كېيىن چېلەك كۆتۈرگەن يەنە بىر ئادەم پەيدا بولدى، ئۇ ياشانغان كىشى ئىدى، سانتىياگو سوئالىنى تەكرارلىدى.

— بۇنداق ئادەملەر سىلەرگە نېمە ئۈچۈن لازىم بولۇپ قالدى؟ — ھېلىقى ئادەم سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى، ئەمەلىيەتتە ئىككىيلەننىڭ مەقسىتى ئەھۋالنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىگىلەش ئىدى.

— دوستۇم، ئاشۇ كىشىنى تېپىش ئۈچۈن بەكمۇ ئۇزاق يەرلەردىن كەلگەن، — دېدى سانتىياگو مۆلايىم تەلەپپۇزدا.

— ئەگەر يۇرتىمىزدا شۇنداق ئادەم بولىدىغان بولسا، ئۇ چەكسىز قۇدرەت ساھىبى دېگەن گەپ، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مويسىپىت كىشى، — مۇبادا ئۇ خالىمىسا، قەبىلە سەردارلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن خالىغان چاغدا كۆرۈشەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەڭ ياخشىسى ئۇرۇش تۈگىشى بىلەن بۇ يەردىن كېتىڭلار، ھاياتىمىزغا ئارىلاشماڭلار.

ئەمما، ئىنگلىز شېرىنىڭ ئىزىنى تاپقان ئۈچۈندەك خۇشال ئىدى، ئاخىرى ئۇلار بېشىغا رومال ئارتقان، يۈزلىرى ئوچۇق، مۈرىسىدە كوزا كۆتۈرگەن بىر قىزنىڭ قۇدۇق تامان كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە سانتىياگو ئەلكىمىياگەرنىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭغا گويا ۋاقىت توختاپ قالغاندەك بىلىندى ۋە ئالەم روھى قۇدرەت ـ كامالىتىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك بولدى. يىگىت قىزنىڭ تۇندەك قاپقارا، يوغان كۆزلىرى، غۇنچىدەك ئېچىلىپ، گۈلدەك تەبەسسۇم قىلىشقا تەييار تۇرغان خورمىدەك لەۋلىرىگە مەپتۇن بولۇپ، جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى.

شۇ تاپتا ئۇ ئالەم ۋە ئادەم روھىنىڭ زۇۋانىز ئىزھارى بولمىش ئىلاھىي تىلنىڭ قۇدرەت، ھېكمىتىنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولدى. مانا بۇ مۇھەببەت بولۇپ، ئۇ ئىنسان ۋە مەزكۇر چۆللەردىنمۇ قەدىمىيرەك ئىدى، ئۇ خۇددى ھازىرقىدەك ئەر - ئاياللىڭ بىر-بىرىگە قادالغان ساپ ۋە ھايالىق بېقىشىشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مۆجىزىۋى يوسۇندا دۇنياغا كەلگەن. قىزنىڭ سەل قۇرۇغان پومپاق لەۋلىرى شۇنچىلىك ئىللىق تەبەسسۇم قىلدىكى، قاردەك ئاق چىشلىرى جىلۋىلەندى. بۇلار — سانتىياگو ئۆزىمۇ تولۇق ھېس قىلمىغان ھالدا ئۇزاق ۋاقىت كۈتكەن، قويلىرىدىن، كىتابلىرىدىن، فارفۇر ئىدىشلاردىن ۋە ياكى جەزىرە جىمجىتلىقىدىن ئىزدەۋاتقان بېشارەت ئىدى. ئەبەدىيلىك سەپىرى سايىن سىلجىۋاتقان ئالەمگە ئوخشاش مۇھەببەت بىخۇبار ۋە چۈشىنىشلىك، ئۇنىڭدا ئىزاھات ۋە تەرجىمىگە ئورۇن يوق! سانتىياگو دەل شۇ مىنۇتلاردا تەقدىر قەلەمىدە پېشانىسىگە يېزىلغان قىزنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى، قىزمۇ رىزىق - نېسىۋىسىنىڭ نەچچە قەدەم ئالدىدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، پەرۋەردىگارا! ئەزەلى ھۆكمىنىڭ مۇقەررەرلىكىگە سانتىياگونىڭ ئىمانى كامىل ئىدى. ھەتتا بۇ ئىشەنچىنى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىدىنمۇ كۈچلۈك دېيىشكە بولاتتى. ئەمما، بۇ مەسىلىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئاۋۋال قىزنى كۆرۈشى، ئاندىن ئەلچى ئەۋەتىشى، كېيىن پۇل يىغىپ توي قىلىش كېرەك دەيدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىلنى ئاڭلاشتىن مەھرۇم بولغانلارلا، ئەنە شۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇ، ھالبۇكى ئىلاھىي زەۋىق - شوخقا چۆمگەن ئىكەنسەن، شۇنداق بىر سىردىن ئاگاھ بولمىقىڭ كېرەككى، مەيلى ئۇ سەھرايى قىيامەتتە ۋە ياكى ئەزىم شەھەردە بولسۇن، ھامان بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى ئىزدەۋاتقان،

كۆتۈۋاتقان بولىدۇ. بۇلارنىڭ يوللىرى تۇتاشقان، نىگاھلىرى ئۇچراشقان لەھزىدە ئۆتمۈشنىڭمۇ، كېلەچەكنىڭمۇ قىممىتى بولمايدۇ. پەقەت شۇ دەقىقىدە ئالەمدىكى بارلىق يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا مەۋجۇداتلار ئۆزلىرىنىڭ يېگانە بىر روھنىڭ ھاسىلاتى ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشىدۇ. ئۇشبۇ روھ قەلبلەردە مۇھەببەت ئويغىتىپ، ھامان مېھنەت قىلىۋاتقانلار، ئارام ئېلىۋاتقانلار ۋە خەزىنە ئىزدەۋاتقانلارنى قوشماق روھلىرىغا ئۇلاشتۇرىدۇ، ئەكسىچە بولسا ئادەمزات نەسلىنى توختاۋسىز ئىزتىراپلار گىرداۋىدىن يېتەكلەپ كېلىۋاتقان ئارزۇلىرىمىزدا زەررىچە مەزمۇن بولمىغان بولاتتى.

سانتىياگونىڭ خىيالىدىن يەنە تۇرۇپلا «مەكتۇپ» دېگەن سۆز كەچتى.

ئىنگلىز ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك تېخىچە نېمە قىلىشىنى بىلمەي خاموش تۇرۇۋاتقان سانتىياگونىڭ مۈرىسىنى قېقىپ تۇرۇپ:

— ۋاقىتنى ئۆتكۈزمە، قىزدىن تېزرەك سورا، — دېدى.

سانتىياگو قىزغا يېقىنلاشتى، قىز تېخىمۇ تاتلىق تەبەسسۇم قىلدى، يىگىتمۇ يەڭگىل كۈلۈمسىرىدى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — سورىدى سانتىياگو.

— پاتىمە، — شۇنچىكى يەرگە قاراپ جاۋاب بەردى قىز.

— مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆلكىدە بۇ ئىسىم كۆپ.

— بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزىنىڭ ئىسمى، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى پاتىمە، — جەڭچىلىرىمىز بۇ خاسىيەتلىك ئىسىمنى ئۇزاق ـ ئۇزاق يۇرتلارغىچە تارقاتقان.

قىزنىڭ پەرىشتىدەك ئاۋازىدا پەخىرلىنىش تۇيغۇسى جاراڭلاپ

تۇراتتى، ئىنگلىز تىت ـ تىت بولۇۋاتاتتى، ئاخىر سانتىياگو بارلىق جۈرئىتىنى يىغىپ پاتىمەدىن ھېلىقى گەپنى سورىدى.

— ئۇ ئادەم دۇنيانىڭ ھەممە سىر ـ ئەسرارلىرىدىن خەۋەردار، كۆپرەك جەزىرە جىنلىرى بىلەن سۆزلىشىدۇ.

قىزنىڭ جىن دېگىنى ئىبلىس دېگىنى ئىدى. پاتىمە سىلەر ئىزدەۋاتقان ئادەم ئاۋۇ تەرەپتە ياشايدۇ، دېگەننى بىلدۈرۈش ئۈچۈن چىرايلىق قوللىرى بىلەن جەنۇب تەرەپنى ئىشارەت قىلدى. كېيىن كوزىسىنى سۇغا تولدۇرۇپ، يىگىتنىڭ چوڭقۇر مېھىر بىلەن تولغان قاراشلىرىنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرگەنچە كېتىپ قالدى.

ئىنگلىز ئەلكىمياگەرنى ئىزدەش ئۈچۈن پاتىمە كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ جۈنىدى، سانتىياگو بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغان كىشىدەك كونا قۇدۇقنىڭ بېشىدىن كېتىشكە كۆزى قىيماي، ئۇزۇنغىچە يالغۇز تۇردى، ئۇ خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان ئىدى. قاچانلاردىدۇر ئۇ ئۆز ۋەتىنىدە يۈرگەن چاغلاردا شەرقتىن ئېسىپ، دىمىقىغا ئۇرۇلغان خۇشبۇي شامالنىڭ ئەسلىدە پاتىمەنىڭ ھىدى ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلدى. ئۇ سۆيۈپ قالغان بولغاچقا، كۈندە نەچچە رەت تەسەۋۋۇر ئەينىكىدە جانلىنىدىغان، ئەمما دۇنيانىڭ قايسى بىر نۇقتىسىدا ئىكەنلىكى مەۋھۇم بولغان قىز مانا ئەمدى كۆز ئالدىدا كوزا كۆتۈرۈپ تۇرۇپتىغۇ! ئۇنىڭ مۇھەببىتى يەر يۈزىدىكى ھەممە خەزىنىگە باراۋەر ئەمەسمۇ!

ئەتىسى سانتىياگو قىزنى ئۇچرىتىش ئۈچۈن قۇدۇق بېشىغا كەلدى. ئەمما ئۇ يەردە ئۇزاق چۆللەرگە نەزەر تاشلىغىنىچە ئولتۇرغان ئىنگلىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئىنگلىزنىڭ سانتىياگو كېلىشى بىلەن ئاغزى ئېچىلدى:

— قۇياش پېتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە كۈتتۈم، تۈن تۈنجى يۇلتۇزلارنى ئاسمانغا سەپكەن مەھەلدە ئۇ پەيدا بولدى، ئەلكىمىياگەرگە ھەممىنى چۈشەندۈردۈم، ئەمما ئۇ «ئۇنداقتا قوغۇشۇننى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالىدىڭمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن دەل مۇشۇ ئىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى ئېيتتىم. ئاخىرىدا ئۇ بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىشىمنى تاپىلاپ، «يولۇڭغا ئاتلان ۋە ھەرىكىتىڭنى داۋاملاشتۇر» دەپ كېتىپ قالدى.

سانتىياگو گويا ئۈمىدسىزلەنگەندەك جىمىپ كەتتى، ئەجەبا بىچارە ئىنگلىز شۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن دۇنيا كەزگەنمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ «بەدىلىگە ياۋاش قويلىرىمنى بېرىپ، مەلىكىسىدىقتىن ئاڭلىغان ھېكمەتلەرمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق





بولمىسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدى.

— شۇنداق ئىكەن، ھەربىكتىڭنى داۋاملاشتۇر!

— شۇنداق قارارغا كەلدىم، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئىشقا كىرىشىمەن.

ئىنگلىزنىڭ كېتىشى بىلەن سانتىياگو بېشىنى شۇنداقلا كۆتۈرۈپ قارىسا، يېقىنلا يەردە پاتىمە تۇرۇپتۇ.

— ماڭا ياتلىق بولۇشۇڭنى ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن، يەنە ئالدىڭغا كەلدىم، سېنى سۆيىمەن.

توساتتىن ئېيتىلغان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قىزنىڭ كوزىسى يەرگە چۈشۈپ سۈيى تۆكۈلۈپ كەتتى.

يىگىت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سېنى ھەر كۈنى بۇ يەردە كۈتىمەن، خەزىنە تېپىش ئۈچۈن سەھرايى كەبىردىن ئاشتىم، ئۇ ئېھتىمال ئېھراملار يېنىدىكى پىنھان يەرلەردە بولۇشى مۇمكىن، دەسلەپتە يولىمىزنى توسۇپ قويغان بۇ ئۇرۇشقا لەنەتلەر ياغدۇرغانىدىم، ئەمدى بولسا ھەمدۇسانالار ئوقۇۋاتىمەن، چۈنكى ئۇرۇش ئىككىمىزنى ئۇچراشتۇردى.

— ئۇرۇش كۈندە ئەمەس، كۈنىدە ئاخىرلىشىدۇ، — دېدى قىز.

سانتىياگو خورما دەرەخلىرىگە تىكىلىپ پادىچىلىق پەيتلىرىنى ئەسلىدى، ئۇ يەردە توپ - توپ قوي پادىلىرى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلەتتى، بىراق ھازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن پاتىمە ھەر قانداق خەزىنە - بايلىقتىن ئەۋزەل ۋە ئەزىز ئىدى، قىز گويا ئۇنىڭ خىياللىرىنى بىلىۋالغاندەك سۆزلەيتتى:

— جەڭچىلىرىمىز خەزىنىنى ئىزدىشىدۇ، بىز چۆل ئاياللىرى ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىمىز.

كېيىن قىز كوزىسىغا سۇ ئېلىپ، مۇرىسىدە كۆتۈرگىنىچە ئۆيىگە قايتتى.

سانتىياگو ئۇنىڭ قارىسى ھاۋادا نۇقتىغا ئايلانغۇچە قاراپ تۇردى. ئارىدىن كۈنلەر شامالدەك يورغىلىشىپ ئۆتۈۋەردى، يىگىت ھەر كۈنى قۇدۇق بېشىغا كېلىپ، پاتمەگە پادىچىلىق ھاياتىنى، مەلىكىسىدىق بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىنى ۋە فارفۇرچى سودىگەرنىڭ دۇكىنىدا ئۆتكەن كۈنلەرنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ سانتىياگو بىلەن پاتمە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ، دوستلىشىپ قالدى، قىز بىلەن كۆرۈشۈپ سۆھبەتلىشىدىغان ئىنتايىن قىسقا دەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ۋاقىت بەكمۇ سۆرەلمە، گويا سانتىياگو بىلەن ئالاقىسى يوقتەك بىلىنەتتى. تەخمىنەن بىر ئاي بولغاندا ساربان يولۇچىلارنى يىغىپ ئېيتتى:

— ئۇرۇشنىڭ قاچان تۈگىشى نامەلۇم، شۇنداق ئىكەن سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىزمىز، دۈشمەن قەبىلىلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە مەردۇ مەيدان، پالۋان جەڭچىلەر بىسيار، ئۇلارنىڭ ئار ـ نومۇسى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇرۇشتىن قېچىشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ زالىملار بىلەن مەزلۇملار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئەمەس، ھۆكۈمرانلىق تالىشىپ بولۇۋاتقان جاڭجال، بۇنداق جەڭلەر ھەمىشە ئۇزاق داۋاملاشقان، چۈنكى ئاللاھ ھەر ئىككى تەرەپكە مەدەتكار ـ دە!

ئادەملەر تارقاشتى، سانتىياگو پاتمە بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا سارباننىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزدى.

— ئۇچراشقىنىمىزنىڭ ئەتىسىلا، — ئېغىز ئاچتى قىز، — ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلدىڭ، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ ۋە گۈزەل نەرسىلەر — پۈتكۈل





ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىل، ئالەم روھى ۋە مېنىڭ سېنىڭ بىر قىسمىڭغا ئايلىنىپ قالغانلىقىم قاتارلىقلار ھەققىدە...

سانتىياگو قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغانسېرى مەست بولۇپ كېتىۋاتاتتى، پاتمەنىڭ سەلگىنە كۆلۈپ سۆزلىگەندىكى قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئۇنىڭغا ئەركە ۋە پاكىز جەزىرە شامىلىنىڭ خورما يوپۇرماقلىرىنى يەڭگىل سىلاپ ئۆتكەندىكى مەيىن شىۋىرلاشلىرىغا ئوخشاش مۇلايىم ۋە قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەس بولۇپ ئاڭلىناتتى.

قىزنىڭ بۇلاق سۈيىدەك تەبەسسۇم ئارىلاش بۇلۇق - بۇلۇق ئاۋازى يەنە جاراڭلىدى:

— سېنى بۇ قۇدۇق بېشىدا ئۇزاق يىللارغىچە كۈتتىم، مەن ئۆتمۈشۈمنى ئۇنۇتتۇم، قىز بالىنىڭ ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى لازىملىقى ھەققىدىكى قەبىلىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەستىن چىقاردىم، بالىلىق چاغلىرىمدىن بۇ سامانيۇلى جەزىرىنىڭ مېنى بىر مۆجىزىۋى سوۋغا بىلەن تارتۇقلىشىنى ۋە بۇ تۆھپىنىڭ جاھاندا ئوخشاشلىقى بولماسلىقىنى تىلەيتتىم، مانا ھازىر ئۇنىڭغا ئېرىشتىم، بۇ — سەنسەن!

سانتىياگونىڭ يىغلىغۇسى، قىزنىڭ توزغاقتەك يۇمران قوللىرىنى سىيلىغۇسى كەلدى، بىراق پاتمەنىڭ قوللىرى كوزىغا مەھكەم يېپىشقانىدى.

پاتمە يەڭگىل بىر تىنىدى، ئاۋازى سەل تىترەپ چىققاندەك بولدى:

— سەن ماڭا چۈشلىرىڭ ھەققىدە، قېرى پادىشاھ مەلىكىسىدىق توغرىسىدا ۋە ھەرخىل بېشارەتلەر ئۈستىدە سۆزلەپ بەردىڭ، ئەمدى ھېچنەرسىدىن قورقمايمەن، چۈنكى ئەنە شۇلار ئارقىلىق خۇدا سېنى ماڭا يەتكۈزدى. مەن بولسام ئارزۇلىرىڭ ۋە تەقدىرىڭنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندىم. شۇ سەۋەبلىك سېنىڭ

سەپەردىن قالماسلىقىڭنى ۋە ئىزدىگەن نەرسەڭنىڭ ئارقىسىدىن داۋاملىق بېرىشىڭنى خالايمەن، ئۈرۈشنىڭ توختىشىنى كۈتۈش بىھاجەت! بالدۇرراق يولۇڭغا ئاتلان، بەختىڭنى تەقدىر ـ پېشانەڭدىن ئىزدە! شامال قۇم بارخانلىرىنىڭ شەكلىنى مىڭ خىل ئۆزگەرتىپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ جەزىرىلەر چۆل پېتى قېلىۋېرىدۇ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئەتراپىمىزدىكى باياۋاندەك مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. تەقدىرىڭنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىم ھەقىقەت بولسا، قاچانلاردىدۇر بىر كۈنى يېنىمغا قايتىپ كېلەرسەن!

شۇ كۈنىدىكى ئۇچرىشىش سانتىياگونى قاتتىق ئىزتىراپقا سالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تونۇش پادىچىلارنىڭ يىراق يايلاقلارغا بېرىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىگە خوتۇنلىرىنى ئىشەندۇرۇشنىڭ قىيىنلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئەسلىدى، مۇھەببەتنىڭمۇ ئۆز تەلىپى بار، چۈنكى گۈل قايدا، كېپىنەك شۇندا بولمىقى كېرەك ـ تە!

ئىككىنچى كۈنى ئۇ پاتىمەگە ئويلىغانلىرىنى چۈشەندۇردى.

قىزنىڭ يېشى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ چۆل ھاياتى ھەققىدە پەيلاسوپ ئىدى.

— جەزىرە ئەركەكلىرىمىزنى ئېلىپ كېتىدۇ ۋە ھەممە ۋاقىت قايتۇرۇپ بېرىۋەرمەيدۇ، — پاتىمە ئاللا ۋە تەبىئەتكە مۇراجىئەت قىلىۋاتقاندەك ئاھاڭدا سۆزلىدى، — بىز بۇنى بىلىمىز ۋە بۇنداق ھاياتقا كۆنۈككەنمىز، گەرچە قايتىپ كەلمىسىمۇ ئۇلار ھامان بىز بىلەن بىللە. ئۇلار گويا يامغۇرغا ئايلانمايدىغان بۇلۇت، تاش يوچۇقلىرىدا پاناھلىنىۋاتقان جانىۋار، چۆل ئانا ئۆز كۆكسىدىن بىزگە ھەدىيە قىلغان ئابىھايات! ئۇلار تەبىئەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان، ئالەم روھىغا قوشۇلۇپ كەتكەن، ئاللا بەزى ئەركەكلەرگە

قايتىپ كېلىش تەقدىرىنى نېسىپ قىلغان، شۇندا بارچە ئاياللارغا بايرام بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار يەنە قاچاندۇر بىر كۈنى باشقا ئەركەكلەرمۇ قايتىپ كېلىشى مۇمكىن، دەپ ئىشىنىدۇ. ئىلگىرى بۇ ئاياللارغا ھەسەت قىلاتتىم، ئەمدى مېنىڭمۇ كۈتىدىغىنىم بار بولدى، مەن بىر چۆل قىزىمەن ۋە بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمەن. شۇڭا ئېرىمنىڭمۇ بارخانلارنى كۆچۈرۈپ يۈرگۈچى شاماللاردەك ئەركىن كېزىشىنى خالايمەن، ئۇنى بۇلۇتلارنىڭ قاتلىرىدىن، جانىۋارلارنىڭ ھەرىكىتىدىن، سۇلارنىڭ دولقۇنلىرىدىن ۋە كۆركەم تاشلاردىن ئىزدىگەيمەن..

سانتىياگو ئىنگلىزنى ئىزدەپ كەتتى، ئۇ پاتمەنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەرمەكچى ئىدى، ئەمما چېدىرنىڭ يېنىغا ئوچاق قۇرۇپ، ئۇستىگە شىشە ئىدىشلارنى ئېسىۋالغان ئىنگلىزنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى كۆزلىرى گويا كۆكۈش يالقۇندەك نۇرلۇق ئىدىكى، كىتابقا دۈم چۈشكەن ۋاقىتلىرىدا ئۇنىڭدا بۇنداق ھالەت ئەسلا كۆرۈلمىگەن ئىدى.

— ئىشىمنى باشلىۋالدىم، بۇ بىرىنچى باسقۇچ سانتىياگو، — دېدى ئىنگلىز ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، — ئاۋۋال تازىلانمىغان ئالتۇندىن گۈڭگۈرتنى ئاجرىتىش كېرەك، بۇنىڭدا مەغلۇبىيەتتىن قورقماسلىق ھەممىدىن مۇھىم! بۇرۇن ئىرادىسىزلىكىم سەۋەبىدىن ئىجادقا كىرىشەلمىگەن ئىدىم. ئون يىلىم كۈتۈش بىلەن ئۆتتى، كىچىككىنە بولسىمۇ ئەقلىمنى تېپىۋالغىنىمنىڭ ئۆزى بەخت، پۇرسەت!

ئىنگلىز ئوچاققا تېز - تېز شاخ - شۇمبا سالغاچ چۆلگە نەزەر تاشلايتتى، سانتىياگو قۇياش بارغانچە قان رەڭگە كىرىپ، شەپەقنىڭ ئاخىرقى يالقۇنلىرى قۇم بېتىگە نېپىز ئالتۇن سۈيى

سەپكەنگە قەدەر ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، شۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭغا «سەپەرگە ئاتلىنىش كېرەك» دېگەن بىر ئوتلۇق ئارزۇ زادىلا ئارام بەرمەيتتى، كىم بىلىدۇ، سانتىياگونىڭ قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان سوئاللارنىڭ جاۋابىنى باياۋان جىمجىتلىقى ئۆز باغرىغا يوشۇرۇپ ياتقاندۇر؟!

سانتىياگو گويا بېشى ئاغقان تەرەپكە كېتىۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن خورمىزارلىقنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن داۋاملىق ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارايتتى، ئۇ شامالنىڭ ئاۋازىغا دىققەت بىلەن زەن سېلىپ، ئايىغىدا سۇدەك ئېقىۋاتقان قۇملۇقنىڭ تېگىدە تاشلىق قاتلامنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدى. بەزىدە سازاڭ قۇرتلارنى ئۇچرىتىپ قالاتتى، دېمەك بۇ ئالامەتلەر قەدىم - قەدىم زامانلاردا مەزكۇر جەزىرىنىڭ ئورنىدا كۆپكۆك دېڭىزلار بولغىنىدىن بېشارەت ئىدى. كېيىن ئۇ بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، چەكسىز ئاسمان سەتھىگە نەزەر تاشلىغاندا، ئۆزىگە ئۆزى قېتىپ قالغاندەك تۇيۇلدى، پادىچى مەشۇقى بىلەن مەڭگۈ ھىجران دەشتىدە قالىدىغان ۋە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەيدىغان مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى، ئۇ «بۇلارنى چۆل ئۆگىتەر، پاتىمەمۇ بۇ ھەقتە ئېيتقانغۇ» دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بەردى.

يىگىت ئويلىغانسېرى خىيالى چىگىشلىشىپ، بىر جايدا ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالدى، ناگىھان چاچلىرى تۇزۇپ، يىراق - يىراقتىن سوقۇۋاتقان يەڭگىل شامالنى ھېس قىلدى. ئاسماننىڭ قەرىدە بىر جۈپ قارچۇغا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى.

قارچۇغىلار كۈچلۈك قاناتلىرى بىلەن ھاۋادا ئىز قالدۇرۇپ ۋە نەقىشلەر ئويۇپ تۇخۇمدەك كۆكرەكلىرى ئارقىلىق چەكسىز چۆلنىڭ ئاسمىنىنى يېرىپ ئۇچۇۋاتاتتى، سانتىياگو بۇ مەنزىرىنى ئۇزاق تاماشا قىلدى، ئۇنىڭچە بولغاندا، قۇشلار ئۆز ھالىچە ۋە مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئازدىن كېيىن سانتىياگوغا قۇشلار





پەرۋازنىڭ مەنىسى باردەك بىلىندى، ئەمما نېمە ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قارچىغىلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئىنچىكە كۆزەتمەكچى بولدى، ئۇ بۇ ئارقىلىق قۇش تىلىنى بىلىۋالسا، ئېھتىمال چۆل ئۇنىڭغا ھىجرانلىق مۇھەببەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويار.

كۈتۈلمىگەندە، سانتىياگونى ئۇيقۇ پەرىشتىسى قۇچاقلىرىدا ئەللەيلەشكە باشلىدى. ئەمما بۇنىڭغا ئۇنىڭ يۈرىكى كۆنمەي گويا «پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىلنى ئىگىلىشكە ئاز قالدى، بۇ يەرلەردە ھەممە شەيئىنىڭ ھەتتا قۇرغۇيلارنىڭ ئۇچۇشىنىڭمۇ مەزمۇنى بار» دەپ سوقۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى.

پادىچى بالا تۇرۇپلا «بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالساڭ، دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل ۋە ھېكمەتلەرگە باي كۆرۈنىدىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى ۋە قەلبىنى لىپمۇلىق سۆيگۈ ھېسلىرىغا تولدۇرغان تەقدىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

شۇ پەيت قارچىغىلاردىن بىرى يىراقتىن ئۇچۇپ كېلىپ، يەنە بىرسىنى چۈقىلىغاندەك قىلدى ۋە بۇ ئەھۋال ياش تەۋەككۇلچىنى قىلىچ كۆتۈرگەن مىڭلىغان سەرۋازلار خورمىزارلىققا باستۇرۇپ كىرىۋاتقاندەك تەسىراتقا كەلتۈردى. بۇ مەنزىرە پادىچىنىڭ مېڭىسىدە چاقماقتەك پەيدا بولدى - يۇ، يەنە شۇئان ھاياجان ۋە تەشۋىش قالدۇرۇپ غايىب بولدى. سانتىياگو ھەرخىل سەرراپلار توغرىسىدا كۆپ ئاڭلىغان، ئۆزىمۇ ئادەمزاتسىز چۆلدە ئادەم خىيال قىلغان نەرسىنىڭ كۆزىگە راست بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقىنى تالاي قېتىم ئۇچراتقان، ئەمما مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، ئۇ خورمىزارلىققا دۈشمەننىڭ كىرىشىنى خالىمايتتى، ئۇ شۇلار خىيالىغا كەلگەندە، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ئالقانلىرى بىلەن ئېتىۋالدى.

سانتىياگونىڭ بارلىق ئەسەبىي خىياللارنى مېڭىسىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، تاشلار ۋە قۇم دانچىلىرىدا جىلۋىلىنىۋاتقان

كەچكى شەپەقنى تاماشا قىلغۇسى كەلدى. لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر خىيالىنى يىغالمايۋاتاتتى ۋە كۆكتىكى قارچىغا قاناتلىرىنىڭ يەلپۈنۈشى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئازاب تاشلىرىنى ياغدۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

شاھ مەلىكىسىدىكىنىڭ «دائىم ئالامەتلەر ئىشارىسىگە ئەمەل قىل» دېگەن گېپىنى ئەسلىدى ئۇ.

سانتىياگونىڭ خىيالى پاتمەدە ئىدى، ئۇ ھازىر كۆرگەن ۋە ئويلىغانلىرىنى قايتا ئەسلەپ، يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئىشلارنى پەملىدى.

ئۇ ئۇزاق يالغۇزلۇق ۋە جىمجىتلىقتىن كېيىن، بىر ئامالىلاپ پىكىرىنى يىغىپ ئۆزىگە كېلىپ، ئورنىدىن تۇردى ــ دە، ئارقىسىغا ــ خورمىزارلىققا قاراپ ئىلدام يول ئالدى. ئالەمنىڭ نۇرغۇن تىللاردا گەپ قىلالايدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر قېتىم ئايان بولدى، ئەمدى جەزىرىدىن ئەمەس، خورمىزارلىقتىن خەۋپ ــ خەتەرنىڭ ھىدى كېلىۋاتاتتى.

تۆگىچى مەغرىب تەرەپكە قارىغان پېتى خورما دەرىخىگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى، ھايال ئۆتمەي بارخانلار ئارقىسىدىن سانتىياگونىڭ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— كۆزۈمگە بۇ يەرگە ئۇرۇشقاقلار كەلگەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، — دېدى يىگىت يېقىن كېلىپ.

— جەزىرە ئەركەكلەرنىڭ يۈرىكىگە كۆپ نەرسىلەرنى ئايان قىلىدۇ، — جاۋاب بەردى تۆگىچى.

يىگىت ئۇنىڭغا قارچىغىلار ۋە ئۇلارنىڭ پەرۋازىنى قانداق كۆزەتكەنلىكى، تەرەپبال قانداق قىلىپ ئالەم روھىغا ئۇيغۇنلىشىپ ۋە قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار ھەققىدە سۆزلەپ

بەردى.

تۆگىچى سانتىياگونىڭ نىمىلەر ئۈستىدە سۆزلەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ ئەجەبلەنمىدى، چۈنكى ئۇ يەر يۈزىدىكى ھەممە مەۋجۇداتنىڭ زېمىنىنىڭ ئېپتىداسىدىن ھازىرغىچە بولغان تارىخىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭچە مەيلى كىتابنىڭ خالىغان سەھىپىسىنى ئاچ، ئىنساننىڭ ئىككى قولىغا نەزەر سال، قەرتنى شىلاپ ئارىسىدىن خالىغىنىڭنى تارت ۋە ياكى قارچىغىلار پەرۋازىنى كۆزەت، ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە ھاياتىڭ بىلەن باغلىنىشلىقىنى بىلىسەن، شۇ چاغدا كۆز ئالدىڭدا ئادەملەرنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئالەم روھىغا قوشۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۇلاردىن ئەندىزە ئالغانلىقى ھېكمەت تەرىقىسىدە نامايان بولىدۇ.

چۆلدە ئالەم روھىغا كىرەلەيدىغان ئادەملەر كۆپ، ئۇلار شۇ قابىلىيىتى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئادەتتە ياشانغانلار ۋە ئاياللار بۇنداق كارامەتلەردىن قورقۇشىدۇ، ئەمما جەڭچىلەر بۇلارغا ئىرەن قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار جەڭگە ئۆلۈمنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقانلار، يەنە كېلىپ ئاشۇ ئوغلانلار ئۇرۇشتا تۆھپە يارىتىشتىن ئىبارەت نائېنىقلىق ۋە تەۋەككۈلچىلىكنى ئالىي غايە قىلغان. كېلەچەكتىن تا قىيامەتكىچە بولىدىغان ۋەقەلەر خۇداۋەندە كېرىمنىڭ ئەمرى بىلەن پۈتۈپ قويۇلغان ۋە قادىرى يەكتا ئەزەل كىتابىغا نىمىنى پۈتكەن بولسا، ھەممىسىنى ئادەمزاتنىڭ بەختى ئۈچۈن، دەپ يازغان.

جەڭچىلەر پەقەت بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈن ياشايدۇ، ھەربىر كۈن تاسادىپىيلىقلار بىلەن تولغان، شۇڭا ئۇلار يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان بارلىق بالا ـ قازالارغا قارىتا قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇشى، يەنى يېغى شەمشىرىنىڭ كۆكسىگە قايسى تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىدىغانلىقى، ئېتىنىڭ تېزلىكى ۋە قانداق زەربە بىلەن ھاياتنى قوغداشنى بىلمىكى لازىم. لېكىن تۆگىچى جەڭچى

ئەمەس ـ تە، شۇڭا كارامەتلەرگە كۆپ قېتىم مۇراجىئەت قىلغان، بەزىلىرى سورىغىنىغا توغرا جاۋاب بەرگەن بولسا، بەزىلىرى بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان، بىر قېتىم كارامەتگۆيلارنىڭ ئەڭ قېرىسى ئۇنىڭدىن «كېلەچەكنى بىلىشنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى بار؟» دەپ سورىغان. تۆگىچى:

— كېلەچەكتە نېمە قىلىشىمنى بىلىۋېلىشىم لازىم، مەن يۈز بېرىشنى خالىمايدىغان ئىشلار بار، ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، يۆنىلىشىمنى توغرىلىۋالسام دەيمەن، — دېگەن.

— ئۇنداقتا بۇ سېنىڭ كەلگۈسىڭگە ئوخشىماي قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەن كارامەتگۆي.

— ھېچبولمىسا، يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا ئازراق تەييارلىق قىلىۋالاي.

— ئەگەر ياخشىلىق بولسا بۇ كۈتۈلمىگەن سوۋغا بولسۇن، يامانلىق بولسا ئالدىن ھېس قىلىسەن.

— مەن بەربىر بەندە، شۇڭا كەلگۈسى تەقدىرىم ھەققىدە ئازراق بېشارەت بەرگەن بولساڭ.

— ئادەملەرنىڭ تەقدىرى كېلەچىكىگە باغلىق!

سۆھبەت ئارىلىقىدا كارامەتگۆي ئۇزاق سۈكۈت قىلدى، ئۇ ياغاچ ئۈۋۈتقى ياكى قۇرۇق چۆپلەر بىلەن پال ئاچاتتى، بۇلارنى بوشلۇققا ئېگىز ئېتىپ قانداق چۈشكەنلىكىگە قاراپ ئادەملەرنىڭ تەقدىرىدىن بېشارەت قىلاتتى. شۇ كۈنى نېمىشقىكىن پال ئاچماسلىقنى ئويلاپ قالدى ۋە ياغاچلارنى رومالغا ئوراپ، يانچۇقىغا سالدى.

— شۇنداق، مەن ئادەملەرگە كېلەچەكتە نېمە كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن ۋە شۇنىڭغا تايىنىپ نان تېپىپ يەيمەن، — پالچى يەنە سۆز باشلاپ، — ئاجايىپ بىر غايىبانە بوشلۇق باركى، ئۇ يەردە بەندىلەرنىڭ تەقدىر پۈتۈكى يېزىلغان، ئاشۇ بوشلۇققا كىرىش ئۈچۈن ياغاچلارنى قانداق تاشلاشنى بىلىمەن، ئۇ يەرگە

كىرىپ ئۆتمۈش خاتىرىلەرنى ئوقۇيمەن، پۈتۈك ئەينىكىدە ئۆچۈپ كەتكەن ۋەقەلەرنى نامايان قىلىمەن ۋە شۇلارغا قاراپ بۈگۈنكى كۈننىڭ ئالامەتلىرىنى توقۇپ چىقىرىمەن.

راست گەپنى قىلسام كېلەچەكنى بىلمەيمەن، بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش، ئۇ ئۆزى خالىغان پەيتتە پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردىلا سىر پەردىسىنى كۆتۈرۈشى مۇمكىن، مەن بولسام ئۇنىڭغا بۈگۈنكى كۈننىڭ ئالامەتلىرى ئارقىلىق ئېرىشىمەن. بىلىشىڭ كېرەككى، ھەممە سىرلىق ئەسرارلار بۈگۈننىڭ باغرىغا كۆمۈلگەن، شۇڭا ئۇنىڭغا پۈتۈن ئەس ـ يادىڭ بىلەن بېرىلسەڭ، ھازىرىڭنى گۈزەللىككە پۈركەيسەن. دېمەك، بۇ كەلگۈسۈڭ ئۈچۈن ھازىرقى ئەھۋالىڭنى ياخشىلا، ئەتىنىڭ غەم ـ قايغۇسى بىلەن ئەمەس، بەلكى بۈگۈننىڭ ئوت ـ پىراقىدا ئۆرتەن، ھەربىر كۈنۈڭ تەقدىر دەپتىرىڭگە قانداق پۈتۈلگەن بولسا شۇنداق ئۆتسۇن، دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭغا ئىمانىڭ كامىل بولسۇنكى، پەرۋەردىگار ئۆز بەندىلىرىگە چەكسىز مېھرىبان، ھەر كۈن ئەبەدىيلىكنىڭ بىر بالدىقى ۋە بىر قەدەم يېقىنىدۇر.

تەڭرى خالىغاندا، كېلەچەكنىڭ سىر پەردىسىنى كۆتۈرۈشى مۇمكىن ئىكەن. تۆگىچى ئاشۇ پەۋقۇلئاددە ئەھۋالنى بىلگۈسى بارلىقىنى ئېيتتى:

— بۇ تولىمۇ سىرلىق ۋە خاسىيەتلىك جەريان بولۇپ، خۇدا كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە قەرەلسىز ئايان قىلىپ تۇرىدۇ، پەقەت تەقدىرگە پۈتۈلگەننى ئۆزگەرتىشكە كۈچلۈك سەۋەب بولسا، بۇ خىل ئالامەت گەۋدىلىك نامايان بولۇشى مۇمكىن.

«ئى پەرۋەردىگار، بۇ يىگىتكە كەلگۈسىدىن بېشارەت بەر، ئەمدى ئۇ ئاللانىڭ قورالىغا ئايلاندى» دەپ خىيال قىلدى تۆگىچى

ۋە سانتىياگوغا:

ــ قەبىلە باشلىقىنىڭ يېنىغا بېرىپ دۈشمەننىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بەر.

ــ ئۇلار مېنى مەسخىرە قىلىشلىرى مۇمكىن.

ــ ئۇنداق دېمە، چۆل كىشىلىرىدە ئالامەتلەرگە سەل قاراش ئادىتى يوق.

ــ ئۇنداقتا ئۆزلىرىگىمۇ ئالامەتلەر داۋاملىق ئايان بولسا كېرەك؟

ــ ئۇلار بۇ ھەقتە ئويلاشنى زۆرۈر دەپ قارىمايدۇ، ئەمما ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىرەر ئىشتىن بېشارەت ئالماقچى بولسا، كىملەرنىڭدۇر سەۋەبى ۋە خەۋەر ئېلىپ كېلىشىگە قاتتىق ئىشىنىدۇ. ئۆتمۈشتە بۇنداق ئەھۋال كۆپ تەكرارلانغان، ئەمدى مىزان بۇرچى سېنىڭ بېشىڭدا قارار تاپقان بولسا كېرەك.

سانتىياگونىڭ خىيالى پاتىمەدە ئىدى، شۇڭا دەرھال قەبىلە باشلىقىنىڭ قېشىغا بېرىشقا تايىن تاپتى.

— مېنى قەبىلە باشلىقىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىڭلار، جەزىرىدە ئالامەتلەر كۆرۈلدى، — دېدى سانتىياگو بەھەيۋەت چېدىرنىڭ ئىشىكىدە تۇرغان قاراۋۇلغا مۇراجىئەت قىلىپ.

سەرۋاز ئۆندىمەي ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى ۋە خېلىغىچە چىقمىدى، كېيىن ئۆستىگە زەرھال جىيەك تۇتۇلغان ئاق يەكتەك كىيگەن بىر ياش ئەرەب بىلەن چىقىپ كەلدى. سانتىياگو ئۇنىڭغا كۆزىگە كۆرۈنگەن نەرسىلەر ھەققىدە گەپ قىلماقچى بولۇۋېدى، ئۇ كۈتۈپ تۇرۇشنى تاپىلاپ يەنە كىرىپ كەتتى.

بارغانچە كەچ كىرىۋاتاتتى، ئەرەبلەر ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي چېدىرغا كىرىپ ـ چىقاتتى، ئەتراپقا يېقىلغان گۈلخانلارمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ، خورمىزارلىقنى جەزىرە سۈكۈناتى ئىگىلەشكە باشلىدى. پۈتۈن ئۆتەڭدە پەقەت مۇشۇ چېدىرنىڭلا چىرىغى يېنىق ئىدى. پاتىمەنى ئويلىغانسېرى سانتىياگو شۇنچە تىت ـ تىت بولاتتى، يەنە كېلىپ يېقىندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتنىڭ ئەسلىي مەزمۇنى قىزغا قاراڭغۇ

ئىدى.

ئاخىرى ئۇلار سانتىياگونى چېدىرغا تەكلىپ قىلىشتى. يىگىت چېدىر ئىچىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قالدى.

سەھرانىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بۇنداق ھەشەمەتچىلىكنىڭ بولۇشىنى ئۇ ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدى، شاھانە گىلەملەرگە ئاياغ پېتىپ تۇراتتى، تۆپىدىكى خۇشبۇي شامالار قادالغان قەندەللەرنىڭ ھەممىسى ساپ ئالتۇندىن ياسالغانىدى، قەبىلە باشلىقلىرى يېرىم دائىرە ھاسىل قىلىپ، زەرلىك يىپەك ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى. خىزمەتكارلار كۈمۈش، لەئلى قاچىلاردا چاي ۋە باشقا شېرىن يىمەك - ئىچمەكلەرنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشارىگە تەق بولۇپ تۇرۇشاتتى، يەنە چىلىملارنىڭ گۈلخانىسىدا ئوتنىڭ ئۆچمەسلىكى ۋە چېدىر ئىچىدىكى ھاۋادا خۇشبۇي تاماكا ھىدىنىڭ پۇراپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىناتتى.

سانتىياگونىڭ قارشىسىدا سەككىز كىشى پۇت - قوللىرىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ ئولتۇراتتى. يىگىت ئاق يەكتەكىدىكى ئالتۇن جىيەكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ئوتتۇرىدىكى ئەرەبنى ئۇلارنىڭ سەردارى بولسا كېرەك دەپ پەملىدى. ئۇنىڭ يېنىدا خېلىدىن بېرى چېدىرغا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن ھېلىقى تونۇش كىشىمۇ بار ئىدى.

— ئالامەتلەر ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى ياقا يۇرتلۇق كىم؟ — سورىدى قەبىلە باشلىقلىرىدىن بىرى.

— سانتىياگو مەن... — ئۇ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردى.

— نېمىشقا، بۇ جەزىرە ئەجداد - ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۆز باغرىدىن ئۇنۇپ چىققان ئۆسۈملۈك ياكى ئۆزىدىن يارالغان قۇمدەك ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، سىر - ئەسرارىنى يوچۇن كىشىگە ئېيتىشنى ماقۇل كۆردىكىن؟

— چۈنكى مېنىڭ كۆزلىرىم ھازىرچە چۆل مۇھىتىغا كۆنمىگەن، شۇڭا سىلەر ئىلغا قىلالمىغان نەرسىلەرنى كۆرۈشى مۇمكىن، — دېدى سانتىياگو ۋە كۆڭلىدە «ئالەمنىڭ روھى مەن ئۈچۈن ئۇچۇق»، ئەمما بۇنداق سۆزلەرگە ئەرەبلەرنىڭ ئىشىنىشى ناتايىن، دەپ ئويلاپ تۇراتتى باشقا بىر سەرۋاز ئېغىز ئاچتى:

— چۆل بىتەرەپ ھۇدۇد، ئۇ ھېچكىمگە تەۋە ئەمەس، شۇڭا ماكانىمىزغا باستۇرۇپ كېلىشكە جۈرئەت قىلالايدىغانلار يوق.

— مەن پەقەت كۆرگەنلىرىمنى ئېيتتىم، ئىشەنمىسەڭلار ھەممە ئىش كونىچە پېتى قېلىۋېرىدۇ.

چېدىر ئىچىدە بىر ئاش پىشىم زېرىكىشلىك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، كېيىن سەردارلار قىزغىن مۇلاھىزە باشلىدى. ئۇلار سانتىياگو چۈشەنمەيدىغان شېۋىدە سۆزلەشتى. يىگىت «دەيدىغانلىرىمنى ئېيتىپ بولدۇم، ئەمدى كېتەي» دەپ مېڭمۇېدى، قاراۋۇللار توسۇۋېلىشتى، ئۇنى ۋەھىمە باستى، ئىشقىلىپ ئالامەتلەر خەۋپتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى، ئۇ تۆگىچىگە بەزى گەپلەرنى دەپ سالغىنىدىن سەل ئەپسۇسلاندى.

شۇ پەيت ئوتتۇرىدىراق ئولتۇرغان ياشتا چوڭ سەردار سانتىياگوغا قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلىۋېدى يىگىت يەڭگىل تىن ئالدى. ئۇ ھازىرغىچە بولۇۋاتقان پاراڭ ئۈستىدە ئىپادە بىلدۈرمىگەن ۋە مۇلاھىزىگە قاتناشمىغان كىشى ئىدى. پادىچى ئاستا - ئاستا ياتلار يېقىنلاۋاتقاچقا چېدىرنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئالەم تىلىدىكى خەۋەر ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە كېلىپ توغرا قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. چېدىر ئىچى تىنجىپ، ھەممىسى پېشقەدەم سەردارغا قۇلاق سالدى، سەردار سانتىياگوغا يۈزلەنگەندە، ئۇنىڭ يۈز ۋە كۆزلىرىدىكى تەبەسسۇم تامامەن سوغۇق ۋە نائېنىق ئىپادە بىلەن ئالماشقان ئىدى.

— بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى يىراق بىر ئەلدە كىشىلەر چۈشىگە ئىشەنگەن بىر ئادەمنى قۇدۇققا تاشلاشقان ۋە كېيىن ئۇنى

قول ئورنىدا سېتىشقان، ـــ سۆز باشلىدى سەردار، ـــ لېكىن بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز ئۇنى مىسىرغا ئېلىپ كەلگەن، چۈشكە ئىشەنگۈچىنىڭ ئۆز چۈشىنى ياخشى تەبىرلەپ بېرەلەيدىغانلىقىغا بىز ئىشىنىمىز.

دەل شۇ ئارىلىقتا، سانتىياگو «ئەمما چۈشلىرى ئوڭىغا تارتىدىغان ئادەملەر ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدۇ» دەپ ئويلىغىنىدا. قېرى سىگان كەمپىرنى ئەسلەپ قالدى.

ـــ ئاشۇ ئادەم فىرئەۋننىڭ يەتتە دانە ئورۇق ـ سېمىز كالا ھەققىدىكى چۈشىنى تەبىرلەپ، مىسىرنى بىر قېتىملىق چوڭ ئاچارچىلىقتىن قۇتقۇزۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئىسمى يۇسۇپ① ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ يېشى سەن بىلەن تەڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش ياقا يۇرتلۇق ئىدى.

سەركەردە سەل جىمىپ قالغان بولسىمۇ، شۇنچىلىك سوغۇق نەزەر بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

ـــ بىز ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز بىلەن ھاياتمىز، ئەنئەنىلىرىمىز مىسىرنى ئاچارچىلىقتىن خالاس قىلىپ، خەلقىمىزنى باياشاتچىلىققا باشلىغان، مىللىي قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز بىزگە جەزىرىنى قانداق كېسىپ ئۆتۈشنى ۋە قىزلىرىمىزنى قانداق ياتلىق قىلىشنى ئۆگەتكەن. تۇرمۇش تەرزىمىز، ئايىغىمىز ئاستىدىكى خورمىزارلىقنىڭ بىتەرەپ يۇرتلىقىنى، ئۇنىڭ دۈشمەنلىشىۋاتقان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭسىز بىزگە ئاپەت ياغىدىغانلىقىنى تەكرار كۆرسەتكەن.

سورۇن ئەھلى تەجرىبىلىك سەردارنىڭ گېپىنى سۈكۈت بىلەن ئاڭلاشتى:

ـــ ھايات تەجرىبىلىرىمىزگە ئاساسەن، بىز جەزىرە تارقىتىۋاتقان خەۋەرلەرگە ئېتىبار قارىتىمىز، چۈنكى بىز نېمىنى

① يۇسۇپ ـــ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام.





بىلسەك، چۆل شۇنى بىزگە ئۆگەتكەن.

ئۇنىڭ ئىشارىسى بىلەن باشقا سەردارلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، مەجلىس ئاخىرلاشقان ئىدى. چىلىملارنىڭ گۇلخانىسىدىكى چوغلار كۆزىنى يۇمىدىغان مەھەل بولسىمۇ، چېدىر ئىشىكىدىكى قاراۋۇللار قېتىپ تۇرىشاتتى، سانتىياگو كېتىشكە تەمشىلىۋېدى، سەردارنىڭ ئېغىزى يەنە ئېچىلدى:

— خورمىزارلىقتىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ قورال ساقلىماسلىقى ھەققىدىكى پەتىۋانى ئەتە ئەمەلدىن قالدۇرىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن كۈن بويى دۈشمەننى كۈتىمىز ۋە قان تۆكىمىز. ھەر كۈنى قۇياش پېتىشى بىلەن جەڭچىلىرىم ماڭا قوراللىرىنى تاپشۇرىدۇ، ئۆلتۈرۈلگەن ھەر ئون يېغى ئۈچۈن سېنى بىردىن ئالتۇن تەڭگە بىلەن تارتۇقلايمەن. ئەمما قولغا قىلىچنى ئالدۇقمۇ، ئۇ ئوڭايلىقچە قىنىغا سېلىنماسلىقى، دۈشمەن قېنىنىڭ تەمىنى ھەر زامان تېتىپ تۇرۇشى لازىم. قىلىچ چۆل كەبى رەھىمسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭمۇ جەڭدىن باش تارتىدىغان ۋاقىتلىرى بار. ئەگەر ئارىدا قوراللىرىمىزغا ئىش تېپىلمىسا، ئۇلارنى سىلەر تامان توغرىلايمىز.

يىگىت چېدىردىن چىققاندا، تولۇن ئاي خۇددى يېقىندىكى بارخاننىڭ ئۈستىگە تىكلەپ قويۇلغان ئالتۇن تاۋاقتەك تاۋلىنىپ سۈتتەك ئايدالا ھاسىل قىلغانىدى. ئۇ ئۆز چېدىرى تەرەپكە ماڭدى، يېرىم سائەتتەك مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

سانتىياگو بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەردىن قاتتىق ھاياجانلاندى، ئۇ ئۆزىچە، ئاخىر ئالەم روھىغا كىرىشكە مۇۋاپىق بولدۇم، دەپ قارىدى، بەلكى بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدى. بۇلار يۇقىرى بەدەل تۆلەشكە ئەرزىمدۇ؟ بەلكى قويلىرىنى سېتىپ، مۇشۇ يولنى تاللاپ ماڭغاندا، سانتىياگونىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتى بەلگىلىنىپ بولغاندۇ؟ تۆگىچى بەكمۇ توغرا ئېيتقان، بىر باشقا ھامان بىر ئۆلۈم، ھاياتنى ئەرزىگۈدەك ئىشلارغا ئايىماي سەرپلەش كېرەك... بۇ ئەتىمۇ ياكى باشقا بىر كۈنىمۇ بەرىبىر، بۇگۈن شۇنداق پۇرسەتنىڭ باشلىنىشىمۇ ياكى ئاخىرلىشىشىمۇ كىم بىلىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى «مەكتۇپ» قا باغلىق.

سانتىياگو جىممىدە كېتىۋاتاتتى، ئۇ بولغان ۋەقەلەردىن ئەپسۇسلانمايتتى، پۇشايمانمۇ قىلمايتتى، مۇبادا مۇشۇ كۈنلەردە ئۆلۈم ئۇنىڭ ھاياتىغا زەھەر تاشلىسىمۇ، ئۇ «تەڭرى تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايۋاتىدۇ» دەپ ئويلايتتى. دېمەك، ئۇ ئۆلسىمۇ ئارمانسىز ئۆلەتتى، چۈنكى ئۇ بوغۇز[①] دىن كېچىپ ئۆتتى، فارفۇرچىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلىدى، چۆل سۈكۈناتىدىكى ھېكمەتلەرنى ئاڭلىدى، يەنە پاتىمەنىڭ كۆزلىرىنى كۆردى. ئەسلەپ كۆرسە، ئۆيدىن چىققاندىن بېرى بىر كۈنىمۇ بىكارغا، مەنىسىز ئۆتمەپتۇ. ناۋادا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەتە مەڭگۈلۈككە يۇمۇلسىمۇ، بۇ كۆزلەر باشقا پادىچىلارغا قارىغاندا، كۆپرەك نەرسىلەرنى كۆرگەن كۆزلەر ھېسابلىنىدۇ، سانتىياگو بۇلارنى ئويلاپ ئۆزىدىن پەخىرلىنىپ كەتتى.

ئۇشتۇمتۇت قاتتىق گۈرۈلدىگەن بىر ئاۋازدىن قۇملۇق لەرزىگە كەلدى، مىسلى كۆرۈلمىگەن، تەرەپبال چىققان بوراننىڭ شىددەتلىك دولقۇنىدىن سانتىياگو دومىلاپ كەتتى، قۇم قاينىمى تۈرۈلۈپ، گويا كۆكنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈككە ئوخشاش شۇنچىلىك ئېگىزگە ئۆرلىدىكى، يورۇق ئاينىڭ يۈزى كۆرۈنمەي قالدى. بىر مەھەلدىن كېيىن يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزىنى ئېچىۋىدى، ئالدىدا ھەيۋەتلىك ئاق ئاتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئات ئارقا ئاياغلىرى بىلەن تىك تۇرۇپ بورانغا جور بولغاندەك قاتتىق كىشنەپ تۇراتتى.

چاڭ - توزان سەل پەسەيگەندىن كېيىن، سانتىياگونى قورقۇنۇش باستى، ئۇ ھېچقاچان بۇنداق قورقۇنچ ھېس قىلمىغانىدى، ئاق تۇلپارنىڭ ئۈستىدە سەللىلىك بىر چەۋەنداز

① بوغۇز — ئىسپانىيە بىلەن ماراكەش ئوتتۇرىسىدىكى گىبرالتار بوغۇزى بولسا كېرەك — تەرجىمان.

مەھكەم ئولتۇراتتى، چەۋەنداز قارا ئۇستىباش كىيگەن بولۇپ، سول مۇرىسىدە يوغان بوز قارچىغا قانات يەلپۈپ تۇراتتى، ئۇ سەللىسى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغاچقا، كۆزلىرىلا ئوچۇق ئىدى. ئەزىمەتلەرگە خاس تۇرقىنى دىمىسە ئۇ جەزىرىدە پات ـ پات پەيدا بولۇپ، كارۋاننى خەۋپتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان بەدۋىي ئەرەبلەردىن پەرقلەنمەيتتى.

چەۋەندازنىڭ قىنىدىن سۇغۇرۇۋالغان ئىسفىھانى قىلىچى ئاي نۇرىدا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇراتتى.

— قارچىغىلار پەرۋازىدىكى ھېكمەتنى بىلىشكە جۈرئەت قىلغان كىم؟

ئۇ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەندە، ئەل ـ فايىمدىكى خورما دەرەخلىرىمۇ گۈركىرەپ سادا چىقاردى.

— مەن، — جاۋاب بەردى سانتىياگو.

چەۋەندازنىڭ روھى ـ تۇرقىنى كۆرۈپ، يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا ئەۋلىيا ياقۇپنىڭ سىيماسى گەۋدىلەنگەندەك بولدى. مەۋرىلەر ئاتامىنى ئاپپاق ئاتنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپتۇ، ئات بولسا تۇياقلىرى بىلەن غەيرىي دىندىكىلەرنى دەسسىمەكتە، سانتىياگونىڭ نەزەرىدە ھازىرقى ھالەت شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش، پەقەت ئورۇن ئالماشقان ئىدى، خالاس.

— شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، — دېدى سانتىياگو، — ئەمدى نۇرغۇن ھاياتلىق ئامان قالىدۇ، سىز بولسىڭىز ئالەم روھىغا ئېتىبار قىلمىدىڭىز، — يىگىت گېپىنى تاماملاپلا ھالاكەتلىك زەربىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئېگىز كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن چېپىلغان قىلىچنىڭ سۇرئىتى ھاۋادا ئاستىلاپ، ئۆتكۈر تىغلىرى سانتىياگونىڭ پېشانىسىدىن شامالدەك ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بالىنىڭ پېشانىسىدە بىر تامچە قان ئەگىپ تۇراتتى.

چەۋەنداز جايدا قېتىپ قالغاندەك بولدى، سانتىياگومۇ جىمجىت، خەۋپلىك پەيتتە ئۇ قېچىشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى ھازىر ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان غەلىتە بىر خۇشاللىقنى ھېس قىلماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇ تەقدىرى ۋە پاتىمە ئۈچۈن ئۆلمەكچى ئىدى، دېمەك ئالامەتلەر ئۇنى ئالدىماپتۇ، مانا قارشىسىدا قوتۇرىغان ياۋ، دەھشەتلىك ئۆلۈم ئالدىدا، مىت قىلغىنى يوق. چۈنكى ئۇنىڭچە ئالەم روھى مەۋجۇت، ھەقىقەتەن شېھىت كېتىدىغان بولسا، ئۇ ئاشۇ روھقا سىڭىپ كەتتى، دېگەن گەپ! تاڭلا دۈشمەنمۇ قىسمەت شارابىنى تېتىماي قالمايدۇ.

چەۋەندازنىڭ قىلىچى ئولجىسىغا تىكىلگەن يىلاندەك ھەرىكەتسىز پايلاپ تۇراتتى.

— سەن نېمىشقا بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ يۈرىسەن؟

— مەن شۇنچىكى قارچىغىلار پەرۋازى ئايان قىلغان خاسىيەتنى ئاڭلىدىم ۋە چۈشەندىم، ئۇلار خورمىزارلىقنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇشۇم توغرىسىدا ئاگاھلاندۇردى. ئەل ـ فايىمدا باتۇر جەڭچىلەر قۇمدەك، خېيىم ـ خەتەردىن ھېچكىم سىلەرنى ساقلاپ قالالمايدۇ!

قىلىچنىڭ ئۆتكۈر تىغى تېخىچە سانتىياگونىڭ پېشانىسىدە ئىدى.

— سەن ئاللانىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۆزۈڭنى كىم چاغلايسەن؟

— پەرۋەردىگار جەڭچىلەرنىلا ئەمەس، بەلكى قۇشلارنىمۇ ياراتقان، ماڭا ئۇلارنىڭ تىلى ئارقىلىق بېشارەت بەردى، دۇنيادىكى ھەممە ئىشلارنىڭ كەچمىشى پەقەت بىرلا قول بىلەن يېزىلغان، — تۆگىچىنىڭ سۆزلىرى بىلەن جاۋاب بەردى سانتىياگو.

ئاخىرى چەۋەنداز قىلىچىنى تارتىۋالدى، يىگىت چوڭقۇر تىن ئالدى.

— بېشارەت قىلىشتىن ئېھتىيات قىل، ھېچكىم تەقدىرىدىن

قۇتۇلالمايدۇ.

— مەن پەقەت لەشكەرلەرنىلا كۆردۈم، جەڭنىڭ ئاقىۋىتىنى ھازىرچە نامەلۇم!

چەۋەنداز بۇ گەپتىن سەل مەمنۇن بولغان بولسىمۇ، لېكىن قىلىچىنى قىنىغا سالاي دېمەيتتى.

— ئۇنداقتا بىر كەلگۈندى تۇرۇپ، بۇ يەردە نېمىشقا تىمىسقىلاپ يۈرىيسەن؟

— ئۆز مەقسىتىمنى ئىزدەۋاتىمەن، سەن بۇ گەپلەرنى ھەرگىز چۈشەنمەيسەن!

چەۋەنداز يىلانىنى ئىنىگە قايتۇرغان ئۇۋچىدەك قىلىچىنى قىنىغا سالدى، يەلكىسىدىكى قارچىغىسى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ماقۇللىغاندەك قانات قېقىپ، جېنىنىڭ بارىچە بىرنەچچە قېتىم ئۇنلۇك قىچقاردى. شۇنىڭ بىلەن سانتىياگو غەم ۋە غەشلىكتىن خالاس بولدى.

— مەن جاسارىتىمنى سىناپ باقماقچى بولغان، ئالەم تىلىنى ئىزدەۋاتقان ئادەم ئۇچۇن بۇنىڭدىن مۇھىم نەرسە يوق!

چەۋەنداز ئاز ساندىكى ئادەملەرلا چۈشىنىدىغان ئەھۋاللار ھەققىدە سۆزلەيتتى، يىگىت بۇنىڭدىن ھەيران قالاتتى.

— يەنە ئۇزاق يولدىكى كارۋان بىر قەدەممۇ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرماسلىقى كېرەك، — ئۇ داۋاملىق سۆزلەيتتى، — جەزىرە قانچىلىك سۆيۈملۈك بولسۇن، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ، چۆل ئىنسان ئۇچۇن بىر سىناق، سۇ ئىچىپ كەتتىڭمۇ ھالاكەت دېگىنى يۈتتى دېگەن گەپ.

سانتىياگوغا ئۇنىڭ گەپلىرى مەلىكىسىدىنى ئەسلەتتى.

— جەڭچىلەر كەلگەندىن كېيىن، مۇبادا بېشىڭ تېنىڭدە ئامان بولسا، مېنى ئىزدەپ تاپ، — دېدى چەۋەنداز.

ئۇنىڭ قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان قولىدا شۇ كەمنىڭ ئۆزىدە قامچا پەيدا بولدى، ئاق تولپار ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن ھاۋاغا ئېتىلدى -





دە، چاڭ ـ توزان ئۆرلىشى بىلەن تەڭ چېپىپ كەتتى.

سانتىياگو:

ـــ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىڭنى ئېيتمىدىڭ ـــ سورىدى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپ.

تېز كېتىۋاتقان چەۋەنداز قامچا بىلەن جەنۇب تەرەپنى ئىشارە قىلدى ـ دە، غايىب بولدى.

شۇنداق قىلىپ، پادىچى يىگىت ئۇزۇندىن ئارزۇ قىلغان ئەلكىمياگەر بىلەن ئەنە شۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ ئايرىلىشتى.

ئىككىنچى كۈنى، ئەل ـ فايىمدىكى خورمىزارلىقتا قورالانغان ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇن سەپ تارتىپ تۇردى، قۇياش تەڭدىرنىڭ ئىنسانلارنى نېمە كويلارغا سېلىشىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئەمدىگىنە تەكپىسىدىن باش كۆتۈرگەن مەھەلدە ئۇپۇق تامانىدىن بەش يۈز ئاتلىق ئالىمان كۆرۈندى. خورمىزارلىقنىڭ شىمالىدىن كېلىۋاتقان بۇ جەڭچىلەرنىڭ قىلىچلىرى ئاق يەكتىكىنىڭ ئىچىگە ئېسىلغانىدى. ئۆتەڭنىڭ قەبىلە باشلىقلىرى يوغان چېدىرغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بىردىنلا مىلتىق ۋە قايرىلما قىلىچلار پەيدا بولدى، ئەمما چېدىر ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى.

خورمىزارلىق جەڭچىلىرى چۆل قاراقچىلىرىنى قورشىۋالدى ۋە يېرىم سائەتنىڭ ئىچىدە 499 دۈشمەننى يەر چىشلەتتى، چېدىرلىرىدا پاناھلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلاتتى. بالىلارنىڭ سىرتنى كۆرگۈسى كېلىپ، ئىچلىرى سىقىلىپ كېتىشتى، قۇملۇقتا ئاق

تاشتەك چىچىلىپ ياتقان ئۆلۈكلەرنى ھېسابلىمىغاندا، خورمىزارلىق شۇ پېتىدا، ھېچنېمە ئۆزگەرمىدى.

ئەل ـ فايىمغا ھۇجۇم قىلغان ئاتلىقلارنىڭ لەشكەر بېشى تىرىك تۇتۇلۇپ، ئۇنى قەبىلە سەردارلىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىشتى، قەبىلە ئاتامانلىرى ئۇنىڭدىن يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، ئەدەپ ـ قائىدىنى بۇزۇشقا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇ سانتىياگولارنىڭ كارۋىنىنى خورمىزارلىقتا توختاشقا مەجبۇر قىلغان ئۇرۇشقاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، لەشكەرلىرىنىڭ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، ئايىغى چىقماس جەڭلەردىن قىيچىپ ۋە ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، خورمىزارلىقنى بېسىۋېلىپ، قەددىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش پىلانىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلدى.

سەردارلار ھەرقانداق سەۋەب بىلەن ھېچكىمنىڭ خورمىزارلىقنىڭ ئۇدۇمىنى بۇزۇشقا يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇنىڭچە جەزىرىدە باشباشتاق شامال، بورانلار سەۋەبىدىن قۇم دۆۋىلىرىنىڭ شەكلى ئۆزگەرسىمۇ، باشقا نەرسە ئۆزگەرمەيتتى.

قاچاقلار ئاتامانى شەرمەندىلەرچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى، مىلتىق ياكى قىلىچ زەربىسى بىلەن قەتلى قىلىش ئۇنىڭغا ئەرزان توختايدۇ، دەپ قارالدى. شۇڭا، ئۇ قۇرىغان خورما دەرىخىگە ئېسىلىپ سازايى قىلىندى، چۆل شامىلى ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك ئۇزاق ۋاقىتلار خالىغانچە لەپەڭشىتىپ ئوينىدى. ئۇ قۇش ۋە ھاشاراتلەرگە يەم بولدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قالدۇق ئىسكىلىتلاردا ھاشاراتلار ئۇۋا ياسىدى. قەبىلە سەردارى سانتىياگونى چاقىرتتى ۋە ۋەدىسى بويىچە ئۇنى ئەللىك ئالتۇن تەڭگە بىلەن تارتۇقلىدى، كېيىن ئۇ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىدىن ھېكايە قىلدى، يىگىتنى باش مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىدى.

قۇياش تەقدىرنىڭ بوگۈنكى ئويۇنىدىن زېرىكىپ، شاپاشلىغىنچە ئۆز چېدىرىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، كۆك دېڭىزىدا بىردىن ـ بىردىن جىن چىراغلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يۇلتۇزلار پەيدا بولدى. سانتىياگو جەنۇب تەرەپكە يول ئالغان ئىدى، خورمىزارلىقنىڭ ئەڭ چېتىدە يەككە ـ يېگانە بىر چېدىر بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «ئەسكى جىنلىق» دەپ ئاتىشاتتى، يىگىت «جىن»لىقنىڭ يېنىغا كېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى ۋە نېمىنىدۇر كۈتۈشكە باشلىدى.

ئەمدى سانتىياگونىڭ تەقدىر ئويۇنىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ قالغان ئاي پەلەكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى ئالتۇن كۈرسىغا ئورنىشىۋاتقان چاغدا ئەلكىمياگەر پەيدا بولدى، ئۇ ئۆلۈك ئىككى قارچۇغىنى مۈرىسىگە ئارتىۋالغان ھالدا كېتىۋاتاتتى. سانتىياگو:

— شۇ يەردىمەن، — ۋارقىرىدى ئۇنىڭغا.

— بىكار ساقلاپسەن، ئەجەبا تەقدىرنىڭ سىېنى ماڭا باشلاپ

كەلگىنى نېمىسى؟ — سوراق تەلەپپۇزىدا جاۋاب بەردى ئۇ.

— ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، جەزىرىدىن ئۆتەلمەيۋاتىمەن.

ئەلكىمىياگەر نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتاتتى، ئۇ سانتىياگوغا چېدىرغا كىرىشىنى ئىشارە قىلدى، چېدىر ئىچى ھەممىنىڭكىگە ئوخشاش ئاددىي بولۇپ، قەبىلە سەردارىنىڭكىدەك شاھانىلىقتىن خالىي ئىدى. يىگىت چېدىر ئىچىگە كىرىپلا نەزەرى بىلەن ئەلكىمىياگەر ئىشلىتىدىغان تۆمۈر ئوچاق ۋە خاس قازانلارنى، چوڭ - كىچىك ئەينەك ئىدىشلارنى ئىزدىدى. ئەمما، ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن بىرنەچچە كونا كىتابتىن باشقا ھېچنەرسە ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتمىدى، يەرگە سىرلىق نەقىشلىك گىلەم سېلىنغانىدى.

— ئولتۇر، چاي قۇياي، كېيىن قارچىغىنىڭ ئوۋ گۆشىدىن كەچلىك غىزا تەييارلايمەن، — دېدى ئەلكىمىياگەر.

سانتىياگو يېقىندا كۆكتە پەرۋازنى كۆرگەن قارچىغىلار شۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى، ئەمما ساھىبخانىغا ھېچنەرسە دېمىدى، ئەلكىمىياگەر ئوچاققا ئوت ياقتى ۋە چېدىر ئىچىنى قورۇلۇۋاتقان قارچىغا گۆشىنىڭ ھىدى قاپلىدى، بۇنداق مەززىلىك ھىدنى چىلىم پۇرىقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايتتى، ئەلۋەتتە.

— مېنى نېمىشقا چاقىرتتىڭ؟ — سورىدى سانتىياگو.

— ھەممە گەپ ئالامەتلەردە، شامال كېلىدىغانلىقىڭنى ۋە ياردەمگە ئېھتىياجلىقىڭنى ئېيتتى.

— ياق، ئۇ مەن ئەمەس، باشقا بىر ئىنگلىز سەيياھمۇ بار.

— ئۇ ھازىرچە باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ، مېنى كېيىن تاپىدۇ. ئەمما ئىنگلىز توغرا يولنى تېپىۋالدى، ئۇنىڭ كىتاب خالتىسى ئەمەسلىكىگە ئىشەندىم.

— مەنچۇ، مەن؟

— ئەگەر سەن بىر نەرسىنى ۋۇجۇدۇڭدىن ئارزۇ قىلساڭ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا پۈتۈن ئالەم ياردەم قىلىدۇ، —

ئەلكىمىياگەر خۇددى مەلىكىسىدىنقا ئوخشاش گەپ قىلدى، يىگىت ئۆز مەقسىتىنى تېپىشقا ياردەملىشىدىغان يەنە بىر ئادەمنى ئۇچراتقىنىدىن مەمنۇن بولدى.

— ئۇنداقتا ماڭا ئۆگەتمەمسەن؟

— ياق، زۆرۈر نەرسىلەرنى ئالللىقاچان بىلىپ بولغانسەن، مەن پەقەت خەزىنىگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىمەن.

— چۆلدە ئۇرۇش بولۇۋاتقان تۇرسا.

— مەن بۇ جەزىرىنى ياخشى بىلىمەن.

— مەن خەزىنىنى تېپىپ بولدۇم، تۆگە، فارفۇرچى دۇكىنىدا تاپقان پۇلۇم ۋە يەنە ئالتۇن تەڭگىلىرىم بار، بۇلار بىلەن ئۆز ۋەتىنىمدە دۆلەتمەن كىشى ھېسابلىنىمەن.

— ئەمما، ئۇلار سېنى ئېھراملار تەرەپكە بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىتەلمەيدۇ، — ئەلكىمىياگەر بۇ سۆزلىرى بىلەن سانتىياگوغا يەنە ئېھرامنى ئەسلەتتى.

— مېنىڭ پاتىمەم، ھەممە خەزىنىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

— قىز بىلەن ئېھرامنىڭ ئىككى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىشىڭ كېرەك.

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى ۋە تاماقنى قول ئۇزىتىشتى، ئەلكىمىياگەر بىر شىشە قۇتىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى ۋە قانداقتۇر قىزىل سۇيۇقلۇقنى يىگىتنىڭ پىيالىسىگە قۇيدى، بۇنداق شارابنى سانتىياگو ھازىرغىچە ئىچىپ باقمىغانىدى، يەنە كېلىپ شاراب ئىچىش بۇ يەرنىڭ قانۇنىدىمۇ چەكلەنگەن.

ئەلكىمىياگەر ئېغىز ئاچتى:

— ياۋۇزلۇق ئىنسان ئېغىزىغا كىرىۋاتقان نەرسىدىن ئەمەس، بەلكى چىقىۋاتقان نەرسىدىن پەيدا بولىدۇ.

شاراب سانتىياگونىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ھامان ساھىبخانىدىن تارتىنىپ ئولتۇراتتى، ئۇلار چېدىر ئىشىكىدە يانمۇيان ئولتۇرۇپ، تولۇن ئاي يورۇقىدىكى

يۇلتۇزلارنىڭ خىرە ـ شىرە كۆز قىسىشلىرىغا مۇھەببەت بىلەن نەزەر تاشلىدى.

— ئال، ئىچ، — دېدى ئەلكىمياگەر بالىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ. ئۇ شارابنىڭ يىگىتكە تەسىر قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە سۆزىنى ئاخىرغا يەتكۈزدى، — ئۇرۇشقا كېتىۋاتقان جەڭچىگە ئوخشاش كۈچ يىغ، ئەمما ئېسىڭدە بولسۇنكى، سېنىڭ يۈرىكىڭ خەزىنىلەر يوشۇرۇنغان جايدا، خەزىنىنى چوقۇم تاپ، بۇ يولدا سەن يولۇققان ۋە ئاڭلىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە سىر ـ ھېكمەت يوشۇرۇنغان. ئەتە تۆگەڭنى سېتىپ ئات ئال، تۆگىلەرنىڭ يارىماس بىر پېئىلى باركى، ھېرىپ ـ چارچاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ، چۆلنى ئارقىغا تاشلاپ مېڭىۋېرىدۇ، كېتىۋېرىدۇ، كېيىن بىردىنلا چۆكىدۇ ـ دە، قوپالماستىن ئۆلۈپ تۈگىشىدۇ. ئات بىر خىل يورغا بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ، ئۇنىڭ يەنە قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقى ۋە قاچان يېقىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىسەن.

ئىككىنچى كۈنى، كەچكە يېقىن سانتىياگو بىر ئاتنىڭ چۆللۈۈرىدىن يېتىلەپ ئەلكىمىياگەرنىڭ چېدىرىغا كىرىپ كەلدى، ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ كىمىياگەرمۇ پەيدا بولدى ۋە ئېتىغا مىندى. قارچىغا ئۆز جايىدىن، يەنى ئۇنىڭ سول مۈرىسىدىن ئورۇن ئالدى.

— ئەمدى ماڭا چۆلدىكى ھاياتلىقنى كۆرسەتكىن، پەقەت جەزىرە تۇرمۇشىغا ماسلىشىپ، ھاياتىنى داۋاملاشتۇرغان كىشىلا خەزىنىنى تېپىشقا قادىر بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلار ئاينىڭ كۆمۈشتەك نۇرى ئاستىدا ئاتلىرىنى چاپتۇرۇشۇپ يولىغا راۋان بولۇشتى. سانتىياگو كۆڭلىدە «چۆل ھاياتىنى ياخشى بىلمەيمەن، شۇڭا بۇنداق يامان مۇھىتتا ھاياتنى ساقلاپ قېلىش قولۇمدىن كەلمىسە كېرەك» دەپ ئويلاتتى.

يىگىت بۇ گەپلەرنى ئەلكىمىياگەرگە ئېيتماقچى بولدى — يۇ، جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇلار سانتىياگو قارچىغىلار پەرۋازىنى كۆزەتكەن ھېلىقى تاشلىق دالىغا يېتىپ كەلدى، بالا كىمىياگەردىن ئېھتىيات قىلسىمۇ، لېكىن بارلىق جۈرئىتىنى يىغىپ





ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى:

— بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن، دەپ قورقىمەن. چۈنكى مەن جەزىرە ھاياتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلسەمۇ، لېكىن بۇنداق مۇھىتتا ئۇزاق ياشاپ كۆنمىگەن.

— ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھايات ھاياتقا سەۋەب بولىدۇ، — جاۋاب قىلدى ئەلكىمىياگەر.

يىگىت بۇ گەپلەرنى چۈشەندى ۋە ئاتنىڭ تىزگىنىنى مەيلىگە قويۇۋەتتى، ئات قۇم ۋە تاشلار ئارىسىدىن ئۆز يولىنى تېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار شۇ تەقلىدتە يېرىم سائەتچە مېڭىشتى، ئەمدىلىكتە ئاينىڭ كۈمۈش نۇرىدا چەكسىز ئاق قوي پادىسىدەك چېچىلىپ ياتقان قورام تاشلاردىن باشقا ھەممە نەرسە، ھەتتا يىراقتىكى خورمىزارلىقنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئاخىرى ئات يۈرۈشتىن توختىدى، سانتىياگو بۇ يەرلەرنى ئىلگىرى كۆرمىگەنىدى.

— بۇ جايلاردا ھاياتلىق بار، جەزىرە تىلى ماڭا نامەلۇم، ئەمما بۇلار ئېيتمىغا ئايان، — دېدى كىمىياگەرگە.

ئۇلار ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى، كىمىياگەر سۈكۈت قىلغىنىچە ئاستا - ئاستا كۆز يەتمەس يىراقلارغا نەزەر ئاغدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا توختاپ قالدى ۋە سەپسىلىپ يەرگە ئېگىشتى، تاشلار ئارىسىدىن بىر تۆشۈك قارىداپ كۆرۈنۇپ تۇراتتى، ئەلكىمىياگەر قولىنى مۈرىسىگىچە تىقىۋېدى يەتمىدى. تۆشۈك ئىچىدە نېمىنىڭدۇر شىۋىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، قول تۆشۈكتە بەدىنى يانتۇ ھالەتتىكى ئەلكىمىياگەرنىڭ كۆزلىرى سەل يوغىنىغانچە قېتىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، سانتىياگو بۇنىڭدىن ئۇنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى بەلكى قوللىرى ئارقىلىق نېمە بىلەندۇر ئېلىشىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. كېيىن ئۇ شىددەت بىلەن قولىنى تارتىپ چىقاردى ۋە سەل تۆۋەن تەرەپكە سىيرىلىپ كەتتى. سانتىياگو بۇ كۈتۈلمىگەن

ئەھۋالدىن ھەيران بولدى، ئەلكىمىياگەر ئەمەلىيەتتە يوغان بىر يىلاننىڭ قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ سۆرەپ چىقارغانىدى.

يىگىت قورققىنىدىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىرقانچە قەدەم چېكىندى. يىلان ئەلكىمىياگەرنىڭ قولىدا تولغىناتتى، ۋىشىلدىغان ئاۋازى ئايدىڭدىكى جەزىرىنىڭ ئىستائەتمەن جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى، بۇ بىر تىنىق ئىچىدە، جان ئالغۇچ زەھەرلىك كۆزەينەكلىك يىلان ئىدى.

سانتىياگو «ئۇنىڭ يۇرىكى نىمانچە چوڭ» دېگەنلەرنى ئويلىدى، جېنىنى دوغا تىكىپ، يىلاننىڭ ئىنىغا قولىنى تىققاندىمۇ ئۇنىڭ روھىي ـ ھالىتى بەخىراماندەك كۆرۈندى. نەتىجىدە يىگىت ئىنگلىزنىڭ «ئۇ 200 ياشتا» ئىمىش دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى، قارىغاندا چال چۆل يىلانلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشنى ياخشى بىلىدىغاندەك قىلاتتى.

ئەلكىمىياگەر ئېتىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئىگەرگە ئېسىلغان ئىسپان قىلىچىنى قىنىدىن چىقاردى، قىلىچ بىلەن قۇمغا خېلى يۇمىلاق دائىرە سىزدى ۋە سەل جىمىپ قالغان يىلاننى ئالدىغا تاشلىدى.

— قورقما، ئۇ چەمبەردىن چىقمايدۇ، ھەر ھالدا چۆلدىكى ھاياتقا شاھىت بولدۇڭ، — دېدى.

— مەن شۇنى چۈشەنمىدىم بۇنىڭ مەن ئۇچۇن قانداق ئەھمىيىتى بار؟

— سەن ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ئېھراملار چۆل مەركىزىدە.

سانتىياگو يەنە ئېھراملار ھەققىدە پاراڭلىشىشنى خالىمايتتى، تۈنۈگۈندىن بۇيان ئۇنىڭ قەلبى شۇنچىلىك قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن ئىدىكى، چىراغ يېقىپمۇ يورۇتقىلى بولماس دەرىجىدە ئىدى. چۈنكى خەزىنىلەر تامان يۈرۈش ئۇنىڭ ئۇچۇن پاتمەنى يوقىتىشتىن دېرەك بېرەتتى.





— ساڭا يول باشلايمەن.

— خورمىزارلىقتا قالغىنىم ياخشىراق ئىدى، ئاخىرى پاتىمە بىلەن تېپىشتىم، ئۇ مەن ئۈچۈن دۇنيادىكى ھەممە خەزىنىدىن ئەۋزەل!

— پاتىمە چۆل قىزى، ئۇ ئەركەكلەرنىڭ قايتىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئۇمۇ ئۆز خەزىنىسىنى سەندىن تاپتى، پاتىمە ھازىر سېنىڭ ئىزدىگەن نەرسەڭنى تېپىشىڭغا تىلەكداش.

— بۇ يەردە قېلىشنى قارار قىلسامچۇ؟

— ئۇنىڭدا قەبىلە سەردارىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولىسەن، ئالتۇن - كۈمۈشكە كۆمۈلىسەن، مىڭ - مىڭلاپ قوي - تۆگە سېتىۋېلىشىڭ مۇمكىن، پاتىمەگە ئۆيلىنىپ تۇنجى يىلى ئۇنىڭ بىلەن ھايات پەيزىنى سۈرىسەن، ئاستا - ئاستا چۆلنى ياخشى كۆرۈپ قالىسەن ۋە ئەللىك مىڭ خورما دەرىخىنىڭ ھەربىرىنى تونۇيسەن. ئۇلار كۈن بويى ئۆسۈپ بېرىش ئارقىلىق ساڭا ئالەمنىڭ دائىم ئۆزگىرىشتە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئالامەتلەرنىڭ مەزمۇن، ماھىيىتىنى تېخىمۇ تىرەن چۈشىنىشكە باشلايسەن، چۈنكى جەزىرىدىن ئۈستۈن دانىشمەن يوق!

ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ خەرىتە يەنە ئېسىڭگە چۈشىدۇ، ئالامەتلەر يەكدىللىق بىلەن خەزىنىڭگە ئاتلان دەپ ئىشارە قىلىدۇ. لېكىن سەن ئۇلارغا پەرۋاسىز قاراشقا باشلايسەن، خورمىزارلىق ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئۈچۈن بىلىم ۋە ھىممىتىڭنى سەرپلەيسەن، قەبىلە باشلىقلىرى سېنى ئالقىنىدا كۆتۈرىدۇ، تۆگىلىرىڭ بايلىقىڭغا بايلىق قوشىدۇ ۋە مەۋقەيىڭنى مۇستەھكەملەيدۇ.

يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئالامەتلەر خەزىنىڭگە بارىدىغان يولۇڭنى داۋاملىق ئەسلىتىپ تۇرىدۇ، سەن بولساڭ خورمىزارلىقنى توختىماي ئايلىنىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرىسەن، پاتىمە ئۇنى دەپ يولۇڭدىن قالغانلىقىڭنى بىلىپ غەمگە پاتىدۇ، ئەمما بىر -

بىرىڭلارغا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىڭلار ئۆزگەرمەيدۇ، ئەسلەپ كۆر، ئۇ بىرەر قېتىم سېنى قېلىشقا تەكلىپ قىلمىغان، چۈنكى چۆل ئاياللىرى ئەركەكلىرىنى كۈتۈشكە ئادەتلەنگەن، تەبىئىيكى ئۇلاردىن نۇقسان تاپالمايسەن، چۆل ۋە خورمىزارلىقنى مەقسەتسىز كېزىپ، كۈن ـ تۈنلىرىڭ توختام سۇدەك ئۆتىدۇ، ئاستا ـ ئاستا خىيالىڭدىن، «پاتىمەگە بولغان سۆيگۈ ئىشەنچىم قەتئىي بولغىنىدا يولۇمغا ئاتلىنارمىدىم» دېگەن پىكىر كېچىدۇ. ئەمما، خورمىزارلىق قايتىپ كېلەلمەسلىكتىن قورقۇشتىن ئىبارەت ئاجىزلىقىڭ بىلەن بوسۇغۇڭنى داۋان قىلىدۇ، ئاخىر ئالامەتلەر تىلىدىن خەزىنىدىن مەڭگۈ مەھرۇم بولغانلىقىڭنى ئاڭلايسەن.

تۆتىنچى يىلىغا كېلىپ، ئالامەتلەر سەندىن غايىب بولۇشقا باشلايدۇ، چۈنكى سەندە ئۇلارغا ئېتىبار قىلىدىغان خاھىش تۈگىگەن ـ دە! بۇنى بىلگەن قەبىلە سەردارلىرىمۇ سەندىن يۈز ئۆرۈيدۇ، نەتىجىدە نۇرغۇن دۇكان ۋە سانسىز چارۋىلىرى بولغان سودىگەرگە ئايلىنىسەن. ئېھتىمال ئەجەل شارابىنى ئىچىشتىن ئاۋۋالقى كۈنلەرنىڭ بىرىدە يول ۋە مەقسىتىڭدىن ئاداشقانلىقىڭنى چۈشىنىسەن، ئەمدى خەزىنە تامان ئاتلانساممىكىن دەيسەنۇ بۇ چاغدا كەچ بولغان، كارۋىنىڭ ئاللىقاچان ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق ئۆتەڭگە كېلىپ توختىغان بولىدۇ. دېمەك، خورمىزارلىق باقىيلىق پاناھىڭغا ئايلىنىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئىنسان ئۆز مەقسىتى ۋە تەقدىرى يولىدا توختىماي ئىلگىرىلەشكە مۇھەببەتنىڭ زىيانلىق ئەمەسلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەگەر تونۇسالىغۇ بولسا، دېمەك ئۇ ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىل ۋە تەبىئەتكە مۇخالىپ چىن سۆيگۈ بولماي قالىدۇ، ـــ دەپ ئۇزۇن نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇردى ئەلكىمىياگەر.

كېيىن ئۇ قۇمغا سىزىلغان چەمبىرىدىن قول پاتقۇچە ئېغىز ئاچتى، كۆزەينەكلىك يىلان ئاشۇ يوچۇقتىن چىقىپ تاشلار

ئارىسىدا غايىب بولدى، سانتىياگو ئۆمۈر بويى مەككە زىيارىتىنى ئارزۇ قىلغان فارفۇرچى سودىگەرنى ۋە ئەلكىمياگەرنى ئىزدىگەن ئىجتىھاتلىق يىگىت ــ ئىنگلىزنى ئەسلەپ قالدى، جەزىرىنىڭ خۇددى خاسىيەتلىك سەيياھەتەك بىر كۈن ئەمەس، بىر كۈنى ئۆز شاھزادىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن سەۋرچان قىز ــ پاتىمەنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشتى، ئېيتقىنىدەك يەنە ئەلكىمياگەر يول باشلىدى، چۆل شامىلى گويا نەم قۇمدەك يېقىملىق قاناتلىرى بىلەن خورمىزارلىقنىڭ ھىدى ۋە ئاۋازىنى ئېلىپ كېلەر، يىگىت بولسا ئۇلار ئارىسىدىن پاتىمەنىڭ بويىنى پۇرار ئىدى، قاچاقلار ھۇجۇمىدىن كېيىن ئۇ قۇدۇق بېشىدا قىزنى كۆرمىدى، بۈگۈنكى تۇن ئۇنىڭ قەلبى ۋە كۆز ئالدىغا بىر سوراق بەلگىسىنى مۆھۈرلەپ قويدى ــ چەمبەرنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىغان يىلاننى كۆردى. يەلكىسىگە قارچىغا قوندۇرۇۋالغان چەۋەندازنىڭ سىرلىق سۆزلىرىنى تىڭشىدى، تېخى ئۇ مۇھەببەت، خەزىنىلەر توغرىسىدا، جەزىرە ئاياللىرى ۋە سانتىياگونىڭ تەقدىرى ھەققىدە نۇرغۇن مەنىلىك گەپلەرنى قىلدى.

ــ سەن بىلەن كېتەي، ــ سانتىياگو ئاران شۇ گەپلەرنى دېيەلىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى قىيالماسلىق بىلەن ئۈمىد، قانائەت بىلەن ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ئالمىشىدىغان نۇقتىسىدا دۈپۈلدەيتتى.

ــ تېخى قاراڭغۇ، ئەتە يولغا چىقىمىز، ــ قىسقا جاۋاب بەردى ئەلكىمياگەر.

سانتىياگو تۆت يويى كىرپىك قاقمىدى، قۇياش تېخى ئاسمىنىڭ كۆكسىدە قىمىرلاۋاتقان چاغدا ئۇ چېدىردىكى كىچىك بالىلارنىڭ بىرىنى ئويغاتتى ـ دە، پاتىمەنىڭ ئۆيىنى سورىدى. ئۇلار تاشقىرىغا چىقىشتى، يىگىت رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن «قوي سېتىۋال» دەپ بالىنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزدى، كېيىن پاتىمە بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بالىنى ئۇنى ئويغىتىشقا ئەۋەتتى، ئەرەب بالىسى بۇ ئىلتىماسنىمۇ بېجىردى ۋە كېيىن يەنە بىر قوي سېتىۋالغۇدەك پۇل مۇكاپات ئالدى.

— ئەمدى كەتكىن، — دېدى سانتىياگو بالىغا.

كىچىك خەۋەرچى قەبىلە سەردارىنىڭ مەسلىھەتچىسىگە ياردەم بەرگەنلىكىدىن ۋە قىسقا ۋاقىتتا بىر نەچچە قوي سېتىۋالغۇدەك پۇل تاپقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، چېدىرىغا كېلىپلا ۋە يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

پاتىمە كەلگەندە، ئۇلار خورمىزارلىقتا قاراپ مېڭىشتى، سانتىياگو يەرلىكنىڭ ئۇدۇمىغا خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ





تۇرسىمۇ، ئەمدىلىكتە بۇ ئىشلارغا ئانچە ئىرەن قىلمىدى ۋە بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى يىغىپ:

— يولغا چىقماقچىمەن، لېكىن بىلىپ قويىكى، ئەلۋەتتە قايتىپ كېلىمەن، چۈنكى سېنى سۆيىمەن...

پاتىمە:

— كۆپ چۈشەندۈرۈشۈڭنىڭ ھاجىتى يوق، ئىنسان سۆيۈلگىنى ئۈچۈن سۆيىدۇ، مۇھەببەت ـ ئىزاھلاشنى تەلەپ قىلمايدۇ...

لېكىن سانتىياگو بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى:

— چۈنكى مەن چۈش كۆردۈم، شاھ مەلكىسىدىقتا دۇچ كەلدىم، فارفۇرچى بىلەن سودا قىلدىم، سەھرايى كەبىرنى كېسىپ ئۆتمەكچى بولدۇم، ئۇرۇش سەۋەبىدىن خورمىزارلىقتا كېلىپ قالدىم ۋە قۇدۇق بېشىدا سەندىن ئەلكىمياگەرنى سورىدىم. دېمەك، سېنى تېپىشىمغا پۈتۈن ئالەم ياردەم قىلدى، پاتىمە سېنى سۆيۈشۈمنىڭ سەۋەبى يوق!

ئۇلارنىڭ قەلبى بىرىنچى قېتىم تەڭلا لەرزىگە كەلدى، سانتىياگو پاتىمەنى قۇچاقلىدى...

— ئەلۋەتتە قايتىپ كېلىمەن، — دېدى ئۇ ھارارەتلىك تىنىق بىلەن.

— ئىلگىرى چۆلگە ئارمان بىلەن نەزەر تاشلىغان بولسام، ئەمدى ئۈمىدلىك كۆزلىرىم بىلەن باقىمەن، ئاتاممۇ سەن يۇرمەكچى بولغان مەنزىللەرگە كۆپ قېتىم بارغان، ئەمما ھەمىشە ئانامنىڭ باغرىغا قايتىپ كەلگەن...

ھەممە سۆزلەر ئۆز-ئارا دېيىلدى، ئۇلار خورمىزارلىقتا بىر ئاز يۈرۈشكەندىن كېيىن يىگىت قىزنى چېدىرىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

— خۇددى سېنىڭ ئاتاڭغا ئوخشاش قايتىپ كېلىمەن.

يىگىت پاتىمەنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدە ياش ئەگىۋاتقانلىقىنى

كۆردى.

ـــ يىغلاۋاتامسەن؟

ـــ مەن جەزىرە قىزىمەن، ئاددىي ئايال، ـــ دېدى ئۇ كۆز ياشلىرىنى سىڭدۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ.

قىز چېدىر مىلەڭزىسىنى قايرىپ، ئىچكىرىگە كىردى، تاڭ مەشرىقتىن ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كۈندۈزنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلىنىشى بىلەن پاتىمە چېدىرىدىن چىقىدۇ، ئادەتتە ئايالنىغان ھەرخىل تەشۋىشلىرىنى ۋاقىت يىگىنىسى بىلەن بىر ـ بىرىگە ئۇلاشنى داۋام قىلىدۇ. ياق، بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسى ئۆزگىرىدۇ، ئەمدى سانتىياگو يوق، خورمىزارلىق ئاۋۋالقىدەك ھەيۋەت مەنزىرىسىدىن مەھرۇم. تېخى تۇنۇگۈنكى ھايات ئۆزگىچە ئىدى، يەنى ئەللىك مىڭ خورما دەرىخىنىڭ ئانىسى بولغان ئەل ـ فايىم چۆلدە ئابىھايات قايناپ تۇرغان 300 قۇدۇقى ئارقىلىق سۇسىزلىقتىن بىر ئۇستىخان، بىر تېرە بولۇپ قالغان سەييالارلاردا ھاياتقا ئۈمىد ۋە قۇۋانچ ئويغاتقان جەننەت ماكانغا ئايلانغانىدى. ئەمدى پاتىمە ئۇچۇن ئەتراپ سۇر رەڭلىك بوشلۇق ۋە ھومسىيىپ تۇرغان مەنىسىز جىمجىتلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يېگى قۇياشتىن باشلاپ چۆلنىڭ تەرىپى باشقىچە، يىگىتنىڭ خەزىنە تامان يولچى يۇلتۇزغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى تېپىش ئۇچۇن پاتىمە ھەر ئاخشىمى كۆك دېڭىزدەك چۆل ئاسمىنىدىن كۆز ئۈزمەيدۇ، لەۋ ۋە مەڭزىنى سۆيۈپ، ئەركىلەپ ئۆتكەن شامالنىڭ سانتىياگونىڭ يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈشىنى، تىرىكلىكى ۋە ئۇنى كۈتۈۋاتقانلىقىدىن خەۋەر يەتكۈزۈشنى ئارزۇ





قىلىدۇ. ۋۇجۇدى قىزىيدۇ، ھەر قېتىم چېدىر ئىشىكىگە چىققاندا ئالىقانلىرىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ، تۆت ئەتراپ چەكسىزلىكلىرىدىكى قارا - قۇرىلارنىڭ بىردىنلا مۆجىزىگە ئايلىنىشىنى كۈتىدۇ. بۈگۈنكى تاڭدىن باشلاپ، پاتىمە ئۈچۈن چۆل ئەمەس، بەلكى سانتىياگونى باشلاپ كېلىدىغان ئۈمىدلەر يولىغا ئايلىنىدۇ.

— ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلەر ھەققىدە ئويلىما، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالەم روھىغا مۆھۈرلىنىپ بولغان، — دېدى ئەلكىمىياگەر سەپەرگە ئاتلىنىۋېتىپ.

— يىراق يەرلەرگە كېتىۋاتقان كىشىلەر ساق - سالامەت قايتىپ كېلىش ھەققىدە كۆپرەك ئويلايدۇ، — جاۋاب بەردى سانتىياگو. ئۇ چۆل سۈكۈناتلىرىغا يەنە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئەگەر تاپقىنىڭ ساپ ئېسىل ئالتۇندەك بولسا، ئۇنىڭغا ھېچ زاۋال يەتمەيدۇ، كۆڭلۈڭنى توق تۇتۇپ، قايتىپ كېلىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر ئۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز شولىسى كەبى لەھزىلىك چېقىن بولسا، ئامان قايتساڭمۇ ئۇنىڭدىن نام - نىشان تاپالمايسەن، مۇھىمى سەن كۆزلىرىڭگە نۇر ئاتا قىلغۇچى شولىنى كۆردۈڭ، دېمەك بىكارغا ئازاب چەكمەپسەن.

ئۇنىڭ قارىماققا ئەلكىمىيا ئالتۇن ھەققىدە گەپ قىلغاندەك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە پاتمەنى نەزەردە تۇتۇۋاتقانلىقىنى يىگىت





پەملىدى، قانداقتۇر ئارقىدا قالغان خاتىرىلەر ھەققىدە ئويلىماسلىقنىڭ ئىلاجى يوق ئىدى. ھېچ يەرنى ئىلغا قىلىپ بولماس جەزىرىنىڭ تەكرار ناخشىدەك زېرىكىشلىك ھالىتى ئاتلىقلارنى خىيال ۋە ئارزۇلار دالىسىغا ئەسىر قىلاتتى. شاھ قوبۇلىغا نۆۋەت بىلەن كىرىپ چىققان ئەزىز مېھمانلاردەك، سانتىياگونىڭ كۆز ئۆڭىدا خورما دەرەخلىرى، قۇدۇقلار، سۆيگىنىنىڭ سىماسى، شىشە نەيچىلەر ۋە ئىدىشلار بىلەن مەشغۇل ئىنگلىز، ئۆز دانىشمەنلىكىدىن بىخەۋەر ئۇلۇغ پەيلاسوپ — تۆگىچى قاتارلىقلار بىر - بىرلەپ جانلانماقتا ئىدى. «ئەلكىمياگەر ھېچقاچان ۋە ھېچكىمنى سۆيمىگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئۇ باشقا خىياللىرى قاتارى. ئالتۇنچى يەلكىسىدىكى جەزىرە تىلىنى راۋان بىلىدىغان قەدىردان قارچىغىلىرى بىلەن خىيالىدىنمۇ تېزرەك يۈرەتتى، ئازراق توختىغان پەيتلەردە قارچىغا ئولجا ئىزلەپ كۆككە ئۆرلەيتتى، بىرىنچى كۈنى ئۇ ئۆتكۈر پەنجىلىرى بىلەن توشقان، كېيىنكى كۈنى ئىككى قۇشنى ئولجا قىلىپ قايتتى.

ۋاقىت قۇشلىرى تولۇن ئاينى چۆقىلاپ يېرىملاشتۇرغانسېرى تۈن گويا ھەيبەتنىڭ چېچىدەك قارىيىپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە چۆل كېچىلىرى ئاجايىپ سوغۇق، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلار گۈلخان ياقالمايتتى، يۇپقا يۇڭ ئەديالنى يېپىنىپ يېتىشاتتى، ئۇلار كۆپ نەرسىلەر ھەققىدە پاراڭلاشسىمۇ، لېكىن بىر ھەپتىدىن بۇيانقى گېپىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۇرۇشۇۋاتقان قەبىلىلەرگە ئۇچراپ قالماسلىق ھەققىدە بولدى. شامالارنىڭ يىراق - يىراقلاردىن قان ھىدى ئېلىپ كېلىشى ئۇرۇشنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. دېمەك، شامالار كۆز كۆرمەيدىغان ۋەقەلەر ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچى ئالامەتلەر تىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن يىگىتنى ھەرقاچان ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى.

سەككىزىنچى كۈنى ئەلكىمىياگەر ئارام ئېلىش ئۈچۈن باشقا كۈنلەردىن بۇرۇنراق توختىدى، قارچىغىلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، ئۇ سۇدىنىنى سانتىياگوغا ئۇزىتىۋاتقاچ دېدى:

— كونا سەپەرداشلاردىن بولۇپ قالدۇق، سېنى تەبرىكلەيمەن، يولۇڭدىن ئاداشماي كەلدىڭ.

— سەن بولساڭ يول بويى سۈكۈت ساقلىدىڭ، بىلگەن نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئۆگىتىدۇ، دەپ ئويلىۋېدىم، باشقا بىر كىشى بىلەن سەپەر قىلىپ سەھرايى كەبىرنىڭ باغرىدىن ئۆتكەنمەن، ئۇنىڭ ئەلكىمىياگەرگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلىرى بار ئىدى، يول بويى ئۇلارنى ئوقۇساممۇ ھېچنېمىسىنى چۈشەنمىگەنىدىم.

— بىلىشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار، — دېدى ئەلكىمىياگەر، — ھەرىكەت قىلىش. سەپەر ساڭا نېمە لازىم بولسا شۇنى بېرىدۇ، ھەممىسىنى ئۆگىتىدۇ، بىلىشىڭ كېرەك بولغان پەقەت بىرلا نەرسە قالدى.

سانتىياگو سەل ھەيران بولۇپ بۇنىڭ نېمىلىكىنى سورىدى، لېكىن ئەلكىمىياگەرنىڭ نىگاھى كۆكتىكى قارچىغىلىرى بىلەن پەرۋاز قىلماقتا ئىدى.

— كىشىلەر نېمىشقا سېنى ئەلكىمىياگەر دېيىشىدۇ؟

— چۈنكى مەن ئەلكىمىياگەردە!

— ئۆمۈر بويى ئالتۇن ئىزدىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن ئەلكىمىياگەرلەر بار، ئۇلار قايسى ئىشتا خاتا قىلىشقان؟

— ئۇلارنىڭ خاتالىقى ئالتۇننى ئالەمدىن ئىزدىگەنلىكىدە، ئەسلىدە خەزىنە ئۇلارنىڭ ئۆز يېنىغا يوشۇرۇنغان، لېكىن ئۇلار بۇنداق سىر-ھېكمەت ھەققىدە كەم ئويلانغان.

— گېپىڭنى تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقان بولساڭ.

ئەلكىمىياگەر ھامان ئاسماندىن كۆز ئۈزمەيتتى، قارچىغا كۆپ ئۆتمەي، ئولجا بىلەن قايتتى.





يىراقتىن كۆرۈلمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلار بىر ئورەك كولاپ گۆلخان ياقتى.

— مەن ئەلكىمىياگەر بولغىنىم ئۈچۈن ئەلكىمىياگەرمەن، — سۆزىنى تەكرارلاپ داۋاملاشتۇردى ئاتالمىش ئالتۇنچى، — بۇ ئىلىمنىڭ سىرلىرى ماڭا ئاتا مىراس، ئاتامغا ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئۆتكەن، بۇنداق مۇناسىۋەت تا زېمىن يارالغان دەۋرگىچە بارىدۇ، ئاشۇ مەزگىللەردە ئەلكىمىياگەرلىك ئىلمى زۇمرەت تاشنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. ئەمما، ئادەمزات ئاددىي ھەقىقەتلەرگە ئېتىبار بەرمەيدۇ، شۇ سەۋەبلىك پەلسەپىۋى كىتابلار يېزىلىشقا باشلىغان، ئاتالمىش پەيلاسوپلارنىڭ يېزىشىچە، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى ئىنسانلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە يۈنىلىش كۆرسىتىپ بەرگۈچى دەستۇر، باشقىلىرى بولسا بەدىئىي غاپىللاردۇر، ھالبۇكى زۇمرەت لەۋھە ھازىرمۇ مەۋجۇت.

— ئۇنىڭغا نېمە يېزىلغان؟ — يىگىت تېخىمۇ قىزىقىپ سورىدى.

ئەلكىمىياگەر يەنە قۇمغا نېمىلەرنىدۇر سىزىشقا باشلىدى، شۇنىڭغا قاراپ سانتىياگونىڭ قېرى شاھ بىلەن ئۇچراشقان پەيتلىرى ئېسىگە كەلدى ۋە بۇ ئۇنىڭغا ئۇزاق يىللار ئاۋۋالقى ئىشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئەلكىمىياگەر قۇمدىكى تەسۋىرنى كۆرسىتىپ ئېيتتى:

— مانا بۇ زۇمرەت لەۋھەگە پۈتۈلگەن پۈتۈك.

يىگىت يېقىنراق كېلىپ زەن سالدى:

— بۇ خۇددى ئىنگلىزنىڭ كىتابلىرىدىكىدەك چۈشىنىكسىز بەلگىلەر ئىكەنغۇ، — دېدى ئەجەبلىنىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— ياق خاتالاشتىڭ، بۇ دەل قارچىغىلار پەرۋازىنىڭ تەسۋىرى. ئەقىل - ئىدراك بۇنىڭ مەنىسىنى بىلىشكە قادىر ئەمەس، زۇمرەت پۈتۈك (لەۋھە) بولسا ئالەم روھىدىن يارالغان بەخت تۇمارى،

جەننەتنىڭ بىز ياشاۋاتقان دۇنيادىن نۇسخا ئېلىپ يارىتىلغانلىقى ھەققىدە دانىشمەنلەر ئاللىقاچان يېزىشقان، دېمەك مانا شۇ ئالەم مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆزى بۇنىڭدىن مۇكەممەلراق يەنە بىر ئالەمنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، ئاللاھ بەندىلىرىم زاھىرلىق پەردىسىگە يوشۇرۇنغان باتىنىي سىر ـ ھېكمەتكە ئىنتىلسۇن، ئۆزلىرىگە ئەقلەن ۋە روھەن ئاتا قىلىنغان ھەق ـ ھوقۇقىغا ئىگە بولسۇن دېگەن مەقسەتتە ئۇنى خۇپىيە قاتلاملىرىدا ياراتقان، بۇنداق ئۆزئارا تەسىر ۋە سىلجىشنى مەن ھەرىكەت دەپ ئاتايمەن.

— زۇمرەت لەۋھنى مېنىڭ ئوقۇپ چىقىشىم مۇمكىنمۇ؟

— ئەگەر سەن ئالتۇنچىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا بولغىنىڭدا ئىدى ئۇنى بىلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالغان بولاتتىڭ، ئەمما سەن ھازىر جەزىرىدە، دېمەك جەزىرىگە دىققەت قىل. ئۇنىڭ روھىغا سىڭىپ كېتىشكە ئىنتىل، چۆلمۇ يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇتلار قاتارى سېنىڭ ئالەمنى چۈشىنىشىڭگە ياردەم قىلىدۇ؛ ئەمما بۇ پۈتۈن باياۋاننى بىلىشىڭ كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تال قۇم زەررىسىنى چۈشىنىشىڭ ئۆزى يېتەرلىك.

— جەزىرىگە سىڭىپ كېتىش دېگىنىڭ قانداق گەپ؟

— كۆزۈڭنى يۇمۇپ، يۈرىكىڭدىن كەلگەن ساداغا قۇلاق سال، ئۇنىڭدا ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنىڭ شولىسى بار، چۈنكى ئىنسان قەلبى ئالەم روھىدىن يارالغان، ھامان بىر كۈنى يەنە ئۇنىڭغا قايتىدۇ.





ئۇلار يەنە ئىككى كېچە - كۈندۈز جىمجىت يول يۈرۈشتى، ئەلكىمياگەر شىددەتلىك جەڭ بولۇۋاتقان جايلارغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشىدە ئىدى، سانتىياگو بارلىق زېھنىنى يىغىپ قەلبىنى تىڭشاشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

يىگىت قەلبىنى تىڭشىغانسېرى ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي قالدى، ئىلگىرى ئۇ دائىم ئۇچۇشقا تەمشەلگەن بۈركۈتتەك قاناتلىرىنى كېرىپ ئالغا ئېتىلىپ تۇرغان بولسا، ئەمدىلىكتە ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، ئارقىسىغا قايتقۇسى كېلىۋاتاتتى، بەزىدە قەلبى ئۇنىڭغا تۈرلۈك پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلسا، يەنە بەزىدە، ئۇ يەر يۈزىگە ماراپ باققان قۇياشنىڭ تۇنجى ئالتۇن يىپلىرىنى كۆرۈپ ھاياجانلانغىنىدىن يوشۇرۇنچە يىغلاپ كېتەتتى. خەزىنە تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقسا، باش - ئاخىرسىز جەزىرىگە قارىغاندا، بولسا گويا بەدىنىنىڭ بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك جىمىپ قالاتتى. دەم ئېلىش ئۈچۈن توختىغاندا، ئەلكىمياگەردىن سورىدى:

— نېمە ئۈچۈن قەلبىمىزنى تىڭشىشىمىز لازىم؟

— قەلب بار جايدا خەزىنە بار.

— قەلبىم ھاياجاندىن دولقۇنلىماقتا، — سۆھبەت داۋاملىشىۋاتاتتى، — ئارزۇ قىلماقتا، خورمىزارلىق قىزلىرىغا تەلپۈنمەكتە، دائىم نېمىلەرگىدۇر ئىنتىلىدۇ، پاتمە يادىمغا كەلسىغۇ، تۈن بويى كىرپىك قاقمايمەن.

— ناھايىتى ياخشى، دېمەك بۇ قەلبىڭ تىرىك دېگەن گەپ، ئۇنىڭ رايىغا بېقىشنى داۋام ئەت.

كېيىنكى ئون كۈن جەريانىدا ئۇلار ئۇرۇشۇۋاتقان جەڭچىلەرنى يىراقتىن كۆردى، تېخى ئۇلار بىلەن چەكسىز جەزىرىدە دوقۇرىشىپمۇ قالدى.

سانتىياگونىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن بىر خىل ئەندىشىنىڭ ساداسى كېلەتتى، بۇ سادا ئۇنىڭغا خەزىنە ئىزدەپ تاپالمىغانلار ھەققىدە ھېكايە قىلاتتى ۋە سەنمۇ مۇشۇ مەقسىتىڭ يولىدا چۆلدە ئىز - دېرەكسىز ئۆلۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن، دېگەندەك ۋەھىمە تارقىتاتتى، بۇ سادا ئۇنى يەنە بۇ توققۇزى تەل دۇنيا ئەمەس، بىر كەم دۇنيا، قانائەتسىزلىك باشقا بالا دەپ ئاگاھلاندۇراتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئالدى بىلەن سۆيگەن يارى، ئاندىن يېتەرلىك ئالتۇن پۇللىرى بار. شۇڭا ئۇ ئاتقا بوغۇز بېرىش ئۈچۈن توختىغاندا ئەلكىمىياگەرگە:

— قەلب خىياللىرىم ئىرادەمگە بويسۇنماۋاتىدۇ، — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، بۇ قەلبىڭ ئويغاقلىقىنىڭ نىشانى. شۇ پەيتكىچە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىڭدىن قانداقتۇر، ئارزۇلار يولىدا مەھرۇم قېلىشتىن قورقۇش سەندىكى تەبىئىي ئەھۋال.

— شۇنداق ئىكەن، يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىشىم كېرەك.

— بەربىر ئوي - خىيالىڭنى تىنچىتىشقا قادىر ئەمەسسەن، ئۆزۈڭنى ئەتەي ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ھەپىسىلەڭ يوقتەك





قىلىپ كۆرسەتكىنىڭ بىلەنمۇ، ئۇ كۆكسۈك قەپىزىگە سولىنىپ، ئەرزۇ - دادىنى ئاڭلىتالمىغان جان قۇشىدەك، هاياتلىق ۋە دۇنيا هەققىدە ئويلىغانلىرىنى تەكرارلاشتىن توختىمايدۇ.

— خىياللىرىمنىڭ مېنى ئالدىشىدىن قورقىمەن.

— ئالداش دەمسەن، بۇ كۈتۈلمىگەن زەربە. ئەگەر سەن قەلبىڭنى تىڭشىساڭ، بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىڭنى بىلسەڭ ۋە ئۇلارنى رويابقا چىقىرىپ بارساڭ، ئۇلارنىڭ سېنى ئىزىتقۇرمايۋاتقانلىقىغا بارغانچە ئىشىنىسەن. ھېچكىمگە ئۆز قەلبىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا نېسىپ بولمىغان، شۇنداق بولغاچقا، يۈرىكىڭگە قۇلاق سال، قەلبىڭگە ئېتىبار بەر، شۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەن زەربىلەرگە تەييارلىق قىلىپ ئۈلگۈرىسەن.

ئۇلار جەزىرىنىڭ تانابىنى تارتىپ يولىنى ئاۋۇتتى، سانتىياگو قەلب ئاۋازىغا قۇلاق سالماقتا ئىدى، كۆپ ئۆتمەي ئۇ قەلب نەيرەڭلىرىنى تولۇقى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلدى ۋە ئۇنى شۇ بويىچە قوبۇل قىلدى. ئەمدى ئۇ قورقۇشنى ھېس قىلماس، ئارقىغا قايتىشنىمۇ ئىستىمەس ئىدى. دېمەك، يىگىت ئىدىيەم بىلەن زىددىيەتتىم بار، دېگەن مەسىلىنى ئەنە شۇنداق ئوڭۇشلۇق ھەل قىلدى، قەلبى ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولغاندەك تىنىق تىلدا پىچىرلايتتى: «ھەئە، شۇنداق... بەزىدە پىغان چەكسەم، يەنە بەزىدە ئىسيان قىلىمەن. مەندە نېمە گۇناھ؟ ئادەمزاتنىڭ قەلبىمەن، تەبىئىتىم شۇنداق يارالغان، بىز قەلبنىڭ ئەڭ ئالىي ئارزۇسى شەكلىدە مەۋجۇدمىز ۋە ئىگىمىزگە ئۆزىمىزنى مۇناسىپ ئەمەستەك، بىز مەڭگۇ مۇمكىنسىز نەرسىدەك ياكى ئۇنىڭ بىزگە ئىرەن قىلماسلىقى ۋە جۇرئەتسىزلىكى سەۋەبىدىن تۇنجۇقۇپ ياشايمىز. بىز ئادەمزات قەلبلىرى — بىر - بىرىدىن جۇدا بولغان

ئاشىق ـ مەشۇقلار، بەختلىك دەملەرنىڭ بەزى مۇقەررەر پاجىئەلىرى، تېپىلىشى مۇمكىن بولغان، ئەمما قۇملۇقلار ئاستىغا ئەبەدىي بەنتلەنگەن خەزىنىلەر ھەققىدە ئويلىساق، ئۆزىمىزنى مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك سېزىمىز. چۈنكى بۇنداق ناخۇشلۇقلار يۈز بېرىۋاتقاندا بىز ئېغىر ئىزتىراپ چېكىمىز».

ئايسىز تۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى، يىگىت ھېچنەرسە پۈتۈلمىگەن تەقدىردەك قاپقاراڭغۇ ئاسمانغا تىكىلىپ تۇرۇپ ئالتۇنچىغا دېدى:

— قەلبىم ئىزتىراپلاردىن قورقۇۋاتىدۇ.

— سەن ئۇنىڭغا ئىزتىراپنى خىيال قىلىپ قورقۇش، ئىزتىراپنىڭ ئۆزىدىنمۇ قورقۇنچلۇق دەپ ئېيت، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى يولىدا كېتىۋاتقان ھەرقانداق بىر قەلب ئىگىسى ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئىزدىنىشلەرنىڭ ھەر لەھزىسى ئاللاھقا، ئەبەدىيلىككە تۇتاشقان!

— ھەربىر لەھزىدىكى ئالاقە، مۇناسىۋەت، — دېدى سانتىياگو ئۆز قەلبىگە مۇراجىئەت قىلىپ، — خەزىنە ئىزدەپ يولغا چىققاندىن بۇيان، ھەممە كۈنلىرىم گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك نۇرغا پۈركەندى، ھەر دەقىقە ئۆزۈمنى ئارزۇلىرىمىسىرى يېقىنلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتىمەن، يول بويى شۇنداق ئىلاھىي ھادىسىلەرگە يولۇقتۇمكى، پادىچىلار ئۇچۇن ئىمكانسىز بولغان نەرسىلەر ئۇستىدە سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلمىغىنىمدا، بۇلارنى خىيالىمغىمۇ سىغدۇرالمايتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن كەچكىچە بالىنىڭ كۆڭلى تىنچلاندى، كېچىسىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىدى، ئەمما ئويغانغاندا، بولسا قەلبى يەنىلا ئالەم روھى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەلب مونولوگىدىن ئەڭ بەختلىك ئادەم دىلىدا پەرۋەردىگار بىلەن بولغان ئادەم دېگەن مەزمۇن جاراڭلاپ تۇراتتى، ئەلكىمىياگەر ئېيتقاندەك قۇم زەررىسىدىنمۇ ھېكمەتنى بايقاش مۇمكىن، چۈنكى ئالەم بىر تال قۇمنى يارىتىش ئۇچۇنمۇ مىليون يىل سەپەر قىلغان ـ دە!





سانتىياگو مىجەزى يوقتەك يەنە جىمىپ قالدى، ئۇ قەلبى بىلەن دىيالوگلاشماقتا ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن سىم - سىم يامغۇرنىڭ شىۋىرلاشلىرىدەك مەيىن تەۋرىنىش كېلەتتى.

«يەر يۈزىدىكى ھەربىر ئىنسانغا ئاتالغان ۋە ئۇنى كۈتۈۋاتقان خەزىنە بار، گەپ ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە ئىنتىلىش - ئىنتىلمەسلىكىدە. كۆپىنچە ئادەملەر ئۆز تەقدىرىگە بۇنداق خەزىنىنىڭ پۈتۈلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز قالغاچقا، بىز سۆكۈت ساقلايمىز. بۇ ھەقتە پەقەت باللارغا بىشارەت بېرىمىز ۋە كېيىن ھاياتىنىڭ ئۇلارنى ئۆز تەقدىرى تامان قانداق يېتەكلىشىنى كۆزىتىمىز. بەختكە يارىشا ئۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرى قىسمەتلىرىدە كۆرسىتىلگەن يۆنىلىشكە ماڭسا، كۆپىنچىلىرى دۇنيا تەشۋىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ، قەلب ھەقىقەتلىرىنى يوشۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بىز — قەلبلەرنىڭ سادايىمىز نىمجانلىشىدۇ. لېكىن ھېچقاچان يوقالمايمىز ھەم سادالىرىمىزنىڭ سېھىرى ھەقىقەتكە كىشىلەرگە ئېنىق ئۇچۇر تارقاتمايمىز، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ قەلب خاھىشىنى خاتا مۆلچەرلەپ ئېزىتىراپ چېكىشىنى خالىمايمىز».

— نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ قەلبى ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى ھەققىدە بېشارەت بېرىپ تۇرمايدۇ؟ — سورىدى پادىچى.

— ئۇنداق بولسا ئادەملەر تىنىمسىز تەشۋىش تورىغا چۈشۈپ قالغان بولىدۇ، قەلبلەر بولسا بۇنداق ھالەتنى خوش كۆرمەيدۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ يىگىت قەلبى بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلدى ۋە قەلبى ئالدىدا «بۇگۈندىن باشلاپ ئارزۇلىرىم يولىدىن ئاداشقۇدەك بولسام تىتىلداپ، ئۆرتىنىپ ۋە ئازابلىنىپ مېنى ئاگاھلاندۇر، شۇ زامان ھوشۇمنى تېپىۋالىمەن» دەپ قەسەم ئىچتى.

تۈندە قەلب مونولوگلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەلكىمىياگەرگە ئېيتىپ بەردى، ئالتۇنچى سانتىياگو قەلبىنىڭ ئالەم روھى بىلەن گەپلەشكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا سىڭىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

— ئەمدى نېمە قىلىشىم كېرەك؟

— ئېھراملارغا قاراپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە بېشارەتلەرگە سەزگۈر بولۇش لازىم، شۇنداق قىلساڭ، قەلبىڭ خەزىنىلەرنىڭ يول بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

— ماڭا كەم بولۇۋاتقان ۋە سىر پېتىچە تۇرۇۋاتقان نەرسە شۇمىدى؟

— ياق، بۇ باشقا گەپ، — سۆزلەۋەردى ئەلكىمىياگەر، — ئارزۇ ئەمەلگە ئېشىشتىن بۇرۇن ئالەم روھى ئۇگۇتلىرىنىڭ روياپقا چىقىش ئەھۋالىنى تەھقىقلەيدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت ئەنە شۇ ئۆگىتىلگەن ھېكمەتلەرنى تەدبىقلاپ، ئارزۇلارنىڭ رېئاللىشىشىغا مەدەتكار بولۇش، دەل مۇشۇ نۇقتىغا كەلگەندە، كۆپلىگەن كىشىلەر بەل قويىۋېتىدۇ، بۇنى «غۇلىچىغا چىداپ، غېرىچىغا چىدىماپتۇ»، «دەريا بويىدا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈش» دەپ تەرىپلەيمىز. ھەرقانداق ئىزگۇ ئىزدىنىش خەيرلىك ئىپتىدادىن باشلىنىپ، سەمەرىلىك سىناقلار داۋامىدا ئىنتىھاسىغا يېتىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن سانتىياگونىڭ ئېسىدىن ئۆز يۇرتىنىڭ «تاڭ ئالدىدىكى زۇلمەت ھەممىدىن قاراڭغۇ!» دېگەن ماقالى كەچتى.

ئىككىنچى كۈنى ئۇلار تۇنجى قېتىم ھەقىقىي خەۋپ - خەتەرگە يولۇقتى، ئۈچ نەپەر قاچاق يېنىغا كېلىپ، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى سورىدى، ئۇلار ئىككىيلەننىڭ باش - ئايىغىغا بەكلا دىققەت قىلغانىدى.

— قارچىغا بىلەن ئوۋ قىلىۋاتىمىز.

— سىلەردە قورال - ياراغنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

ئاۋۋال ئەلكىمياگەر، كېيىن سانتىياگو خاتىرجەم ئاتلىرىدىن چۈشتى، يوچۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي ئاختۇردى:

— نېمە ئۈچۈن بۇنچە كۆپ پۇلنى ئېلىپ يۈرىسەن؟

— ئېھراملارغىچە بېرىشتا خىراجەت كېرەك.

ئەلكىمياگەرنى ئاختۇرغان ئەرەب ئۇنىڭ يېنىدىن قانداقتۇر سۇيۇقلۇق قاچىلانغان كىچىك خرۇستال ئىدىش ۋە توخۇ تۇخۇمىدىن چوڭراق سارغۇچ ئەينەك تۇخۇم تاپتى.

قورالىلىقلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالمىغاندەك قىلىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى، ئارقىدىن ئەلكىمىياگەرمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۈلۈۋەتتى، يوچۇن بەدئۇيىلەر ئالتۇنچىدىن ئىبلىۋالغان تۇخۇمنى غەلىتە نەرسىگە ئوخشىتىپ چاقچاقلاشتى ۋە يەنە ئارتۇقچە كاشىلا قىلماستىن مېڭىشقا رۇخسەت بەردى. ئۇلار بىر يۆنىلىشكە كېتىۋاتاتتى، ئارا سەل يىراقلىغاندىن كېيىن سانتىياگو ئەلكىمىياگەرگە:

— ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ، ئۇلارنى نېمىشقا ئىلىپ يۈردۈڭ؟ — دېدى.

— نېمىشقا دەمسەن؟ بۇ پانىي دۇنيادا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئاددىي بىر قانۇنىيەتنى ساڭا كۆرسىتىپ قوياي دەپ ئۇچۇن، چۈنكى قارىشىمىزدا قانداق بىر خەزىنىنىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېچقاچان چۈشەنمەيمىز، بىلىشىڭ كېرەككى، ئادەملەر خەزىنىنىڭ بارلىقىغا ئانچە ئىشەنمەيدۇ.

ئۇلار سەپەرنى داۋام قىلدى، يىگىتنىڭ قەلبى كۈندىن - كۈنگە تۇختام سۇدەك تىنىقلاشماقتا ئىدى، ئەمدى ئۇنىڭ نە ئۆتمۈش، نە كېلەچەك بىلەن ئىشى يوق، ئەلكىمىياگەر بىلەن باياۋاننى تاماشا قىلىپ، ئالەم روھىدىن بەھرە ئالسا بولدى، ھازىر ئۇلار چىن دوستلارغا ئايلانغان بولۇپ، ئۆزئارا خىيانەت قىلماسلىققا ئىشىنىشكەنىدى.

زېرىكىشلىك سۈكۈناتتىن ۋۇجۇدى سىقىلغان پەيتلەردە، ئۇنىڭغا ئىشەنچ ۋە قۇۋۋەت ئاتا قىلىش ئۇچۇن، بەزى قەلبى زۇۋانغا كىرەتتى، بىرىنچى قېتىم قەلبى ئۇنىڭ ئاجايىپ پەزىلەتلىرىدىن سۆز ئاچتى، قويلىرىنى تاشلاپ كېتىشتەكى جاسارىتى ۋە فارفۇرچى سودىگەرنىڭ دۇكىنىدا پىدائىيلىق بىلەن ئىشلىگەنلىكىنى ماختىدى.

بالىنىڭ قەلبى يەنە ئۇنىڭغا ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن بىرنەچچە قېتىملىق بالايىئاپەتلەر ھەققىدە سۆزلەپ بەردى، ئاتىسىنىڭ




مىلتىقىنى ئوغرىلاپ چىققاندا، قورالىنىڭ قەيەرگىدۇر غايىب بولغانلىقى، بولمىسا ئۆزىنى جاراھەتلەندۈرۈپ ياكى ئېتىپ تاشلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى توغرىسىدا گەپ قىلدى. ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە دالىدا كۆڭلى ئاينىپ ياندۇرغانلىقىنى، كېيىن ھالسىزلىنىپ يىقىلغانلىقىنى ۋە ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئەسلەتتى. ئەسلى ئەينى چاغدا ئىككى ئوغرى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويلىرىنى بۇلاپ كەتمەكچى بولغان ئىكەن، لېكىن ئۇلار پادىچى بالىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمىگەچ «ئۇ بىزنى پايلاپ يۈرۈۋاتقان بولمىسۇن يەنە» دەپ يۈرىكى پوكۇلداپ كېتىپ قالغانمىش!

— ئىنساننىڭ قەلبى دائىم ئۆز ساھىبىغا ياردەم قىلامدۇ؟

— ھەممىسىگە ئەمەس، پەقەت تەقدىرى ئارقىسىدىن كېتىۋاتقانلارغا، بالىلار، سەرخۇشلار ۋە قېرىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.

— بۇ، ئۇلار ھەرقانداق خەۋپ - خەتەردىن خالىي دېگەنلىكمۇ؟

— ياق، بۇ ئۇلارنىڭ قەلبى ئۇلاردىكى بارلىق يوشۇرۇن قۇۋۋەتنى ئويغىتىش بىلەن مەۋجۇت دېگەنلىك.

سەپەر ئۈستىدە ئۇلار بىر كۈنى ئۇرۇشۇۋاتقان قەبىلىلەردىن بىرىنىڭ قارارگاھى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشتى، ئەتراپ قوراللانغان، ئاق يەكتەكلىك سەرۋازلار بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئۇلار چىلىم تارتىپ، گۈزەللەر ھەققىدە ئارمانلىق پاراڭلارنى سېلىشىپ ئولتۇرغاچقا، بۇ ئىككى ئاتلىق سەيياھقا دىققەت قىلىشمىدى.

— خەتەردىن قۇتۇلدۇق، — دېدى سانتىياگو ئۆزىچە.

— قەلبىڭگە قۇلاق سال، لېكىن جەزىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ھېچقاچان ئۇنتۇما! ئادەمزات بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندا جەڭ سادالىرى ئالەم روھىغىچە يېتىپ بارىدۇ، قۇياش ئاستىدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەردىن ھېچبىر بەندە چەتتە قالغان ئەمەس، — ئەلكىمياگەرنىڭ ئاۋازىدا غەزەپ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

سانتىياگو «ئالەم بىر پۈتۈنلۈكتۇر» دېگەنلەرنى خىيالىدىن

ئۆتكۈزدى. شۇ پەيت خۇددى تەجرىبىلىك ئەلكىمىياگەرنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەقىقەتلىكى ئۆز ئىسپاتىنى تاپقاندەك، ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئىككى قوراللىق يېقىنلاپ كەلدى.

— ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، ئۇ تەرەپلەرگە يېقىنلىشىش خەتەرلىك، — دېدى ئۇلاردىن بىرى ئىككىيلەننىڭ يېنىدا توختاپ.

— بىز مەنزىلىمىزگە يېقىنلاشتۇق، — جاۋاب بەردى ئەلكىمىياگەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ. مويسىپىتنىڭ نىگاھى يىگىتنىڭ ئۇچىدەك ئۆتكۈر ئىدى، قوراللىقلار بىردىنلا ياۋاشلاپ قالغاندەك جىمىپ قېلىشتى ۋە يول بوشاتتى، بالا بىر ئىشتىن ھەيران بولماقتا ئىدى.

— سەن ئۇلارنى نەيزىدەك نىگاھىڭ بىلەن يەڭدىڭ!

— ئادەمزات روھىنىڭ قۇدرىتى، ئۇنىڭ ئۆتكۈر نەزىرىدە!

بالا كۆڭلىدە «ئەلكىمىياگەرنىڭ گېپى توغرىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى، چۈنكى ئۇلار ھېلىلا ئۇرۇشقاق قەبىلىلەر قارارگاھىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، سەرۋازلاردىن بىرى سانتىياگوغا ئۇزاق تىكىلىپ قارىغان. ئارىلىق يىراقراق بولغاچقا، سەرۋازنىڭ يۈزىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن يىگىت ئۇنىڭ قاراشلىرىنى ئۇنتۇمىغانىدى.

ئۇلار كۈنچىقىش تەرەپنى تۇراپ تۇرغان تاغقا ئۆرلەشكە باشلىغاندا، ئەلكىمىياگەر ئېھراملارغىچە يەنە ئىككى كۈنلۈك يول قالغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇنداقتا ئايرىلىپ كېتىدىغان ۋاقتىمىز بولدى، ماڭا ئەلكىمىيانى ئۆگەت!

— ئەمدى ھەرقانداق پەندىن ساۋاق ئېلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، بۇ ئىلىمنىڭ ئالەم روھىغا كىرىش ۋە ئۇ يەردىن ئۆز خەزىنەڭنى تېپىش ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقى ساڭا ئايان.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ماڭا قوغۇشۇننى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك.




ئالتۇنچى گويا كۆز ئالدىدا دەريا ئېقىۋاتقاندەك ۋىلىلداپ تۇرغان جەزىرە ئىسسىقىدىن قاغجىراپ كەتكەچكە، ئارامغا توختىغاندىن كېيىنلا يىگىتكە جاۋاب قايتۇردى:

— يەر يۈزىدىكى ھەممە مەۋجۇداتلار تىنىمسىز ھەرىكەتتە ۋە بىرى ئىككىنچىسىگە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دانىشمەنلەرنىڭ پىكرىچە ئالتۇنمۇ بىر مەدەن، پەقەت ئۇنىڭ شەكىللىنىش دەۋرى باشقىلارغا قارىغاندا ئۇزۇنراق، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىساڭ بىلمەيمەن دەپ جاۋاب بېرىمەن، ماڭا ئالەمدىن ئەمىر ـ پەرمانلار ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

— يەنە شۇنداق ئالتۇنچىلارنى ئۇچراتقانمەنكى، — دېدى ئەلكىمىياگەر، — ئۇلار ئۆز تەجرىبىخانىلىرىغا قامىلىۋېلىپ، ئالتۇنغا ئوخشاش تاكامۇللۇقا ئېرىشمەكچى بولغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ھېكمەت تېشى شۇ جەرياندا دۇنياغا كەلگەن، چۈنكى بىر نەرسە راۋاجلىنىپ ئۆزگىرىش ھالىتىگە كىرسە، باشقىلاردىمۇ سۈپەت ئۆزگىرىشى بولىدىغانلىقىنى ئۇلار ياخشى بىلىشكەن. ھېكمەت تېشىنى تاسادىپىي پۇرسەتتە كەشىپ بولغان دېيىشىمۇ بولىدۇ، چۈنكى ئۇنى ئىلاھىي ئىستىدات ئىگىلىرى ياراتقان، ئۇلار باشقىلارغا قارىغاندا، ئەقىللىكرەك ئىدى، بۇ بىر پەۋقۇلئاددىلىك بولۇپ، ئادەتتىكى ھالەتكە تەۋە ئەمەس، ئەلۋەتتە!

ئەلكىمىياگەرلەرنىڭ ئۈچىنچى تىپى، پەقەت ئالتۇن ئىزدەش بىلەن ئاۋارە بولۇشتى، ئۇلار سىر پەردىسىنى زادىلا ئاچالمىدى، چۈنكى ئۇلار قوغۇشۇننىڭمۇ، مىسنىڭمۇ ۋە تۆمۈرنىڭمۇ ئۆز دائىرىسىدە مۇستەقىل مەۋجۇتلۇقىنى تەن ئېلىشمىغانىدى، بىلىش كېرەككى، ئۆزگىنىڭ تەقدىرىگە ئارىلاشقانلار، ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆز تەقدىرىگە ئىگە بولالمىغانلاردۇر.

ئەلكىمىياگەر ئۇشبۇ سۆزلىرى بىلەن كىملەرگىدۇر بەددۇئا قىلىۋاتقاندەك ئىدى، كېيىن يەردىن بىر سازاڭ قۇرتنى ئالدى ـ دە:

— نەچچە مىليون يىللار ئىلگىرى بۇ جەزىرىنىڭ ئورنىدا دېڭىز بولغان.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىۋېدىم.

ئەلكىمياگەر يىگىتكە سازاڭ قۇرتنى تۇتقۇزدى، سانتىياگو باللىقىدا سازاڭ قۇرتنى تۇتۇپ، دېڭىز شاۋقۇنىنى ئاڭلىغاندەك بولغانىدى.

— دېمەك قەدىمكى دېڭىز مانا شۇ سازاڭنىڭ تەبىئىتىدە مۇجەسسەم، ئۇمۇ ئۆز تەقدىرى يولىدىن بارماقتا، قاچانكى ئۇشبۇ جەزىرىدە قايتىدىن كۆك دېڭىز مەۋج ئۇرمىغۇچە ئۇ سازاڭلىقىدىن ياتلاشمايدۇ.

ئۇلار ئاتلىرىنى مىنىپ، مىسىر ئېھراملىرىغا قاراپ سەپەرنى داۋام قىلدى.

ۋاقىت ئۆز شەمشىرىنى غىلىپىغا سالدى، قۇياشنىڭ قانلىق بېشى ئاخىر مەغرىبتىكى ئوت رەڭلىك دەرياغا غەرق بولغاندا، سانتىياگو خەۋپسىرەشكە باشلىدى، ئۇلار شۇ دەقىقىدە ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. بالا كۆز قۇيرۇقىدا ئەلكىمياگەرگە قاراپ، ئۇنىڭ ھېچنەرسىنى سەزمىگەندەك، خاتىرجەم يۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ مەقسەتسىز ھالدا يىراقىراق جايلارغا نەزەر سېلىۋېدى ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى ئىككى قورالىلىقنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ئۇلارغا ۋارقىراپ نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، ئەمما دېيەلمەي گەپ ئېغىزىدا قېپقالدى. ئارىلىق يېقىنلاشقانسېرى كۆز ئالدىدىكى قارا - قۇرىلار ئادەمگە ئايلىنىپ، ئىككىسىنىڭ ئورنىدا ئون، ياق ئون ئەمەس، يۈز كىشى پەيدا بولدى، سانتىياگو ئېتىنى بۇراپ قارىسا ئۇلارنى قورشاپ تۇرغان تۆت ئەتراپتىكى قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە قارا چۈمۈلىدەك

قورۇللىقلار تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆك رەڭلىك كىيىنگەن بولۇپ، سەللىلىرى قارا تاسما بىلەن ئورالغان، يۈزلىرى بولسا كۆزلىرىگىچە كۆك ماتادا چۈمكەلگەن ئىدى.

روھ ۋە ئىرادىنىڭ قۇدرىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغان بۇ كۆزلەر يولۇچىلىرىمىزغا ئۆلۈمدىن ۋەھىمە تارقىتىپ تۇرغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەستى.

قوراللىقلار يىگىت بىلەن ئالتۇنچىنى قارارگاھلىرىغا ئېلىپ كېلىپ، بىر چېدىرغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈشتى ۋە قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى، بالا بۇنداق چېدىرنى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغانىدى. قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ ئەتراپىدا لەشكەر باشلىرى قاققان قوزۇقتەك تىك تۇراتتى.

— بۇلار جاسۇسلار، — دېدى ئىككىيلەننى تۇتۇپ كەلگەنلەردىن بىرى.

— ئۈچ كۈن ئاۋۋال سىلەر دۈشمەنلىرىمىزنىڭ قارارگاھىدا ئىدىڭلار، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقىنىڭلار راستمۇ؟ — سورىدى سەردار.

— مەن پەقەت يوللار، يۇلتۇزلار تىلىنى بىلىمەن، ئەمما دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قايسى ياقلىقىدىن مۇتلەق خەۋىرىم يوق، دوستۇمنى قارارگاھىڭلارغىچە ئۇزىتىپ كەلدىم، خالاس.

— بۇ كىم؟ — سوراقنى داۋاملاشتۇردى سەردار.

— بۇ ئەلكىمياگەر، — دېدى ئەلكىمياگەر، — ئۇ تەبىئەت

كۆچلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سىرلىق تىلىنى بىلىدۇ، بۇ ئاجايىپ ئىستىپداتىنى سىلەرگە نامايىش قىلىشنى خالايدۇ.

بالىنى قورقۇنچ باسقاچقا، تىلى گەپكە كەلمەي قالغانىدى.

باشقا بىر لەشكەر بېشى سورىدى:

— بىزنىڭ زېمىنىمىزدا نېمە ئۈچۈن ئايلىنىپ يۈرسەن كەلگۈندى؟

— ئۇ سىلەرنىڭ قەبىلەڭلارغا بايلىق ئېلىپ كەلدى، — جاۋاب بەردى ئەلكىمىياگەر ۋە يىگىتنىڭ ھەمىيىنىنى سەردارغا ئۇزاتتى، سانتىياگو بۇنىڭغا ھېچنەرسە دېيەلمىدى.

سەردار ئۈندىمەستىن ئالتۇنلارنى ئالدى ۋە بۇ ئالتۇنغا كۆپ قورال - ياراغ سېتىۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى پەملىدى.

يەنە بىرسى:

— «ئەلكىمىياگەر» دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى ھەيران بولۇپ.

— بۇ تەبىئەت ۋە دۇنيانى بىلىدىغان ئادەم دېگەنلىك، ئەگەر ئۇ خالىسا سەلكىن شامال ئارقىلىقمۇ قارارگاھىڭلارنى تىرە - پىرەڭ قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

ئەرەبلەر ئەلكىمىياگەرنىڭ گېپىگە قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنسىمۇ شامالنىڭ ئۆلۈم ئېلىپ كېلىشىگە ئىشەنمەيتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقى شۇ ئىدىكى، سېھرىگەرلىكتىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى.

— بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كېلەمدۇ - يوق، بىلمەكچىمەن، — دېدى سەردار.

— بىزگە ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىڭ، بۇ ۋاقىتتا ھەمراھىم كارامىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شامالغا ئايلىنىشى كېرەك، ئەگەر بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمىسە، ھاياتىمىزنى ئىختىيارىڭىزغا تاپشۇرىمىز.

سەردار:

— ئاللىقاچان ماڭا تېگىشلىك بولغان نەرسىنى قايتىدىن تاپشۇرۇشۇڭ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى كىبىر بىلەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۈچ كۈن كۈتۈشكە رازى بولدى.

بۇنداق تاسادىپىيلىقتىن سانتىياگو هوشىنى يوقىتاي دېدى، تىلى كالۋالىشىپ زۇۋانى تۇتۇلدى، يىگىتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى سەزگەن ئالتۇنچى ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، چېدىردىن سىرتقا ئېلىپ چىقتى.

— قورقۇۋاتقانلىقىڭنى ئۇلارغا بىلدۈرمەسلىكىڭ كېرەك، بۇلار جەسۇر ئادەملەر، توخۇ يۈرەكلەردىن نەپرەتلىنىدۇ.

ئەمما، بالا تېخىچە راۋان گەپ قىلالمايۋاتاتتى، ئۇلار قارارگاهتا ئەركىن ئايلىنىپ يۈرۈشكەن بولسىمۇ، ئەرەبلەر ئاتلىرىنى ئېلىۋېلىشقانىدى، دۇنيا ئۆزىنىڭ كۆپ تىللاردا گەپ قىلالايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. چۈنكى نەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا كۆڭۈللۈك ۋە چەكسىز بولغان بۇ قۇملۇق بىردىنلا ئۇلار ئۈچۈن پىلسىراتقا ئايلاندى.

— سەن مېنىڭ ھەممە پۇللىرىمنى يەنە كېلىپ ئۆمۈر بويى يىغقان بىساتىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئىككى قوللاپ بېرىۋەتتىڭ.

— ئەجەل يەتكەندە پۇلنى نېمە قىلاتتىڭ؟ ئادەمدىكى مال - دۇنيا ئۆلۈمنى بىر دەقىقە توختىتىپ تۇرالمايدۇ، ئەمما ئالتۇنلىرىڭ ئۆمرىمىزنى ئۈچ كۈن ئۇزارتسا ئەجەپ ئەمەس.

سانتىياگونى ۋەھىمە چۇلغىۋالغانىدى، شۇڭا بۇنداق سەرمەنا هېكمەتكىمۇ ئىرەن قىلمىدى، چۈنكى ئۇ سېھىرلىك ئەلكىمىياگەر بولمىغاچقا، شامالغا ئايلىنالمايتتى. ئالتۇنچى بىر لەشكەردىن سۇ

سورىدى ۋە سانتىياگونىڭ بىلىكىگە تامچىلىتىپ، ئاللىقانداق دۇئالارنى ئوقۇدى، بالا ئاستا ـ ئاستا ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا تۇرغۇنلۇق ۋە خاتىرجەملىك سېزىشكە باشلىدى.

— غەم قىلىۋەرمە، تېخىچە قەلبىڭ بىلەن سۆزلەشكىنىڭ يوق، قورقۇشۇڭنىڭ سەۋەبى شۇ، — تەسەللىي ئېيتتى ئەلكىمياگەر ئۆزىگە ماس كەلمىگەن مېھرىبانلىق بىلەن.

— مېنى شامالغا ئايلىنىدۇ، دەپ ئېيتقىنىڭ نېمىسى؟

— بىلىشىڭ كېرەككى، كىمكى ئۆز تەقدىرى يولىدىن ماڭسا، ئۇ بارغانچە كۈچلىنىدۇ، ھەممىگە قادىر بولىدۇ، ئارزۇلىرىنىڭ رويابقا چىقماسلىقىدىكى، ئەڭ چوڭ دۈشمەن ئىنساندىكى قورقۇش پسخىكىسىدۇر.

— ئامەتسىزلىكىمدىن قورقۇۋاتقىنىم يوق، ئاخىر شامالغا ئايلىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسمەنغۇ؟

— ئۆگىنىشىڭ كېرەك، ھايات قېلىش ـ قالماسلىقىڭ شۇنىڭغا باغلىق.

— بۇ مەن قىلالايدىغان ئىش ئەمەس.

— ئۇنداقتا ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشقا تەييارلان! مىڭلىغان ئادەملەرگە ئوخشاش چارە ـ تەدبىر ئۇستىدە ئىزدەنمەي مەقسەتسىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كۆرە، ئۆز تەقدىرىڭ يولىدا تىركەشكىنىڭ مىڭ ئەۋزەل. خۇلاسە كالام، خاتىرجەم بول، ئادەتتە ئۆلۈم تۇيغۇسى كىشىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بەخش ئېتىپ، ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

تۇنجى كۈنى ئەتىدىن ـ كەچكىچە چۆلدە كەسكىن جەڭ بولدى، جاراھەتلەنگەنلەر قارارگاھقا ئېلىپ كېلىندى، سانتىياگو كۆڭلىدە «ئۆلۈم ھېچنەرسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دەپ ئويلىدى، سەپتىن ئايرىلغانلارنىڭ ئورنىنى باشقىلار تولدۇردى ۋە ھاياتنىڭ ئېقىمى داۋام قىلىۋەردى.

سەرۋازلاردىن بىرى جان تەسلىم قىلىۋاتقان دوستىغا قاراپ

دېدى:

— پەقەت كېيىنرەك قۇربان بولۇشۇڭ مۇمكىن ئىدى، ھازىر ئەمەس، بەلكى ئۇرۇش تۇگىگەندە، ئەمما بەربىر ئۆلۈم.

كەچكە يېقىن يىگىت ئەلكىمىياگەرنى ئىزلەپ:

— شامالغا ئايلىنىشىم مۇمكىنلىكى ھەقىقىدە ۋۇجۇدۇمدا بىرەر شەپە سەزمىدىم، — دېدى.

— ئېيتقان سۆزلىرىمنى ياخشىراق ئەسلە، بۇ دۇنيا ئاللانىڭ زاھىرەن بىر قىسمى، ئەلكىمىيا بولسا روھىي كامىللىقنى يەنى باتىنىي مەۋھۇم نەرسىنى زاھىرىي ماددىي نەرسىگە ئايلاندۇرغۇچى.

— سەن ھازىر نېمە ئىش بىلەن مەشغۇلسەن؟

— قارچىغىلىرىمغا دان بېرىۋاتىمەن.

— ھازىر ئويلايدىغان ئىش باشقا، ئەگەر شامالغا ئايلىنالمىسام، بىزلەرنى ئۆلتۈرۈشىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— «بىز»نى ئەمەس، سېنى ئۆلتۈرىدۇ، مەن شامالغا ئايلىنىشنى بىلىمەن.

ئىككىنچى كۈنى ئالەمنىڭ يېڭى هاياتى باشلاندى، سانتىياگو قارارگاھنىڭ يېنىدىكى ئېگىز قۇم بارخىنىغا چىقىشقا باشلىدى. قاراۋۇللار ئۇنىڭغا يول قويدى، چۈنكى ئۇلار شامالغا ئايلىنالايدىغان سېھىرگەرنىڭ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇلار يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىشكە پېتىنالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇپۇق ۋە ئاسمان بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن چەكسىز چۆل سانتىياگو ئۇچۇن تەبىئىي توسۇق بولۇپ، ئۇ ھېچ يەرگە قېچىپ كېتەلمەيتتى.

يىگىت سەھەردىن شامغىچە تۆت ئەتراپىدىكى يىراق - يىراقلارغا كۆزى تالغۇچە نەزەر تاشلىدى، كۆزىنى يۇمۇپ ئىچىنى تىڭشىدى، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا شۇڭغۇدى، جەزىرە خۇددى قېنىغا قىلىچىنى سالغان جەڭچىدەك ئاخىر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قورقۇنچ تۇمانلىرىنى تارقاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تىل تېپىشقان ئىدى.

ئۈچىنچى كۈنى قەبىلە سەردارى لەشكەر باشلىرىنى يىغىپ:

— ھېلىقى بالىنىڭ قانداق قىلىپ شامالغا ئايلىنىدىغانلىقىنى تاماشا قىلىمىز، — دەپ جاكارلىدى.

ئەلكىمىياگەرمۇ «شۇنداق» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى، سانتىياگو ئۇلارنى تۈنۈگۈن كۆن بويى تۇرغان جايغا باشلاپ كەلدى ۋە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— سەۋر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى ئۇ جامائەتكە.

— بىز چۆل ئادەملىرى، ۋاقتىمىز كۆپ، — ۋارقىرىدى سەردار.





سانتىياگونىڭ نەزەرى ئۇپۇققا قادالدى، كۆز ئوڭىدا تاغلار، بارخانلار ۋە قىيالىقلار چەكسىزلىك بولۇپ گەۋدىلەندى. قۇملۇقلاردىكى چۆل ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى، ئۇ قانچىلىغان كۈن ۋە ئايلار مانا شۇ چۆل باغرىدا ياشاپمۇ، جەزىرىدىكى باتۇر گىياھلار سىر ـ ئەسرارىنىڭ يۈزدىن بىر خاسىيىتىنى بىلەلمىدى، بۇ يولدا ئىنگلىزنى، جەزىرە يىلىنىدەك ئۇزۇن كارۋاننى، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەرنى، 500 تۈپ خورما دەرىخى ۋە 300 قۇدۇقنىڭ ئىگىسى بولغان ئەل ـ فايىمنى كۆردى، پاتىمەنى ئۇچراتتى.

— خوش، ساڭا يەنە نېمە كېرەك؟ تېخى تۈنۈگۈنلا بىر ـ بىرىمىزگە تويغۇچە قاراشقان ئىدۇق، — سورىدى جەزىرە ئۇنىڭدىن.

— ئۇزاق ـ ئۇزاقلاردا، بارخانلىرىڭ ئۆركەشلىرىنىڭ بىرىدە سۆيگەن قىزىم يالغۇز... — ئەلتىجا ۋە ھىجران كەيپىياتىدا سۆزلىدى بالا، — قاچانكى ساڭا نەزەر سالسام، كۆز ئالدىمدا ئۇ

زاھىر بولىدۇ، پاتىمەنىڭ يېنىغا قايتىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، سېنىڭ ياردىمىڭگە موھتاجمەن، مەن شۇ تاپتا شامالغا ئايلىنىشىم كېرەك.

— «سۆيگۈ» دېگىنىڭ نېمە؟ — سورىدى جەزىرە ئۇنىڭدىن.

— «سۆيگۈ» بۇ سېنىڭ قۇملىرىڭ ئاسمىنىدىكى قارچىغا پەرۋازى. ئۇنىڭ ئۇچۇن سەن جەزىرە ئەمەس، گويا ئۇنى تاۋلايدىغان تاغلار باغرىسەن! ئۇ ھېچقاچان سېنىڭ ئىنئامىڭغا ئېرىشمەي قايتمايدۇ، قىيالىرىڭنى، بارخانلىرىڭنى ۋە تاغلىرىڭنى يادقا بىلىدۇ. سەن ئالەمچە مېھرىڭ بىلەن ئۇنىڭغا مېھرىبانسەن، ئالتۇن ئۇۋۇسەن.

جەزىرىدىن سادا كەلدى:

— قارچىغىنىڭ تىغدەك تۇمشۇقى باغرىمنى تىلغايدۇ، يىللاپ ئۇنىڭغا ئولجا تەييارلايمەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن بىباھا نېمىتىم سۇ، ئۇنى تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان جايلارغا باشلايمەن. مېنىڭ قۇملۇقلىرىمدا بىر ھاياتنىڭ يەنە بىر ھاياتقا تۇرتكە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ شادلانغان چېغىمدا تۇساتتىن پەلەكتە گۇركىرەپ قارچىغا پەيدا بولىدۇ ـ دە، مېنى ياراتقانلىرىمدىن مەھرۇم قىلىدۇ.

— لېكىن سەن ئۇنى قارچىغىغا كۇرەش سەھنىسى قىلىپ ياراتقانسەن، قارچىغا بولسا سېنىڭ ئىنئامىڭنى بىز ئىنسانلارنىڭ لوقمىسى ئۇچۇن ئېلىپ كېلىدۇ، ئادەملەرمۇ قاچاندۇر قۇملىرىڭغا بەرىكەت ياغدۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ھاياتلىق كۆكلەپ، قارچىغىنىڭ رىزقى كېلىدۇ. دېمەك، دۇنيا شۇنداق ئايلىنىدۇ.

— ئۇنداقتا «سۆيگۈ» دېگىنىڭ ئەنە شۇمۇ؟

— دەل شۇنداق. «سۆيگۈ»نىڭ مەنىسى شۇ، ئوبدان قۇلاق سال، بۇ شۇنداق قانۇنىيەتكى، ئولجا قارچىغىغا، قارچىغا ئىنسانغا، ئىنسان بولسا جەزىرىگە باغلانغان، قوغۇشۇننى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغان ۋە ئاخىرىدا ئالتۇننى زېمىننىڭ قەھرىدە ساقلىغانمۇ

ئۇنىڭ زاكاۋىتى. ھاياتلىق زەنجىرى، دېگەن مانا شۇ.

— سۆزلىرىڭنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەيۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا بىرنەرسىنى چۈشەن، يىراقتا، قۇم دولقۇنلىرىڭ-نىڭ ئارىسىدا مېنى بىر قىز كۈتمەكتە، ئىشقى ۋىسال تاپمىقىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېتىكىگە قاناتلىق شامال بولۇپ ئۇچمىقىم دەركار!

جەزىرە سۈكۈتكە چۆمدى ۋە ئازدىن كېيىن زۇۋانغا كەلدى:

— شامالنىڭ توزانغا ئايلىنىشى ئۈچۈن قۇملىرىمدىن بېرىمەن، لېكىن بۇ كۇپايە ئەمەس، مەن بۇ ئىشتا ھەممىنى قىلالمايمەن، شۇڭا شامالغا مۇراجىئەت قىلىشىڭ كېرەك.

يەڭگىل شامال ئەسىدى، يىگىتنىڭ پېچىرلاپ كىملەر بىلەندۇر سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى لەشكەر باشلىرى سەل يىراقتىن كۆرۈپ تۇرۇشتى.

ئەلكىمياگەر كۈلۈمسىرىدى.

شامالنىڭ بۇلۇتتەك يەڭگىل قاناتلىرى سانتىياگوغا مەلۇم بولدى ۋە ئۇنىڭ مەگزىلىرىنى ئانىلاردەك سىيلىدى، ئالەمدىكى جىمى نەرسىلەردىن بىخەۋەر قالغان شامال يىگىتنىڭ جەزىرە بىلەن سۆھبىتىگە قۇلاق سالغانىدى، شاماللار دۇنيانى كېزىپ يۈرەتتى، ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان جايلىرى نامەلۇم، ئۆلىدىغان يەرلىرىمۇ ئېنىقسىز ئىدى.

سانتىياگو سەلكىنگە ئىلتىجا قىلدى:

— ماڭا ياردەم بەر، بىر قېتىم مەھبۇبەمنىڭ ئاۋازىنى ئېلىپ كەلگىن!

— جەزىرە ۋە شامال بىلەن سۆزلىشىشنى ساڭا كىم ئۆگەتكەن؟

— قەلبىم.

شامالنىڭ ئىسىملىرى كۆپ ئىدى، يەرلىكلەر ئۇنى «سىراككا» دەپ ئاتايتتى ۋە بۇ تۇردىكى شامالنى ئەرەبلەر قارا تەنلىكلەر ياشايدىغان، سۇلىرى ئەلۋەك يۇرتلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن،

دەپ قارايتتى.

پادىچى بالىنىڭ ۋەتىنىدىكىلەر بولسا ئۇنى «لەۋەنتىن» دەپ ئاتاشقان، ئۇلارچە بۇ شامال جەزىرە قۇمىنى ۋە بۇلاقچى ھەبەشلەرنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى، بەلكى قويلىرىنى ئۆتلىتىدىغان دالالىرى يوق خەلقلەر شامالنى ئەندالوسىيەدە يارالغان، دەپ بىلىشەتتى. ئەمما، شامال ھېچ يەردە تۇغۇلمىغان ۋە ھېچقاچان ئۆلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ جەزىرىدىن قۇدرەتلىك، ئادەم خالىسا چۆللەردىن ھوسۇل ئالار، قويلىرىنى بېقىشار، ئەمما ئۇنى بويسۇندۇرالماس.

شۇ تاپتا شامالنىڭ لەۋلىرى پىچىرلىغاندەك بولدى.

— سەن شامال بولالمايسەن، چۈنكى بىزنىڭ جەۋھىرىمىز باشقا.

— ئېيتقانلىرىڭ توغرا ئەمەس، — دېدى سانتىياگو، — ئالەمنى كېزىپ يۈرگىنىمدە، ماڭا ئەلكىمىيانىڭ سىرلىرى سەن بىلەن ئايان بولغان، ئەمدى ئىگەم ياراتقان ھەممە نەرسىلەر — سىلەر — شامالار، چۆللەر، دېڭىزلار ۋە يۇلتۇزلار مەندە مۇجەسسەم، سەن بىلەن مېنى ھاسىل قىلغان سەۋەبكار بىر. دېمەك، قەلبىمىز ئوخشاش، مەن خۇددى سەندەك بولۇپ خالىغان بولۇڭ - پۇچقاقلاردا ئەركىن يۈرۈشنى، دېڭىزنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشنى، خەزىنىلەرنى يوشۇرۇپ ياتقان قۇم تاغلارنى پۈۋلەپ يۆتكەشنى ۋە سۆيگۈنۈمنىڭ ھىدىنى ئۆزۈم بىلەن ئېلىپ يۈرۈشنى ئىستەيمەن.

شامال يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر قېتىم ئەلكىمىياگەر بىلەن قىلغان سۆھبىتىڭنى ئاڭلىغان ئىدىم، ئۇ «ھەممىنىڭ ئۆز يولى بار» دېگەنىدى، دېمەك ئىنسانغا شامال بولۇش تەقدىر قىلىنمىغان.

— ھېچبولمىسا، بىرنەچچە دەقىقە بولسىمۇ، سۈرىتىڭگە كىرىشىمگە ئىجازەت قىل، بۇنى ماڭا ئۆگەت. شۇ چاغدا ئىنسانلار

بىلەن شامالنىڭ كۆپ جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىرلىكتە مۇئامىلە قىلىمىز.

شامال قىزىققان ۋە ئۆزىچە بىلىمدان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئىشقا يولۇقمىغانىدى، شۇڭا يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنىڭغا قىزىقارلىق تۇيۇلدى، ھەتتا بۇ ھەقتە سانتىياگو بىلەن مۇنازىرىلەشكۈسى كېلىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئىنساننى شامالغا ئايلاندۇرۇش ھەققىدىكى تەلەپ ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئادەتتە ئۇنىڭ قولىدىن كۆپ ئىش كېلەتتى، ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلايتتى، مەسىلەن، ھەرقانداق ئابادان شەھەرنى خارابىگە ئايلاندۇرالايتتى، دەريا - دېڭىزلاردىكى كېمىلەرنى ئاغدۇرالايتتى، ئەسىرلەر داۋامىدا ياشاپ كېلىۋاتقان دەرەخ - ئورمانلارنى قومۇرۇپ تاشلاش ئۇنىڭ قولىدىن كېلەتتى، مۇزىكا ۋە نامەلۇم شاۋقۇنلار ياڭراپ تۇرىدىغان قايناق يۇرتلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتەتتى. ئىشقىلىپ ئۇ بىر قارىماققا ئاجىزدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى دۇنيادىكى يېگانە قۇدرەت ئىگىسى چاغلايتتى، ئەمدى بولسا كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئىشىتمىگەن ئىشلارنى قىلىشقا قىزىقىۋاتاتتى.

يىگىت شامالنىڭ ماسلىشىش رايىنى پەملىدى ۋە دېدى:

— بۇنى «سۆيگۈ» دەپ ئاتىشىدۇ، «سۆيسەڭ» نېمىنى خالىساڭ، شۇنىڭغا ئايلىنالايسەن. «سۆيۈپ قالساڭ» ئەتراپىڭدا ۋە ئۆزۈڭدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە پەسەنت قىلمايسەن، چۈنكى يېڭىلىقلار بىزنىڭ روھىمىزدا يۈز بېرىدۇ، شۇنداق ئىكەن ئىنساننىڭ شامالغا ئايلىنالايدىغانلىقىغا شۇبھىلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداق دەيمىزۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ سېنىڭ كارامەت كۆرسىتىش ياكى كۆرسىتەلمەسلىكىڭگە باغلىق.

سانتىياگونىڭ سۆزلىرى مەغرۇر شامالنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەندەك بولدى، شۇڭا ئۇ قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ سەھرا قۇملىرىنى سەل توزىتىپ قويدى - يۇ، ئۆزىنى ئالەمنىڭ ئەركىسى

چاغلىغىنى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانىنى شامالغا ئايلاندۇرالمايدىغانلىقىنى تەن ئالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ «سۆيگۈ»نىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمىدى.

— ئادەملەرنىڭ سۆيگۈ ھەققىدە قۇچاقلىرىنى كېرىگىنىچە ئاسمان تەگرىسىگە مۇراجىئەت قىلغانلىقىنى كۆپ كۆرگەنمەن، بەلكى سەنمۇ كۆككە ئىلتىجا قىلساڭ ياخشىراق بولار، — دېدى شامال ئاجىزلىقىنى يوشۇرغاندەك قىلىپ.

بالا رازى بولدى ۋە ئاخىرقى ئۆتۈنۈشىنى بايان قىلدى:

— ياخشى مەسلىھەت بەردىڭ، ئۇنداقتا ئاسمانغا قارىغىنىمدا قۇياشنىڭ كۆزۈمنى قاماشتۇرۇۋېتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇپۇقنى قۇم بىلەن توسۇپ تۇر.

شامال يەنىمۇ كۈچلۈكرەك چىقتى، ئاسمان - پەلەكنى چاڭ - توزان قاپلىدى ۋە قۇياش يۈزى بىردىنلا قارىيىپ، كۈن سارغۇچ ئالتۇن تاۋاققا ئايلىنىپ قالدى.

ئەتراپتا كۆزنى تۇرغانلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، چۆللۈكلەر «سەمۇم» دەپ ئاتايدىغان شۇ شامالنىڭ «كارامەت»لىرىنى ئۇلار ياخشى بىلەتتى، گەرچە ئۇلار دېڭىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن شۇ شامال ئۇلار ئۈچۈن دېڭىز بورىنىدىنمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى، ئاتلار پۇشقۇرۇپ، قورالىلارنىڭ تۆشۈكلىرى قۇم بىلەن پۈتۈپ قېلىشقانىدى.

لەشكەر باشلىرىدىن بىرى سەردارغا چاس بېرىپ:

— ئالەمنى ۋەھىمە بېسىۋاتىدۇ، — دېدى.

سانتىياگو ئەمدى ئۇلارغا كۆرۈنمىدى، چۈنكى لەشكەر باشلىرىنىڭ يۈز - كۆزلىرى ئاق ماتا بىلەن توسۇلغان بولۇپ، قورقۇنچتىن نىگاھلىرى قېتىپ قالغانىدى.

— ئەمدى شامال چىقىرىشنى توسۇپ قالايلى، — ۋارقىراشتى ئۇلار.

— مەيلى، بۇ ئاللانىڭ قۇدرىتى، ئىنسانىنىڭ قانداق قىلىپ





شامالغا ئايلانغانلىقىغا ھەيرەتلەندىم، — جاۋاب بەردى قەبىلە سەردارى.

سەردار قورقۇنچاقلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغان لەشكەر باشلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىدى. ئۇلارنى شامال توختىغاندىن كېيىن قاتتىق جازالاشنى ئويلىدى، چۈنكى چۆل كىشىلىرى ئۈچۈن قورقۇنچ مەغلۇبىيەتتىن دېرەك بېرەتتى.

سانتىياگو قۇياشقا قاراپ مۇراجىئەت قىلدىكى:

— شامالمۇ ئاخىرى مۇھەببەتنى چۈشەنگەنلىكىنى نامايان قىلدى، شۇنداق بولغاندا سەنمۇ ئالەم روھىنى بىلىشىڭ كېرەك، چۈنكى ئۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتىن يارالغان.

— دەرگاھىمدا ئالەم روھى ماڭا بەش قولدەك كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، — جاۋاب بەردى قۇياش، — ئۇ مېنىڭ قەلبىم بىلەن دىيالوگلىشىدۇ ۋە بىز بىرلىكتە ئوت ـ چۆپلەرنى ئۆستۈرۈپ، قويلارنىڭ يايلاقمۇ ـ يايلاق يۈرۈشىگە سەۋەب بولىمىز، ئەنە شۇ يەرلەردىن مەن تۇرۇۋاتقان بەكمۇ يىراق نۇقتىغىچە ئارىلىقتىن، مەن سۆيۈشنى ئۆگەندىم، يەرگە ئازراق يېقىنلاشسام مەۋجۇداتلار نابۇت بولىدۇ ۋە ئالەم روھى ئاجىزلايدۇ. شۇ سەۋەبلىك بىز يىراقلاردىن بىر ـ بىرىمىزگە نەزەر تاشلايمىز، ئۆزئارا سۆيۈشىمىز. مەن يەرگە ھايات ۋە ھارارەت بەخش ئېتىمەن. يەر بولسا ماڭا بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمىزنىڭ گۈزەللىكى ھەم ئۇلۇغۋارلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

— ئۇنداقتا سەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدىكەنسەن؟ — تەكرارلاپ سورىدى سانتىياگو.

— مەن ئالەم روھىنى ياخشى بىلىمەن، چۈنكى بۇ چەكسىز كائىناتتىكى ئاداقسىز سەپەرلىرىمىز جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆپ

سۆھبەتلەردە بولغانمىز. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئىزتىراپلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن، ھازىرغىچە تاشلار ۋە ئۇسسۇملۇقلەرلا دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن ئىبارەت ئەسلىي ھەقىقىتىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۆمۈرنىڭ مىسقا ئوخشىشىنى ياكى مىسنىڭ ئەينەن ئالتۇندەك بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. ئۆزئارا بىر پۈتۈنلۈككە ئايلانغان بۇ ئالەمدە ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسى بار، يارىتىلىپ بەشىنچى كۈنى پۈتۈن مەۋجۇداتنى يوقلۇقتىن بار قىلغان قول، ھەرىكەتتىن توختىغاندا ئىدى، ھەممىسى ئالەم قازىنىدا تاسقىلىپ، قورۇلۇپ پەقەت بىرلا جىسىمغا ئايلانغان بولاتتى، ھېلىمۇ بەختىمىزگە يارىشا مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئالتىنچى كۈنىمۇ بولغانىكەن.

سانتىياگو قۇياشنى ماختىدى:

— ھەممە نەرسىنى ئېگىزلىكتىن كۆرۈپ تۇرىدىغان، دانىشمەن ئىكەنسەن، لېكىن سۆيگۈ ھەققىدىكى چۈشەنچەڭدە جۇز ئىيلىك بار، ئەگەر يارىتىلىشنىڭ ئالتىنچى كۈنى بولمىغاندا، ئادەمزات بولماستى ۋە مىس مىسلىگىچە، قوغۇشۇن قوغۇشۇن پېتى قېلىۋەرگەن بولاتتى، ھەربىرىنىڭ ئۆز يولى بار، ئەمما كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يوللار تۈگەيدۇ ياكى كېسىشىدۇ، شۇڭا بىر ئۇنسۇرنىڭ يەنە باشقا بىر ئۇنسۇرغا ئايلانمىقى دەركار ۋە بۇ ئۇسۇلنى تېپىش كېرەك. ئالەم روھى ھەقىقەتەن بىر پۈتۈن نەرسە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن يەككىلىك ـ مۇستەقىللىق كېلىپ چىققۇچە ئىغىر ئەگرى ـ توقايلىق داۋاملىشىدۇ.

قۇياش بىر ھازا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، تېخىمۇ يارقىنراق نۇر سېپىشكە باشلىدى، مەزكۇر سۆھبەتنى ئىڭشاپ شادلانغان شامال يىگىتنى ئاپتاپتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچلۈكرەك گۈركىرەشكە باشلىدى.

سانتىياگونىڭ سۆزى تۈگىمىگەن ئىدى:

— ئەلكىمىيا شۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇتكى، جىمىكى بارلىق ئۆز

خەزىنىسىنى ئىزلىسۇن، تاپسۇن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئاۋۋالقىدىنمۇ گۈزەلرەك، مۇكەممەلرەك بولۇشقا ئىنتىلسۇن، قوغۇشۇننىڭ ھاياتلىققا كىرىكى بولسىلا، ئۇ ئۆز ماھىيىتىگە يېزىلغان ۋەزىپىنى ئادا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. ئالتۇنچىلار ئۆز ئەھۋالىمىزنىڭ يەنىمۇ ياخشىراق ۋە مۇكەممەلرەك بولۇشىغا ھەرىكەت قىلساق، شۇنىڭغا ماس ھالدا ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرمۇ مۇكەممەللىشىدۇ ۋە گۈزەللىشىدۇ.

— مېنى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بابىدا چۈشەنچىسى تېيىز دەپ ئېشىتكىنىڭ راستمۇ؟

— سۆيۈپ قالساڭ، جەزىرىگە ئوخشاش بىر جايدا تۇرىۋەرمەيسەن، شامالدەك دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سەرگەردان بولۇپ يۈرمەيسەن، ساڭا ئوخشاش ئۇزاقتىن ھەممە نەرسىگە باراۋەر نەزەر تاشلاپ تۇرىۋەرمەيسەن، مۇھەببەت — بىر كۈچ، ئالەم روھىنى يېڭىلايدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدىغان قۇدرەت. ئالەم روھىغا تۇنجى كىرگىنىمدە، ئۇ ماڭا ئۇيغۇنلۇق تىمسالى بولۇپ تۇيۇلغان، كېيىن ئۇنىڭ بىزنىڭ ئەكسىمىز ئىكەنلىكىنى، ھاياجانلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا دەردىنىڭ بارلىقىنى بىلدىم. ئۇنىڭ شاد ـ ئەلەملىرى، غەزەبلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى، ياخشى ـ يامانلىقىنىڭ ھەممە سەۋەبى بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ زېمىنغا باغلىق. ئەنە شۇ ئورۇندا سۆيگۈ ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ، چۈنكى سۆيۈپ قالغان چېغىڭدا چىن، ياخشى ۋە گۈزەل بولۇشقا ئىنتىلىسەن.

— خوش، مەندىن نېمە ئىستەيسەن؟

— شامالغا ئايلىنىشىمغا ھەمدەم بول.

— ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئارا سىر ئەمەسكى، كائىناتتا مەندىنمۇ ئۇلۇغۋار مەۋجۇدات بولمىغان، — جاۋاب قىلدى قۇياش، — لېكىن قانداق قىلىپ شامالغا ئايلىنىشىنىڭ

مۇمكىنلىكىنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— ئۇنداقتا ماڭا ياردەم قىلالايدىغان يەنە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟

قۇياش چوڭقۇر تەپەككۇر ئىلكىدە جىمىدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ پېشانىلىرى تۈرۈلگەنىدى. «ئەگەر ياردەمدىن باش تارتسام، بىزنى ماراپ تۇرغان شامال بۇ كائىنات چىرىغىنىڭ ئەقلىمۇ چاغلىقكەن، دەپ ئالەمگە داستان تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىلدا سۆزلەۋاتقان بۇ يىگىتتىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇشمۇ دانالىقتىن ئەمەس» دەپ ئويلىدى ــ دە:

— تەقدىر پۈتۈكىنى يازغۇچى ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسىدىن سورا، — دېدى.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ يەڭگىل تەبىئەتلىك شامال خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر كۈچ بىلەن توپان كۆتۈردى. بىرنەچچە چېدىر ئاغدۇرۇلدى، باغلانغان ئاتلار تىزگىنلىرىنى ئۈزۈپ كىشنەپ قېچىشتى، ئەتراپنى ئولتۇرغانلار ئۆچۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىشتى.

يىگىت تەقدىر ئەزەلنى پۈتكەننىڭ قولىغا يۈزلەندى، شۇ چاغدا پۈتكۈل ئالەمنىڭ سۈكۈت دېڭىزىغا چۆمۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن بۇنداق جىمجىتلىقنى بۇزۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى، كېيىن ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىنى بىردىنلا ئېتىقاد قۇياشى يورۇتتى ۋە سانتىياگو ئىبادەتكە ئولتۇردى. ئۇ دۇئا ـ تىلاۋىتىدە پەرۋەردىگاردىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمىدى، بۇرۇن نە قويلىرىغا كۆپكۆك يايلاقلارنى بەرگەنلىكى، نە موھتاج بولۇپ بارغانلىقى سەۋەبلىك فارفۇرچىنىڭ دۇكىنىدا خېرىدارلارنىڭ كۆپەيگەنلىكى

توغرىسىدا گەپ قىلمىدى. پاتمىنىڭ ئۇنى كۈتۈشى ئۇچۇن ياراتقۇچىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە سەۋر ۋە ۋاپادارلىق سورىمىدى. ئومۇمەن ھېچقانداق كۆڭۈل ئىزھارى قىلمىدى، سۈكۈنات باسقان ئالەمدە شۇنى بىلىپ يەتتىكى، مەيلى جەزىرە، شامال ۋە ياكى قۇياش بولسۇن، ھەممىسى ئەنە شۇ ھېكمەتلىك قول نەقىشلىگەن ئالامەتلەرنى ئىزدەيدىكەن، ئۆز تەقدىرى يولىدىن مېڭىشقا ۋە زۇمرەت تاش يۈزىگە ئويۇلغان پۈتۈكلەرنىڭ سىر ـ ئەسرارىنى بىلىشكە ئىنتىلىدىكەن، پادىچى يەنە شۇنىمۇ ھېس قىلدىكى، ئۇشبۇ ئالامەتلەر پۈتكۈل ئالەم ۋە يەر يۈزىگە چېچىۋېتىلگەن، قارىماققا ئۇنىڭ زاھىرەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە سەۋەبى بىلىنمەيدىكەن. دېمەك، جەزىرىمۇ، شاماللارمۇ، قۇياش ۋە ئادەمزاتمۇ ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۇچۇن يارىتىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلمايدىكەن، بۇنىڭغا ھەممىنى ياراتقان ئىگەم سەۋەبكار ۋە ئۇ مۆجىزىلەر كۆرسىتىشكە قادىر. دېڭىزنى جەزىرىگە، ئادەمنى شامالغا ئايلاندۇرىدىغانمۇ ئۇنىڭ ئۆزى، ئالەمنى ئىلاھى بىر مەقسەت يولىدا يوقلۇقتىن بار قىلىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئاشۇ ئالتە كۈن تامان يېتەكلەپ مېڭىشنىڭ سەۋەبىمۇ بىر ئۇنىڭ ئۆزىگە ئايان.

سانتىياگو ئالەم روھىغا سىڭىپ كەتتى ۋە شۇنى بىلدىكى، ئالەم روھى پەرۋەردىگار روھىنىڭ پارچىسى ئىكەن، ياراتقۇچى روھى بولسا — ئۆز روھى ئىكەن، دېمەك بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى مۆجىزە يارىتىشقا تامامەن قادىر دېگەنلىكتۇر!

ئاشۇ كۈنى سەمۇم شامىلى ھەرقانداق ۋاقىتتىنمۇ دەھشەتلىكرەك بورانغا ئايلاندى. ئاۋۋال شامالغا، ئاندىن بورانغا ئۆزگىرىپ، جەزىرىنىڭ قۇدرەتلىك لەشكەر باشلىرىنى تېز يۆكتۈرگەن ۋە قارارگاھىنى كۆمۈپەيكۈم قىلغان يىگىت ھەققىدىكى بۇ ھېكايىلەر ئەپسانە بولۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد تارقالدى.

سەمۇم بورىنى قارا قاناتلىرىنى يىغىپ ئاستا ـ ئاستا يەرگە قونغان قۇش كەبى چۆلدە شۈكلەندى، ئادەملەرنىڭ قورقۇنچتىن گويا چانىقىدا قېتىپ قالغان نىگاھى سانتىياگونى ئىزدەيتتى، لېكىن ئۇ ئەسلىدىكى جايىدىن غايىب بولغانىدى، ئۇ قارارگاھنىڭ باشقا بىر تەرىپىدە بەدىنىنىڭ يېرىمىغىچە قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان قاراۋۇلنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

سېھىرلىك قۇدرەت ھەممىنىڭ يۈرىكىگە ئۇنتۇلماس قورقۇنچ سالدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت ئىككى كىشى تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى، بۇلارنىڭ بىرى ئۆز شاگىرتىدىن پەخىرلەنگەن





ئەلكىمىياگەر، ئىككىنچىسى قەبىلە سەردارى ئىدى. ئۇلار يىگىتنىڭ تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. سەردار ئەتىسى سانتىياگو بىلەن ئەلكىمىياگەرنى تۆت ئەتراپىڭىز قىبىلە بولسۇن، دەپ قويۇپ بەردى، ھەتتا يىراقلارغىچە ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن جەڭچىلىرىدىن بىرنى قوشۇپ يولغا سالدى.

ئۇلار كۈن بويى يول يۈردى، يۈرگەندىمۇ مول يۈردى. شامغا يېقىن ئەلكىمىياگەر، ئۆزىنىڭ كەلگەن لەشكەرنى رەھمەت ئېيتىپ قايتۇردى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ يىگىتكە:

— بۇنىڭ ئۇ يېقىنغا سەپەرنى بىر ئۆزۈڭ داۋاملاشتۇرىسەن، — دېدى.

— ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىلنى ئۆگەتكىنىڭ ئۈچۈن سەندىن رازىمەن.

— ئالاھىدە ئىش قىلغىنىم يوق، سەن بىلىدىغان نەرسىنى شۇنچىكى ئېسىڭگە سالدىم شۇ!

ئەلكىمىياگەر كاپتىلار ئىبادەتخانىسىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىلداتتى، قارا رىدە كىيگەن روھانىي چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئۇلار كاپت تىلىدا بىر نېمىلەر دەپ سۆزلەشتى، كېيىن ئەلكىمىياگەر سانتىياگوغا ئىچكىرى كىرىشكە ئىشارە قىلدى ۋە:

— ئۇنىڭغا سىنى ياردەمچىم دەپ تونۇشتۇردۇم، — دېدى.

كىمىياگەر ئىبادەتخانا ئاشخانىسىدىكى ئوچاقنا ئوت ياقتى ۋە

روھانىي ئېلىپ كەلگەن قوغۇشۇننى تۆمۈر پەتنۇسقا ئېلىپ ئوچاققا قويدى. قوغۇشۇن ئېرىگەندىن كېيىن يانچۇقىدىن سارغۇچ ئەينەك تۇخۇمنى ئېلىپ، مىخىمىزدەك سۇندۇردى ـ دە، موم سۈرتۈپ، ئېرىگەن قوغۇشۇننىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

سۈيۈقلۇق قىپقىزىل قان رەڭگىگە كىردى، ئالتۇنچى پەتنۇسنى ئوچاقتىن ئېلىپ سوۋۇشقا قويدى ـ دە، روھانىي بىلەن جەزىرىدىكى جەڭلەر ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى.

— ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلمىغىيدى دەپ قورقىمەن، — دېدى روھانىي ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ئۇنىڭ ئوتلۇق تىنىقلىرىغا چوڭقۇر دەرت يوشۇرۇنغانىدى.

— ئۇرۇشنىڭ دەستىدىن كارۋاندىكىلەرنىڭ كۆپ ئالمىقى تەسلىشىپ كەتتى، لېكىن شۇنداق دەيمىزۇ بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكمى بولسا كېرەك، — روھانىي يەنە ئىتائەتكارلىق بىلەن گېپىنى ئاياغلاشتۇردى.

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى كىمياگەر.

سوۋۇغان پەتنۇسقا قاراپ سانتىياگو بىلەن روھانىي ئەجەبلىنىش نەزەرىدە بىر ـ بىرىگە قاراشتى، چۈنكى پەتنۇسنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈگىلەك بولۇپ قېتىپ قالغان قوغۇشۇن ئالتۇنغا ئايلانغانىدى.

— بۇ تېخنىكىنى مەن زادى قاچان ئۆگىنىمەن؟

— بۇ ماڭىلا خاس بولغان ھۈنەر، سەن قىلىدىغان ئىش ئەمەس. پەقەت بۇنىڭ مۇمكىنلىكىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويماقچى بولدۇم، خالاس.

ئۇلار يەنە ئىبادەتخانىنىڭ ئىشىكى يېنىغا كېلىشتى، ئەلكىمياگەر ھېلىقى ئالتۇننى تۆت بۆلەككە بۆلدى.

— يولۇچىلارنى داۋاملىق خۇرسەنچىلىك بىلەن كۈتۈۋېلىشىڭ ئۈچۈن، — دەپ بىر پارچىسىنى روھانىيغا ئۇزاتتى.

— مەن بۇنچە كاتتا ئىلتىپاتقا مۇناسىپ ئىش قىلمىدىم، —

دېدى روھانىي كەمتەرلىك بىلەن.

— ئىككىنچى بۇنداق دېگۈچى بولما، ئېھتىمال گەپلىرىڭنى ھايات ئاڭلاپ قېلىشى ۋە كېيىنكى قېتىمدا كەمرەك بېرىشى مۇمكىن، كېيىن كىمىياگەر سانتىياگوغا بۇرۇلۇپ:

— بۇ ساڭا قەبىلە باشلىقى ئېلىۋالغان پۇللىرىڭنىڭ ئورنىغا، — دېدى.

يىگىتمۇ «ياق، بۇ بەك كۆپ بولۇپ كەتتى» دېمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن ئېغىز ئاچالمىدى.

— بۇ ئۆزۈمگە، — دېدى ئالتۇنچى، — ئۆيگە قايتىشىم كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۆلدە ئۇرۇش بولىۋاتىدۇ.

تۆتىنچى پارچىنى يەنە روھانىيغا بەردى، ئاخىرىدا ئۆزىگە ئايرىغانلىرىمۇ يىگىتكە ئۇزىتىۋېتىپ:

— بۇنىمۇ ئال، لازىم بولۇپ قالار.

— مەنمۇ خەزىنە تامان كېتىۋاتىمەن، ئاجايىپ كۈنلىرىمگە ئاز قالدىغۇ؟ — ھاياجاندىن ۋارقىراپ سۆزلىدى يىگىت.

— خەزىنىنى تېپىشىڭغا ئىشەنچىم كامىل!

— ئۇنداقتا ماڭا ئالتۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

ئەلكىمىياگەر تەمكىنلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ جاۋاب بەردى:

— چۈنكى سەن ئىككى قېتىم بار - يوقۇڭدىن ئايرىلىپ قالدىڭ، ئاۋۋال پالچى ئالدى، كېيىنكى قېتىمدا قەبىلە باشلىقى تالىدى. مەن قېرىغان، خۇراپىي ئەرەبمەن. ئۆزىمىزدىكى «بىر قېتىم سادىر بولغان ئىش، ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئىككى قېتىم يۈز بەرگەن ئىش ئۈچىنچى قېتىم چوقۇم قايتىلىنىدۇ» دېگەن ماقالغا ئىشىنىمەن.

ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشتى، ئەلكىمىياگەر سانتىياگوغا:

— ماڭا ياندىشىپ ماڭ، بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن، — دېدى يولغا چىقىۋېتىپ.

سانتىياگو يېقىن ياندىشتى، ئاتلىرىنىڭ ئۈزەڭگىلىرى





تېگىشىپ تۇراتتى.

— قىسقىسى، قەدىمكى رىمدىكى تىبېرىي ھۆكۈمرانلىقى زامانىدا بىر ھۆرمەتلىك زاتنىڭ ئىككى ئوغلى بولغانىكەن، بىرى جەڭچى بوپتۇ ۋە سەلتەنەتنىڭ ئەڭ ئۇزاق چېتىدە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن جۆنەپتۇ. ئىككىنچىسى بولسا، شائىر بولۇپ ئۆز شېئىرلىرى بىلەن پۈتۈن رىمنى ھەيرەتكە سېلىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى مويسىپىت كىشى چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاسماندىن پەرىشتە چۈشۈپ، بىر ئوغلىنىڭ سۆزىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ كۆپ ئەسىرلەرگىچە يادلاپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بېرىپتۇ. مويسىپىت بۇنداق بەختتىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ تاشلاپتۇ، چۈنكى تەقدىر ئۇنىڭغا ئاجايىپ ئۇلۇغ مەرھەمەت كۆرسىتىۋاتقان، ئۇنى پەقەت ئاتىلارلا ھېس قىلىشى مۇمكىن بولغان ئالىي قۇۋانچىدىن بەھرىمەن قىلىۋاتقان ئىكەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتا ھارۋا بېسىۋېلىشقا تاسمۇتاس قالغان بىر بالىنى قۇتقۇزىمەن دەپ چاق ئاستىدا قېلىپ، دارۇلپانىيدىن دارۇل باقىيغا رىھلەت قىپتۇ، ئۇ ئۆمرىنى تائەت - ئىبادەتتە ئۆتكۈزگەنلىكى سەۋەبلىك، روھى تۇپتوغرا ئەرشئەلاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ ۋە يەتتە قات ئاسمان ئۆزرە چۈشىگە كىرگەن ھېلىقى پەرىشتىگە يولۇقۇپتۇ.

— سەن مۆمىن ۋە مېھرىبان ئىنسانسەن، — دەپتۇ پەرىشتە، — شۇڭا ھاياتىڭ مۇھەببەتلىك، ئۆلۈمىڭ پەزىلەتلىك بولدى، قېنى ئېيت، بارلىق تەلىپىڭنى ئىجابەت قىلغايمەن.

پەرىشتىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغان مويسىپىت ئېيتىپتۇ:

— ھايات مەندىن ھېچقانداق مۇرۇۋۋەتنى ئايىمىدى، سەن چۈشۈمگە ئايان بولغاندا، ئۆمرۈم بويى قىلغان خالىس ھەرىكەتلىرىمنىڭ زايە كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىم، ئەمدى

ئوغلۇمنىڭ شېئىرلىرى ئەۋلادمۇئەۋلاد كىشىلەر ئارىسىدا ياشايدۇ، ئۆزۈم ئۈچۈن سەندىن سورايدىغان نەرسەم يوق، ئىككى ئالەمدە ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن تۇغۇپ ئۆستۈرگەن ۋە تەربىيەلەپ ئوقۇتقان پەرزەنتلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق بەخت يوق، شۇڭا ئۇزاق كېلەچەكتىمۇ ئوغلۇمنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تەكرار ئېيتىلغانلىقىنى ئاڭلىسام دېگەن ئارزۇدىمەن.

پەرىشتە بوۋاينىڭ يەلكىسىگە قونۇپتۇ ۋە شۇ زامان ئىككىسى يىراق كەلگۈسىدە ھازىر بوپتۇ، كاتتا شەھەرلەر، نامەلۇم تىلدا سۆزلىشىدىغان ئادەملەرگە ئۇچراپتۇ.

بەخت ۋە ھاياجاندىن بوۋاي يەنە يىغلاپ تۇرغۇدەك.

ــ شائىر ئوغلۇمنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا ياشايدىغانلىقىغا ئىشەندىم، قېنى ئېيتچۇ، ئادەملەر ئۇنىڭ قايسى مىسرالىرىنى تەكرارلاپ يۈرۈشتىكەن؟ ــ دەپتۇ ياشلىرىنى ئېقىتىپ. پەرىشتە بوۋاينى ئاۋايلاپ كۇرسىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ ۋە دەپتۇ:

ــ ھەقىقەتەن ئوغلۇڭنىڭ شېئىرلىرى پۈتۈن رىمغا مەشھۇر بولدى، بۇ شېئىرلارنى ئاڭلىغان ياكى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى زوق ـ شوخقا تولماي قالمايدۇ. لېكىن تىبېرىي سەلتەنەتىنىڭ يوقىلىشى بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىمۇ ئۇنۇتتى، ھازىر ئادەملەرنىڭ كۆپرەك تىلغا ئېلىۋاتقىنى جەڭچى ئوغلۇڭنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدۇر.

بوۋاي پەرىشتىگە ھەيرانلىق ۋە تەئەججۇپ بىلەن قارىدى.

ــ ئۇ ئەڭ چەت يەرلەرنىڭ بىرىدە خىزمەت قىلدى، ــ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى پەرىشتە، ــ يۈز بېشىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى، ئۇ ساڭا ئوخشاش ئادىل ۋە مېھرىبان. بىر كۈنى ئۇنىڭ قۇللىرىدىن بىرى ئاغرىپ قېلىپ، ئەزرائىل ئۇنىڭ جېنىغا قول سوزۇپ تۇراتتى، شۇ چاغدا ئوغلۇڭ تولىمۇ يىراق ئۆلكىلەرنىڭ بىرىدە تەجرىبىلىك بىر تېۋىپنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئىزدەپ

يولغا چىقتى، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ تېۋىپنىڭ تەڭرىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىدى، يول بويى ئوغلۇڭ ئۇ شىپا بەخش ئەتكەن ئادەملەرنى كۆردى، تېۋىپنىڭ تەلىماتىغا مەپتۇن بولدى ۋە رىملىق كاتتا يۈز بېشى بولۇشىغا قارىماي ئۇنىڭ دىنىغا كىردى. ئاخىر بىر كۈنى تاڭغا يېقىن تېۋىپ بىلەن ئۇچراشتى ۋە ئۇنىڭغا بىر خىزمەتچىسىنىڭ ئاغرىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئۇستاز (ئەل ئىچىدە شۇنداق ئاتىلاتتى) ئوغلۇڭ بىلەن بېرىپ بىمارنى داۋالاشنى قارار قىلدى، ئەمما ئوغلۇڭ تەقۋادار ۋە ئېتىقادلىق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى توساتتىن ئۇستازنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى - يۇ، دەرھال قارشىسىدىكى كىشىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلدى ۋە شۇ زامات دېدى:

— ئى پەرۋەردىگار، ئارتۇق رىيازەت چەكمە، غېرىب كۈلبەم قەدەم رەنجىپ قىلىشىڭغا ئەرزىمەيدۇ، بىر ئېغىز سۆزۈڭ كۇپايە. خىزمەتكارىم شۇنىڭ بىلەن ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى، ئوغلۇڭنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەسىرلەر داۋامىدا يادلىنىۋاتىدۇ.

ئەلكىمياگەر ھېكايىسى تۈگىشى بىلەن تەڭ ئېتىنى دىۋىتتى.

جاھاندىكى ھەربىر ئادەم، مەيلى ئۇ قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانسۇن، دۇنيا تارىخىدا مۇھىم رول ئويناۋاتقان ئادەمدۇر، لېكىن شۇ ئىنسان بۇ نۇقتىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يەتمەيدۇ.

سانتىياگو تەبەسسۇم قىلدى، ئۇ ئاددىي ئادەملەر، بولۇپمۇ ئۆزىدەك بىر پادىچى ھاياتىنىڭمۇ ئىنسانىيەت تارىخى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقى ھەققىدىكى بۇنداق داۋلىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاڭلاپ ئۆزىدىن پەخىرلەندى.

— ئەلۋىدا، — دېدى ئەلكىمياگەر.

— ئەلۋىدا، — دېدى يىگىت.

سانتىياگو جەزىرىدە يالغۇز ئىككى يېرىم سائەتتەك يول يۈردى، ئەمما يول بويى ئىچىنى تىڭشاپ ماڭدى، چۈنكى خەزىنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا قەلبى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ ئايرىلىشتىن ئاۋۋال ئەلكىمىياگەرنىڭ «خەزىنە قەيەردە بولسا قەلبىڭمۇ شۇ يەردە» دېگەنلىرىنى ئەسلىدى، ئەمما ھازىر قەلبى ئۇنىڭغا باشقا ھادىسىلەردىن ئۇچۇر بېرىۋاتاتتى، پادىچىنىڭ ئىككى قېتىم كۆرگەن بىر خىل چۈشىنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن قويلىرىدىن ۋاز كەچكەنلىك تارىخىنى پەخىرلىنىپ سۆزلىدى. قەلبىڭمۇ ئۆز يولى بارلىقىنى ئەسلەتتى، نۇرغۇن سەپەرنى بېسىپ ئۆتكەنلەر توغرىسىدا يەنى يېڭى يەرلەرنى بايقاشقا ئاتلانغانلار، گۈزەللەر ئىشقىدا دۇنيا كەزگەنلەر، زاماندانىشلىرىنىڭ تەپەككۇر تەرزىگە ۋە خۇراپىي پىكىرلىرىگە قارشى ئىسيان قىلغانلار ھەققىدە توختالدى، بۈيۈك كەشپىياتلار، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇلۇغ ئەسەرلەر ئۈستىدە تەلقىن قىلدى.





سانتىياگو پەقەت قۇملۇق داۋانغا كۆتۈرۈلگەندىلا، قەلبىنىڭ شىۋىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، «زېمىنىڭنى يىغ! لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، قەيەرلەرگىدۇر بېرىپ قىلىپ يىغلىساڭ ۋە كۆزۈڭدىن ياشلار ئاقسا مەنمۇ، خەزىنىمۇ شۇ يەردە!».

يىگىت سۈكۈنات ئىچىدە داۋاندىن ئاشماقتا ئىدى، پەلەك دېھقىنى بەخت ئارزۇسىدا كۆك بېتىگە چېچىۋەتكەن تەقدىر يۇلتۇزلىرى ئارىسىدىن تولۇنئاي كۆرۈندى، مانا يىگىتنىڭ چۆل - جەزىرىدە يۈرۈۋاتقىنىغا توپتوغرا بىر ئاي بولغانىدى. ئاي جامالىدىن يەرگە تارتىلىۋاتقان كۈمۈش يىپلار بارخانلىق داۋاندا گويا چۈشتىكىدەك ياغدۇلار بالقىتىپ قوشاق كۈيلەۋاتاتتى. گىرىمسەن چۆل ماۋى دېڭىزدەك داۋالغۇماقتا ئىدى، سانتىياگو ئەلكىمىياگەر بىلەن خەيرلىشىپ، تىزگىنىنى ئاتنىڭ بوينىغا تاشلاپ، ئۇنىڭغا ئەرك بەرگەن كۈننى ئەسلىدى، ئاي چۆل جىمجىتلىقى ۋە خەزىنە ئىزدەپ يولغا چىققانلارنىڭ قەدەم ئىزلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئاشۇ بەلگىسىز يوللارغا مەڭگۈلۈك كۈمۈش سۈيى سەپمەكتە. ئۇ باش - ئاخىرى ئاسمانغا تۇتاشقان ساماۋى چۆلدە گويا دېڭىز ئاستىدىكى يىڭنىدەك يەككە - يېگانە سىلجىماقتا، يەنە ئازراق يۈرگەندىن كېيىن ئۇ تۆپىلىكنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىغا چىقتى ۋە يۈرىكى قەپەزگە توختاۋسىز ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان قۇشتەك تەۋرەپ كەتتى. چۈنكى بالانىڭ قارشىسىدىكى ھۇدۇدسىز ئاي دالىدا مىسىر ئېھراملىرى ئۇلۇغۋارلىقى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

پەرۋەردىگارنىڭ ئىنايىتى ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇنىڭ بەدەن ئەزالىرى ئېرىپ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلدى ھەم تېز چۆكۈپ يىغلاپ تاشلىدى. ئۇ تەقدىرگە ئىشىنىشنى ئۆگەتكەن پەرۋەردىگارغا مىڭ - مىڭلاپ ھەمدۇسانا ئېيتتى، چۈنكى تەقدىر ئۇنى مەلىكىسىدىق، فارفۇرچى سودىگەر، ئىنگلىز ۋە ئەلكىمىياگەرلەرگە روبىرو قىلدى، ئەڭ مۇھىمى جەزىرە قىزى بىلەن ئۇچراشتۇردى.

قىز ئۇنى سۆيگۈنىڭ ھېچقاچان ئىنساننى ئۆز يولىدىن ئاداشتۇر-مايدىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. قىسقىسى، سانتىياگو پېشانىسىدىكى ھەممە ھەممىنىڭ ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا تۈگىمەس شۈكۈرانىلەر ئېيتتى.

مىسىر ئېھراملىرى ئايىغىغا باش ئۇرۇپ كېلىپ - كېتىۋاتقان مىليونلىغان بەندىلەر قاتارى سانتىياگوغىمۇ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇلۇغۋارلىقنى نامايان قىلىپ قاراپ تۇراتتى، ئەمدى ئۇ خالىسا خورمىزارلىققا قايتىپ، پاتىمەگە ئۆيلىنىشى ۋە قويلىرىنى بېقىپ يۈرۈۋېرىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئىنسانىيەتكە ئورتاق تىلنى بىلىدىغان، قوغۇشۇننى ئالتۇنغا ئايلاندۇرالايدىغان ئەلكىمىياگەردەك ئادەملەرمۇ ئاشۇ جەزىرىدە ياشايدىغۇ!؟

سانتىياگو ئەمدى ئىلمۇھۇنىرىمنى كۆرستەي، ئەقلۇدانىشىم مېۋىلىرى بىلەن ھەيرەتكە سالاي، دېسە ئەتراپىدا ھېچكىم يوق ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ ئۆز تەقدىرى يولىدا ئۆزىگە زۆرۈر بولغان ھەممە بىلىم - مەرىپەتنى ئۆگەندى، نېمىنى ھېس قىلىش ۋە ئېرىشىشنى ئىستىگەن بولسا، پەرۋەردىگار ئۇنىڭغا شۇنى بەردى. لېكىن، ئەڭ ئاساسلىقى ئۇ ئۆز خەزىنىسىنى ئىزدەۋاتقان ئىدى، قاچانكى ئادەمنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشسا، ئۇ ئارزۇ - نىيىتىگە يەتكەن ھېسابلىنىدۇ، ئۇ ئېگىزلىكتە تۇرغانسېرى ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەۋاتقان يىغىسى توختايدىغاندەك ئەمەس، يىگىت سۇلغۇن نىگاھى بىلەن پەسكە نەزەر تاشلىدى ۋە كۆز ياشلىرى تامغان جايدا بىر قوڭغۇزنىڭ ئۆمىلەۋاتقانلىقىنى كۆردى، مىسىرلىقلار ئۈچۈن بۇ ئاللادىن بېشارەت دېمەك، سانتىياگو جەزىرىدە تولا يۈرۈۋېرىپ، بۇنداق ئالامەتلەرنىڭ مەنىسىنى ياخشى چۈشەنگەنىدى.

قىسقىسى، ئۇنىڭغا يەنە بىر بېشارەت ئۆزىنى كۆرسەتتى ۋە بالا تۆۋەنگە چۈشۈپ يەرنى كولاشقا باشلىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېسىدىن فارفۇرچى سودىگەرنىڭ گەپلىرى كەچتى، ئۇنىڭغا ھازىر فارفۇرچىنىڭ «تاش ئۈستىگە تاش تىزىشنى بىلگەن بىلەن

ھېچكىم ئۆز ھويلىسىغا ئېھرام قۇرالمايدۇ» دېگەن سۆزلىرى ئانچە راست ئەمەستەك سېزىلدى.

سانتىياگو تەقدىرى باشلىغان، ئۆز يولى كۆرسەتكەن، ئالامەتلەر نامايان بولغان، كۆڭلى سەزگەن جاينىڭ قۇمىنى تۇن بويى كولاپ تارتتى، لېكىن ھېچنەرسە تېپىلمىدى. دۇنيانىڭ مىڭ تۈرلۈك ئويۇنلىرىدىن زېرىككەن ئۇزاق ئەسىرلىك گىگانت ئېھراملار بوشلۇقتا سانجىلغان خەنجەردەك سۈرى بىلەن يىگىتنى كۆزىتىپ تۇردى. ئەمما، سانتىياگو تەسلىم بولمىدى، يەرنى قېزىۋەردى، كولاۋەردى، شامال ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك، ئورەكنى قۇمغا تولدۇراتتى، لېكىن ئۇ ھەرىكىتىنى زادىلا توختاتمىدى. بارماقلىرى ئالامەتلەر نامايان بولغان، كۆڭلى سەزگەن جاينىڭ قۇمىنى تۈنبويى كولاپ تارتتى، لېكىن ھېچنەرسە تېپىلمىدى. بارماقلىرى قاناپ، ماغدۇرسىزلاندى، شۇنداقتىمۇ بالا قەلبىنىڭ «كۆز يېشى تامغان جاينى ئىزلە» دېگەن دەۋىتىگە سادىق قېلىۋەردى.

سانتىياگو كولىغان چوڭقۇرلۇقتىن چىققان تاشلارنى تۆپىگە تاشلاۋاتقاندا توساتتىن قەدەم تىۋىشلىرىنى ئاڭلاپ قالدى، بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋېدى قۇدۇق ئېغىزىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سىيمالارنى كۆرگەندەك بولدى.

— بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟

قورقۇنچ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ ھېچقانداق جاۋاب قىلمىدى، ئۇلارنىڭ ئەلپازى بەكلا يامان كۆرۈنەتتى.

— ئۇرۇشتىن قېچىپ كەلدۇق، بىزگە پۇل لازىم، بۇ يەرگە نېمە يوشۇردۇڭ.

— ھېچنەرسە يوشۇرغىنىم يوق.

قاچاقلاردىن بىرى ئۇنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقاردى، ئىككىنچىسى سانتىياگونىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ، قويما ئالتۇن پارچىسىنى تېپىۋالدى ۋە:

— ئالتۇن، — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى.

ئايدىڭدا بالا قاچاقلارنىڭ يۈزىنى ئېنىق كۆردى، ئەمدى ئۇنىڭغا ئەجەللى ئاشۇ قاراقچىلارنىڭ ئىختىيارىدىكىدەك بىلىندى.

— قۇدۇق تېگىدە يەنە بولسا كېرەك، — چۇقان سېلىشتى ئۇلار.

پادىچى پەسكە چۈشۈپ قۇدۇقنى كولاشنى داۋاملاشتۇردى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ قاچاقلارغا بويسۇنۇشتىن باشقا ئامالى قالمىغانىدى، قۇدۇقتىن قاراقچىلار ئۈمىد قىلغان بايلىق تېپىلمىغاچقا، ئۇلار سانتىياگونى كالتەكلەشكە باشلىدى، قاراقچىلار بالىنى تاڭنىڭ تۇنجى ئالتۇن يىپلىرى يەر يۈزىگە تارتىلغانغا قەدەر ئۇرۇپ - چەيلەشتى، كىيىملىرى ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ، بەدەنلىرى قانغا بويالغان سانتىياگوغا ئەزرائىل سوغۇق كۆلۈمسىرەپ قاراۋاتقاندەك بىلىندى، شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ لەۋلىرى ئەلكىمياگەرنىڭ «ئۆلۈمۈڭ مۇقەررەرلەشسە، پۇلنىڭ يەنە نېمە كېرىكى بار؟ مال - دۇنيا ئەجەلنى بىر تىنىقمۇ توختىتالمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىگە پىچىرلىدى ۋە بارلىق كۈچىنى يىغىپ:

— مەن خەزىنە ئىزدەۋاتىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

سانتىياگو لەۋ، چىشلىرى قاناپ، ئىڭغىزىغا قان تولغان بولسىمۇ، مىسىر ئېھراملىرىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان خەزىنىنىڭ ئىككى قېتىم چۈشىگە كىرگەنلىكىنى قاراقچىلارغا ئېيتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قارىماققا ئاتامانغا ئوخشايدىغان بىرسى ئۇزاق زوۋان سۈرمىگەنىدى، كېيىن ئادەملىرىگە ئېيتتى:

— ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار، باشقا نەرسە يوقكەن. بۇ ئالتۇننى قەيەردىندۇر ئوغرىلىغان بولسا كېرەك.

سانتىياگو سەل قىمىرلىماقچى بولدى ـ يۇ، لېكىن گۇندىدەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن گەۋدىسىنى مىدىرلىتالمىدى. ئاتامان كۆزلىرىنى يىگىتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرماقچى ئىدى، ئەمما بالىنىڭ نەزەرى گويا ئوقيا ئوقىدەك ئېھرامغا قادالغانىدى.

— قېنى كەتتۇق ئەمىسە، — ئاتامان ئادەملىرىگە بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا گەپ قىلدى ۋە بىر ـ ئىككى قەدەم ماڭا ـ ماڭماستىن سانتىياگوغا بۇرۇلۇپ دېدى:

— ئالدانغىنىڭ ۋە ئەخمەقلىقىڭنى چۈشىنىۋېلىش پۇرسىتى بېرىش ئۈچۈن سېنى هايات قالدۇردۇم، مەنمۇ ئىككى يىل ئاۋۋال دەل مانا شۇ سەن تۇرغان جايدا بىر چۈشنى نەچچە قېتىم كۆرگەنمەن. چۈشۈمچە بولغاندا، ئىسپانىيەگە يول ئېلىشىم، پادىچىلار قويلىرى بىلەن كىرىپ ياتىدىغان ۋە ئامبىرىدا ئەزىم چىنار دەرىخى قەد كۆتۈرگەن ۋەيرانە چېركاۋنى تېپىشىم كېرەك ئىمىش! لېكىن مەن چۈشتە كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا جانۇ ـ مالىدىن كېچىپ، ئەجەل گىردابىغا يالغۇز ئاياغ ئات سالىدىغان سەندەك ئەخمەقلەردىن ئەمەس!

شۇنىڭدىن كېيىن قاچاقلار كۆزدىن غايىب بولدى. سانتىياگو مىڭ مۇشەققەتتە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاخىرقى قېتىم ئېھراملارغا نەزەر تاشلىدى، ئېھراملار ئۇنىڭغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن جۇش ئۇرۇۋاتقان بەخت تۇيغۇسى بىلەن چۆكۈنۈشۈپ ئولتۇرۇپ، ئېھراملارغا يۈزلىنىپ كۈلۈمسىرىدى.

سانتىياگو ئۆز خەزىنىسىگە مۇيەسسەر بولغانىدى.

# خاتىمە

سانتىياگو ۋەيرانە ۋە تاشلاندۇق چىركاۋغا يېتىپ كەلگەندە ئالەم قارا تۈن ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەنىدى، ئىبادەتخانا گۈمبىزىنىڭ يوچۇقلىرىدىن يۇلتۇزلار خۇددى ئاۋۋالقىدەك مارىشاتتى، كونا ئامبارغا بىر كېلىپ، ئەتراپقا غۇلاچ يايغان چىنار تۈن قوينىدا مەغرۇر تەۋرىنىپ تۇراتتى، يىگىت بىر قېتىم قويلىرى بىلەن بۇ يەردە تۈنىگەنلىكىنى ئەسلىدى، شۇ چاغدا چۈش كۆرمىگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كېچە شۇنچىلىك ئاسايىشلىقتا ئۆتكەنىدى.

ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ئاسماندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى، كېيىن خالتىسىدىن مېۋە شەربىتىنى چىقىرىپ بىر ئوتلىدى، ئەلكىمياگەر بىلەن بىر مەرتە جەزىرىدە يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ قايتقىنى ۋە شەربەت ئىچكىنى خىيالىدىن كەچتى، قانچىدىن - قانچە يوللارنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىنى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ ئۇنىڭغا ئىلاھىي بىر قۇدرەت بىلەن خەزىنىنى كۆرسەتكەنلىكى قاتارلىقلار كۆز ئالدىدىن ئۆتتى. مۇبادا ئۇ چۈشلىرىگە ئىشەنمىسە، لۇلى كەمپىرنى، مەلىكىسىدىقنى ۋە قاراقچىلارنى ... ئۇچراتمىغان بولاتتى.

«بۇنداق سەرگۈزەشتىلەر ئىنتايىن كۆپ، بېشارەتلەردىن ئىبارەت يول بەلگىلىرى مېنى بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگە يەتكۈزمىگەندە ئادىشىپ قالغان بولاتتىم» دەپ ئويلىرىغا يەكۈن





چىقاردى ئۇ. يىگىت شېرىن مۇگدەك ئەللىيى قۇچىقىدا ئىسسىق ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى، ئويغانغاندا قۇياش ئاللىقاچان تىكلىنىپ، ئۇنى تاماشا قىلىشۋاتقان ئىدى، ئۇ نېمىگىدۇر ئۇلگۇرىشى كېرەكتەك، ئالدىراپ قېرى چىنار دەرىخىنىڭ تۈۋىنى كولاشقا باشلىدى.

«ھۇ قېرى جادۇگەر» دەپ تىللىدى سانتىياگو ئەلكىمياگەر-نى، ئەسلىدە سەن ھەممىنى ئالدىن بىلىدىكەنسەن، ھەتتا مېنىڭ قايتىپ كېلىشىم ئۇچۇن ئۇيۇل ئالتۇننىڭ ئىككىنچى پارچىسى-نىمۇ ئەتەيلەپ روھانىيغا بەرگەن ئىكەنسەن، روھانىي ھالىمنىڭ خارابلىقىنى كۆرۈپ كۇلدى، مېنى شۇ ئازابلاردىن خالاس قىلىش ئەسلىدە قولۇڭدىن كېلىدىكەن ئەمەسمۇ؟

شامال ھۇشقىتلىرى ئارا «ياق» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، شامالنىڭ تىللىرى زۇۋانغا كەلگەندەك، «ئەگەر سېنى ئاگاھلاندۇرغىنىمدا ئىدى، ئېھراملارنى كۆرەلمىگەن بولاتتىڭ! ئۇلار نەقەدەر ئۇلۇغۋار ۋە گۈزەل - ھە؟»

بۇ شۇبھىسىزكى، ئەلكىمياگەرنىڭ ئاۋازى ئىدى، پادىچى كۇلۇپ قويدى ۋە قېزىشنى داۋاملاشتۇردى، بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن بەلكۇرەك قاتتىق بىر نەرسىگە تەگدى، يەنە تەخمىنەن بىر سائەتلەر ئۆتۈپ، يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا لىقمۇلىق قەدىمكى ئالتۇن تەڭگىلەر قاچىلانغان كونا ساندۇق نامايان بولدى. ساندۇقتا يەنە قىممەت باھالىق تاشلار، ئاق ۋە قىزىل ياقۇتلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن نىقابلار، گۆھەر تاشلاردىن ياسالغان سەنەم ھەيكەللىرى... ئىشقىلىپ بىھېساب بايلىق قاچىلانغانىدى. بۇلار ۋەتەن تارىخىدىكى ئۇنتۇلغان جەڭگى - جېدەللەرنىڭ ئولجىلىرى ۋە ئىگىسى ئەۋلادلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ ئۇلگۇرەلمىگەن جاۋاھىراتلار ئىدى.

سانتىياگو خالتىسىدىن ئۇرىم ۋە تۇممىنى ئالدى، بۇلار يىگىتكە پەقەت بىرلا قېتىم — بازاردىكى تاڭ پەيتى ئەسقاتقان

ئىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھايات ئۇلارسىزمۇ، بالىغا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك بېشارەتلىرى بىلەن ياردەم قىلىپ كەلدى.

ئۇ قولىدىكى تاشلارنىمۇ ساندۇققا سالدى، بۇلار ئاللىقاچان سانتىياگو خەزىنىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانىدى. تاشلار ھامان بالا ئۇچۇن قايتا دىدارلىشىش پۇرسىتى بولمايدىغان ياشانغان شاھنى ئەسلىتىپ تۇراتتى.

«ئۆز تەقدىرى يولىدا كېتىۋاتقانلارغا ھايات ھەقىقەتەن خەير - ساخاۋەتنى ئايىمايدىكەن، ئەمدى تەرىفكە قايتىپ، سىگان كەمپىرگە خەزىنىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى بېرىشىم كېرەك! سىگانلار نېمىدېگەن ئۇلۇغ خەلق! ئۇلارنىڭ ئالەمنى بىتىنىم كېزىپ يۈرۈشى ئەنە شۇنىڭدىن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى سانتىياگو.

بالا شامالنىڭ مەيىن دولقۇنلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، بۇنىڭ ئافرىقا تاماندىن سوقۇۋاتقان «لەۋەنتىن» شاملى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى، ئەمما مەزكۇر شامال بۇ قېتىم چۆللەر ھىدى بىلەن نېگىرلار باسقۇنىنىڭ ھىدىنى ئۇچۇرۇپ كەلمىگەنىدى، سانتىياگونىڭ يۈرىكى شامال قاناتلىرىدىن ئاجايىپ بىر ئاۋاز، تەم ۋە خۇشبۇيىنى سەزگەندەك بولدى، ئۇلار پەرىشتىلەردەك ئەركىلەپ كېلىپ، بالىنىڭ قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىگە ھارارەت بىلەن ئۆپتى!

يىگىت جان - جېنىدىن لەززەتلەندى، بۇ پاتىمەنىڭ ئۇنى تۇنجى قېتىم سۆيۈشى ئىدى، «كېتىۋاتىمەن پاتىمە قۇچاقلىرىڭغا!» دەپ بارلىق ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى سانتىياگو. ئۇ جەزىرىنىڭ خورمىزارلىق تامانىغا ئۇزاققىچە كۆزلىرى تىكىلىپ - تىكىلىپ قارىدى ۋە بىر خىل يالقۇنلۇق ئارزۇ بىلەن شۇ تەرەپكە قەدەم ئالدى...





# مەسۇملۇقنىڭ ھىماتچىسى ۋە كونا مەسەلىنىڭ يېڭى ۋارىيانتى

چېن جوڭيى[①]

پائۇل كوئېلھو بىرازىلىيەلىك، سامبا ئۇسسۇلچىلىرىدەك ئەسەبىي، پۇتبولچىلاردەك جەسۇر؛ گاھى دەلدۇش، گاھى تەلۋىلەرچە ياشىغان كەچۈرمىشلىرى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مىليونلىغان ئوقۇرمەنلىرى بار. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭمۇ سەۋەبلىرى بار.

بىرىنچىدىن، كوئېلھونىڭ مىجەزى ھەقىقەتەن غەلىتە ئىدى. ئۇ بىر مەھەل ئەدەبىياتقا بېرىلىپ، مىستىكىغا مەپتۇن بولۇپ، مۇنتىزىم كەسىپتىن يىراقلاشقان، ئىدراكنى تەرك ئەتكەن، ھەتتا يېقىنلىرى ئۇنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ قارىغان. دەرۋەقە، ئۇ بۇنىڭ بەدىلىنى تۆلىدى. بىرقانچە قېتىم ساراڭلار ساناتورىيەسىگە قامالدى؛ ئۇنىڭ شۇ چاغلاردىكى روھىي ھالىتى ھە دېسە قولىقىنى كېسىپ ئۆز ئۆزىنى خورلايدىغان فون گوفتىن قىلىشمايتتى. ھالبۇكى، كوئېلھونىڭ كېيىنكى چاغلاردا بىر خىل ئەدەبىيات ھادىسىسى بولۇپ قېلىشىنى، «خاررى پوتتېر»نىڭ ئاپتورى جىلك.

① چېن جوڭيى 1957 ـ يىلى تۇغۇلغان. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى چەت ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تەتقىقاتچى، دوكتور يېتەكچىسى؛ «گارسىيە ماركوزىغا تەقرىز»، «بورخېس» ناملىق كىتابلىرى ۋە «ئەينەكنىڭ ئۆلۈمى»، «ئۈچ ئايال» قاتارلىق رومانلىرى بار.

رولىن ۋە «ئۈزۈك شاھى»نىڭ ئاپتورى يوھانسونلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان دۇنياۋى يازغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىشىنى نورمال ئادەملەر قوبۇل قىلالمايدىغان ئاشۇ كەچۈرمىشلەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمما سالماقلىق بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن ئەينى چاغدىكى «ساراڭ»لىقى ياكى «غەلىتە»لىكىنىڭ ئىزلىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ. دەل ئەكسىچە، ئۇنىڭ ھېكايە-رومانلىرىدا ئەنئەنىۋى پۈراق ناھايىتى كۈچلۈك.

ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ «ئەنئەنىۋى»لىكى 20 - ئەسىرچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەمەس، بەلكى قەدىمكى مەسەللەردىن كەلگەن. دەرۋەقە، «ئەلكىمىياگەر»نى قەدىمكى مەسەلنىڭ زامانىۋى ۋارىيانتى دېسەك، مېنىڭچە خاتا بولمايدۇ. «قەدىمكى» دېگەندە، «ئانا تىما»، يەنى ئۇنىڭ مەنبەسى بولغان «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرى ھەقىقەتەن ئۇزاق تارىخقا ئىگە؛ «زامانىۋى»لىق دېگەندە، ئۇنىڭدا قوللىنىلغان «ئىدېئال رومان» تېپىدىكى بايان قىلىش ئۇسۇلىنى «مودا» دېيىشكە بولىدۇ.

«ئانا تىما» «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىن كەلگەن دېيىشىمىزدە، كىتابتا مۇنداق بىر ھېكايە بايان قىلىنىدۇ: قاھىرەلىك بىر بايۋەچچە ساخاۋەت يولىنى تۇتۇپ، مال-دۇنياسىنى تارقىتىپ تۈگىتىدۇ، ئاخىرى پەقەت ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان بىر يۈرۈش ئۆيىلا قېلىپ، ئىشلەپ پۇل تاپمىسا، ئاچ قالىدىغان كۈنگە قالىدۇ. بىر كۈنى ئۇ ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، ئارقا ھويلىسىدىكى بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ سايىسىدا ئۇخلاپ قالىدۇ ۋە بىر چۈش كۆرىدۇ. چۈشىدە تىللا چىشلىۋالغان بىر ئادەم ئۇنىڭغا «سېنىڭ بايلىقىڭ ئىسفاھاندا» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتىسى سەھەردە ھەممىنى تاشلاپ، بايلىق ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. بىر تالاي مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى ئىسفاھانغا بارغاندا، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، «قىرىق قاراقچى»لارغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر توپ بۇلاڭچىلار بىلەن ساقچىلار

ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولۇۋاتقان چاغ ئىدى. جەڭدە ساقچىلار يېڭىلدۇ، لېكىن قاھىرەلىك كىشىنى قاراقچىلارنىڭ بىرى قاتارىدا تۇتۇپ كېتىدۇ. قاھىرەلىك بۇ ئادەم سوراق جەريانىدا نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى ساقچىلارغا ئېيتىپ بېرىدۇ. ساقچى باشلىقى ئۇنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ، قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: «ئەي نادان كىشى، — دەيدۇ ساقچى باشلىقى، — مەن چۈشۈمدە كۆردۈمكى، قاھىرەدىكى بىر ئۆينىڭ ئارقىسىدا بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخى بار، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىدە بىر بۇلاق بار، ئاشۇ بۇلاقنىڭ ئاستىدا بىر غەزىنە كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. مەن بۇ چۈشنى كۆپ قېتىم كۆرگەن بولساممۇ، بۇ چۈش سەۋەبلىك يۇرتۇمدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلىپ باقمىدىم». ساقچى باشلىقى شۇنداق دەپ، قاھىرەلىك بۇ كىشىنى قويۇپ بېرىدۇ. دەۋەقە، قاھىرەلىك ئادەم يۇرتىغا قايتىپ، ئۆيىنىڭ كەينىدىكى بۇلاقنىڭ ئاستىنى كولاپ، بىر غەزىنە تاپىدۇ.

بورخىس بۇنى مۇكەممەل بىر ھېكايە دەپ قاراپ، «ئىككى چۈش» دېگەن نام ئاستىدا ئەينەن بايان قىلىپ چىققان. كوئېلھو «ئەلكىمىياگەر» (خەنزۇچىغا «پادىچى بالىنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى» دېگەن مەنىدىمۇ تەرجىمە قىلىنغان) ناملىق ئەسىرىدە «مىڭ بىر كېچە»دىكى بۇ ھېكايىنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدا بىر پادىچى بالىنىڭ چۈشى سەۋەبلىك باشلانغان بىر قېتىملىق سەپەر جەريانىدىكى ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرى سۆزلىنىدۇ. پادىچى بالا چۈشىدە مىسىردىكى ئەلئېھرامغا يېقىن بىر جايدا كۆمۈلۈپ ياتقان بىر غەزىنىنى كۆرىدۇ ۋە مىسىرغا بېرىپ، شۇ غەزىنىنى تېپىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساخارا قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مىڭ مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ، خېيىم - خەتەرلەردىن قۇتۇلۇپ، ئاخىرى مىسىرغا يېتىپ كېلىدۇ. ئەمما، ئۇ يەردە نە غەزىنە بولسۇن! لېكىن بۇ چاغدا ئۇنىڭغا كېرىكى قانداقتۇر غايىپ غەزىنىگە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى

«غەپلەت» تىن ئويغىنىش، بايلىق ئەمەلىيەتتە قەلبى تەسكىن تاپقان جايدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ئىدى. «ئەلكىمىياگەر»نىڭ بىزگە ئېيتماقچى بولغىنىمۇ دەل شۇ. ئەمما ھېكايە بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ؛ دەل شۇ چاغدا بىر توپ قاراقچى پەيدا بولىدۇ. قاراقچىلارنىڭ ئاتامانى پادىچى بالىنىڭ چۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق بىر چۈشىنى ئىككى قېتىم كۆرگەنلىكىنى، چۈشىدە دەل بۇ بالا كەلگەن جايدىن بىر غەزىنە تاپقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاخىرىدا، پادىچى بالا يۇرتىغا قايتىپ، قاراقچىلارنىڭ ئاتامانى چۈشىدە كۆرگەن جايدىن بىر غەزىنە تاپىدۇ.

پائۇل كوئېلھو «ئىككى چۈش»نى قايتا بايان قىلغان دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ باش قەھرىمان سەپەر جەريانىدا يولۇققان تۈرلۈك مۇشەققەتلەردە ئەكس ئەتكەن ئىنىق ھەم بۈيۈك ھەقىقەت ئارقىلىق «كىچىك ۋەقە»نى «بۈيۈك ھېكايە»گە ئايلاندۇرغان. بۇ ھەقىقەت دەل ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك غايىسى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئادەم ئۆزىدىن ھالقىيالىغاندىلا غەلىبە قىلالايدۇ، ئۆزىگە قايتالايدۇ؛ «بايلىق ئۆز يېنىڭدا، تەڭرى ئۆز ئىچىڭدە» (ياكى، بايلىق يېنىڭدىدۇر، ئاللا ئىچىڭدىدۇر») دېگەن قائىدىدىن ئىبارەت. پائۇل كوئېلھونىڭ «كونا شەكىل ئارقىلىق يېڭى مەزمۇن ئىپادىلەش»تەك بۇ خىل ئۇسۇلى ئەسلىي تىپ تەنقىدچىلىرىنىڭ نەزەرىيەسىگە يېتىپ قالىدۇ. چۈنكى ئەسلىي تىپ تەنقىدچىلىرى بۈيۈك ھېكايىلەرنىڭ ھەرقاندىقى رىۋايەتلەردىن ئىبارەت ئانا تېمىدىن ئايرىلالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. كوئېلھونىڭ بايان قىلغىنى شەرق مەسەللىرىنىڭ بىرى، ئەمما رىۋايەت ئەمەس. لېكىن ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ كۈللىكتىپ ئېڭىدىكى ئەڭ ئېپتىدائىي، شۇنداقلا مەڭگۈلۈك بىر تېما، غايە ۋە ئۆز قىممىتىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ زىددىيەتلىك بىرلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىتابتا يەنە بىر تاسادىپىي بولمىغان





توغرا كېلىپ قېلىشىمۇ بار، يەنى، پادىچى بالىنىڭ ئىسمى سانتىياگو (ئىسپانىيەدىكى مەشھۇر مۇقەددەس جاي سانتىياگونىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش). يەنە كېلىپ، پائۇل كوئېلھونىڭ نامىنى چىقارغان «تاۋاپ» (ياكى «تاۋاپ سەپىرى») ناملىق ئەسەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىمۇ ئاپتور ئۆزىنىڭ سانتىياگوغا قىلغان بىر قېتىملىق تاۋاپ سەپىرىدە باشتىن كەچۈرگەنلىرىنى بايان قىلىپ يازغان.

«ئىدېئال رومان»غا كەلسەك، بىزدە نۇرغۇن مەسىلەر بار، ئەڭ دەسلەپكى «ئىدېئال ئەدەبىيات» كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈشكە بولىدىغان جىن ھېكايىلىرى ياكى ۋەھىملىك ھېكايىلەرمۇ يەنە بىر تۈردىكى تىپىك ئىدېئال ئەسەرلەرگە كىرىدۇ. چىيەن جۇڭشۇنىڭ «قورغان» ناملىق رومانى (ۋەقەلىك تېمىغا ئانچە ماس كەلمىگەن بولسىمۇ) يەنە بىر تۈردىكى ئىدىئال رومانغا تەۋە. ئالاھىدە ئاڭ فورماتسىيەسىنىڭ رامكىسىدىن چىقالمىغان «ئىنقىلابىي رومانلار» بولسا «ئاساسىي تېمىغا بويسۇندۇرۇش» خاھىشىنىڭ مەھسۇلى. بۈگۈنكى كۈندە ئەدەبىيات ساھەسىدە ئەۋج ئالغان ئاتالمىش «ئاۋانگارت پىروزىچىلىق»مۇ ئەمەلىيەتتە «ئاساسىي تېمىغا بويسۇندۇرۇش»نىڭ رامكىسىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن. شۇڭا كۆپ قىسمى يەنىلا «ئىدېئال ئەدەبىيات» كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. غەرب ئەدەبىياتىدا «ئىدېئال رومان»لارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بۇ ئېقىمغا ئەگەشكۈچىلەرمۇ ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرغان. ئەپلاتوننىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرىنى غەرب ئىدېئال رومانچىلىقىنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. ئىزوپتىن باشلانغان چوڭ ـ كىچىك مەسەلچىلەرمۇ ئۆزلىرىنى سىستېما شەكىللەندۈرگەن «چوڭ ئائىلە» دەپ قارايدۇ. رومانتىزم ئەدەبىياتىغا تەۋە رومانلار ئىدېئال رومانلارنىڭ بىر قېتىملىق تاكامۇللىشىشى (شىللېرنىڭ ئۆز دىراملىرىنى قانداق قىلىپ دەۋر روھىنىڭ جارچىسىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى دېمىگەن

تەقدىردىمۇ، ماركس بۇ خىل «شىللىرچە» ئۇسلۇب ۋەقەلىكى جانلىق بولۇش بىلەن مەزمۇنى مول بولۇشنى مۇكەممەل بىرلەشتۈرگەن «شېكسپىرچە» ئۇسلۇبقا ماس كېلىدۇ دەپ قارىغان) بولۇپ، ئارقىدىنلا ئاتالمىش «پەلسەپەۋى رومانلار» (دەرىجىگە ئايرىشقا توغرا كەلسە، ئالدىنقىسىدىن ئىشىپ چۈشىدىغان) بارلىققا كەلدى. كافكانىڭ تەسۋىرىزم ئېقىمىدىكى رومانلىرى تىپىك «ئىدېئال رومان»غا تەۋە (ئۇنىڭ ئەپسانىۋى مەنبەسى باشقا گەپ). سارتىرى قاتارلىقلارنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىغا تەۋە رومانلىرىغا تېخىمۇ گەپ كەتمەيدۇ. بورخىسنىڭ ئەسەرلىرىگە كەلسەك، ئاپتور گەرچە باشقا بىر خىل مېتافىزىكىلىق يول تۇتقان بولسىمۇ، سېپى ئۆزىدىن «ئىدېئال رومان»غا تەۋە. پائۇل كوئېلھونى بورخىس بىلەن بىر قاتارغا قويۇشىمىز بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچبولمىغاندا ئىجادىيەت ئىدىيەسى جەھەتتە مۇئەييەن بىردەكلىككە ئىگە بولغانلىقىدا.

ئەمما كوئېلھونىڭ خاسلىقى بۇ تۈرلۈك ئەنئەنىۋىلىكتە ئىپادىلەنمەيدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، كوئېلھونىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىدراك بىلەن ئەسەبىيلىكنىڭ زىددىيەتلىك بىرلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. خۇددى ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى «پارچىلىنىش»قا ئوخشاش،«ئەلكىمىياگەر» ئەسەردىكى زىددىيەت ۋەجىدىن كاتتا ئەسەرگە ئايلانغان. بىرىنچىدىن، بۇ رومان قارىماققا ناھايىتى ئاددىي (ئەمەلىيەتتىمۇ ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس)، لېكىن ئۇنىڭدا ئوخشاش بىر ھېكايە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلدا بايان قىلىنغان. تەلىمات تاراتقۇچىلارنىڭ مەخپىيىتىمۇ دەل شۇنىڭدا. ئۇنىڭدىن قالسا، روماندىكى ۋەقەلىكنىڭ ئارقىسىغا دۇپۇلدەپ سوقۇپ تۇرغان مەسۇم بىر يۈرەك يوشۇرۇنغان.

بىر قىسىم يازمىلىرىمدا كوئېلھونى تەنقىد قىلغان ئىدىم.

ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي بايقىدىمكى، ئۇنىڭ بايانلىرى بورخىسنىڭكىدەك مېغىزلىق بولمىسىمۇ، چىنلىق جەھەتتە بورخىسنى بېسىپ چۈشىدۇ. بورخىس «ئىككى چۈش»نى ئەينەن بايان قىلىپ چىققاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ «كۆچۈرمىچى» دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كېيىنكى نەشرىدە ھېكايىنىڭ مەنبەسىنى ئەسكەرتىپ قويغان. ئەمما كوئېلھو باشقىلارنىڭ گېپىدىن قورقۇپ ئولتۇرماستىن، ئوخشاش بىر كونا ھېكايىنى زوق - شوخ بىلەن بايان قىلىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇ شەرق (ئەرەبلەر)نىڭ قەدىمىي مەدەنىيەت گېنلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بۇ ھېكايىگە ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئېتىراپ قىلىنغان غەرب (خىرىستىيان ياكى كاتولىك) ئاڭ چەمبىرىكىدىن تاشقىرى تېخىمۇ كۆپ مەنەلارنى بېغىشلىغان. پادىچى بالا چۈشكە (ياكى بىشارەتكە) ئىشىنىدۇ-يۇ، يارانقۇچىنىڭ ئادالىتىدىن گۇمانلىنىپ قالىدۇ؛ ئۇ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتا ئىشىنىدۇ - يۇ، ئەلكىمىياگەرنىڭ سىرلىق نەسىھەتلىرىدىن ئۆزىنى تارتالماي قالىدۇ. ئۇنىڭ سەببىلىكىمۇ دەل ئۇنىڭ ساددىلىقىدا. ئۇنىڭدا قەھرىمانلارغا خاس ئەقىدە ۋە ئىرادە يوق. ئۇ تېخى ئىش كۆرمىگەن بىر پادىچى بالا؛ كۆپرەك ساددىلىقى، ئاقكۆڭۈللۈكى ۋەجىدىن، يەنە ئازراق نەپسىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئىختىيار تىزگىنىنى قولدىن كېتىپ، مۇشەققەتلىك سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. شۇڭا ناھايىتى تېزلا پۇشايمان قىلىدۇ. «قۇياش ئۇپۇق سىزىقىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى؛ ئوغۇل بالا مەيدان ئەتراپىدىكى ئاق تاملىق ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قۇياشقا ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئۇ ئويلايتتى: تېخى بۈگۈن سەھەردە، قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن چاغدا،ئۇ باشقا بىر قۇرۇقلۇقتا ئىدى، 60 قويى بار پادىچى ئىدى، تېخى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان بىر قىزچاقىمۇ بار ئىدى... ئەمدىچۇ، سەھەردە چىققان قۇياش تېخى ئولتۇرمايلا ئۆزىنى باشقا بىر ئەلدە كۆردى، يات بىر مەملىكەتتىكى ناتونۇش بىر ئادەمگە ئايلىنىپ

قالدى؛ ھەتتا ئۇلارنىڭ تىلىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. ئەمدى ئۇ پادىچى ئەمەس، ئەمدى ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق... ئەسلىدە ياش تۆكۈشتىن نومۇس قىلىدىغان، قويلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ يىغلاپ باقمىغان ئوغۇل بالا بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ تەگرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە، ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنىڭ ھامان رېئاللىققا ئايلىنىشىغا ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق قىسمەتكە قالغانلىقىغا يىغلايتتى».

كوئېلھو پادىچى بالا ئەمەس، لېكىن پادىچى بالىنىڭ ھالىغا كوئېلھونىڭ مىستىكىزمغا بولغان مايىللىقى يوشۇرۇنغان. كىمياگەرلىك تېخنىكىسىنىڭ ئۆزىلا كوئېلھو چوڭقۇر ئىشىنىدىغان مىستىكىزملىق ئەنئەنىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئەنئەنە قەدىمقى جۇڭگودا، ھىندىستاندا، يۇنان ۋە رىمدا ئوخشىمىغان شەكىلدە مەۋجۇت ئىدى. ئۇ بىر خىل مەخپىيەتلىك سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بولغاچقا، مۇناسىۋەتلىك تەلىماتلارمۇ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ سىرلىقلىشىپ كەتكەن. بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدىكى بىر قىسىم كىمياگەرلەر ئەسلىي تېخنىكىنى گنوستى دىنى، يېڭى ئەپلاتونىزم ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ مۇقەددەس تونىغا ئوراشنى بارغانچە كۈچەپ تەشەببۇس قىلغاچقا، كىمياگەرلىك تېخنىكىسى قويۇق دىني ۋە مىستىك تۈسكە ئىگە بولۇپ كەتكەن. روشەنكى، كوئېلھو «ئەلكىمياگەر» ناملىق ئەسىرىدە كىمياگەرلىك تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئىككى چۈش ھەققىدىكى مەسىلىنى (گەرچە تىلى، ۋەقەلىكىنىڭ ساپ ۋە چىنلىقى بىلەن ئاددىيدەك بىلىنسىمۇ) قويۇق ئىلاھىي تۈس ئالغان كومېدىيەگە ئايلاندۇرغان. ئەمما دەل شۇنداق بولغاچقىلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قەدىمقى يۇنانچە جەزبىدارلىقتا، يەنى ئىلاھىيلىق، ئىنسانىيلىق تىن ئۇستۇن قويۇلىدىغان سىرلىقلىقتا ئىگە بولالىغان.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بورخىسنىڭ ئەسەرلىرىدىكى

سادىلىق ساختا، مېتافىزىكىلىق تېپىشماقتا ئوخشايدۇ؛ ئەمما كوئېلهونىڭ ئەسەرلىرى «مۇقەددەسلىك» ئارقىلىق سەبىيلىكنى قوغداش يولىدىكى بىر خىل سەمىمىي (بەلكىم ئاڭسىز) ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى سەبىيلىك ياكى بالىلىق كەڭ مەنىدىكى سەبىيلىكنى، سەنئەتتىكى سەبىيلىكنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، جۇڭگودا كۇڭزى مەدەنىيىتى سەۋەبلىك تارىختىن بۇيان بالىلارچە سەبىيلىككە، ئادەتتىكى ھەم سەنئەتتىكى بالىلىققا ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. بۇ ئىككىسى ئېھتىمال بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. غەرب ئەللىرىدە بولسا، سەنئەتتىكى سەبىيلىك ئاڭسىز ياكى ئاڭلىق رەۋىشتە بولسۇن، بارلىق ساھەلەردە ھىمايە قىلىنغان. رېئالىزم ئەۋج ئالغان 19 - ئەسىردە بالزاك قاتارلىقلار ئەدەبىياتنى ئىجتىمائىي تارىخنىڭ چىن خاتىرىسىگە (ياكى رېئاللىقنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش ۋاستىسىگە) ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن مىمارچىلاردەك لايىھە تۈزۈپ، تىزىس يېزىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن چاغلاردىمۇ، كىشىلەر سىرۋانتىسنىڭ بالىلارچە بەڭباشلىقىنى يەنىلا مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ھازىر تېخىمۇ شۇنداق. نوبېل فوندى جەمئىيىتى 2002 - يىلى ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە، 150 نەچچە دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلغان مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ نادىر ئەسەر نامزاتىغا «دونكىخوت»نى كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ساۋشۆچىننىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ناملىق رومانى ئېسىمگە كەلدى. ھەممە ئادەم دېگۈدەك ئۇنىڭ تولۇق ئەمەسلىكىدىن ئەپسۇسلىنىپ تۇرۇپ، ئەسەرگە ناھايىتى يۇقىرى باھالارنى بېرىشتى. «گاۋئې»لار داۋامىنى يېزىپ زېرىكمىدى؛ تەتقىقاتچىلار ئۇيان ئوقۇپ، بۇيان ئوقۇپ، ھەركىم ئۆز قاراشلىرىنى يېزىشتى (لۇشۈننىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ ئەسەردىن كۇڭزىچىلار «پالنامە»نى كۆرسە، تەرىقەتچىلەر شەھۋەتنى، ئۆلىمالار ئىشق - مۇھەببەتنى، ئىنقىلابچىلار

مانجۇلار فېئودالىزمىغا قارشى كۆرەشنى، غەيۋەتچىلەر ئوردا سەتچىلىكلىرىنى كۆرىدۇ). ئەمما بىز نېمىشقا باشقىچە ئويلاپ باقمايمىز؟ ساۋ شۆچىن ئەسەرنى قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىپ، بەزى بابلارنى قەستەن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، كەمتۈكلۈك ئىچىدە مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە شۇ جەرياندا ئاستا ئاستا تاكامۇللاشتۇرغان بولۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەسقۇ؟ ئۇنىڭدىن باشقا، تاش ھەققىدىكى بۇ رىۋايەت، بارلىق ئايال پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى بۇ چۈش ئاللىبۇرۇن قانائەتلىنەرلىك تاماملانغان دەپ قارىساقمۇ بولىدىغۇ؟ تاش ھەققىدىكى رىۋايەت باۋيۈينىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىدىن ئالدىبۇرۇن بېشارەت بەرسە، جيا باۋيۈينىڭ «روھىي غايىب ئالەم» گە قىلغان ساياھىتى ئارقىلىق بارلىق ئايال پېرسوناژلارنىڭ ئاقىۋىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، باۋيۈينىڭ سەبىيلىكىمۇ چۈش ۋە رىۋايەتكە ئوخشايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، باۋيۈينىڭ ھاياتلىق يولى ئۇنىڭ سەبىيلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. جياباۋيۈي بىر راھىب ۋە بىر دەرۋىشنىڭ تەسىرىدە «بەتتەرلىكىدىن ئاسمان ئارا بىر ئورۇن چىقمىغان» بىر «تاش»تىن «ئىنسان ئارا شۇنچە يىل بىكار سەرسان بولۇپ كەلگەن» بىر ھاماقەتكە ئايلىنىدۇ؛ «جىمى ئىشتىن خەۋەر تېپىپ كامالەتكە يېتىش، ئادىمىيلىكنى ئۆگىنىپ پەزىلەتكە ئېرىشىش»نىڭ نىسىپ بولماسلىقى ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن. ئۇنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكى بولسۇن ياكى دونكىخوتنىڭ ساراڭلىقى بولسۇن، ئوخشاشلا زامانغا لايىق كەلمەيدۇ. بۇ خىل زامانغا لايىق كەلمەسلىكمۇ خۇددى بالىلارچە سەبىيلىككە ئوخشاشلا ئەقىللىق ھايانكەشلەر ۋە مەنپەئەتپەرەسلەر، تەدبىرلىك ئالدامچىلار ۋە ساختىپەزلەر بىلەن تولغان دۇنياغا پەقەتلا ماس كەلمەيدۇ. ئەمما بۇ خىل لايىق كەلمەسلىك «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»تە بولۇشقا ئىش قىلىنىدىغان، پۈچەك بۇددا ۋە تەرىقەت تەرغىباتلىرىغا تازا ماسلاشقان. كوئېلھو قەلىمىدىكى بۇ مەسەل ۋە كىمىياگەرلىك دەل

ساۋشۆچىن بايانىدىكى «تاشنىڭ رىۋايىتى» ۋە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»كە ئوخشايدۇ. پادىچى بالىدا جىيا باۋيۈينىڭ ساددىلىقى يوق بولاتتىمۇ! ۋە ياكى، «ئەلكىمىياگەر» ئەسلىدىنلا ئۇزاق تارىختا ئىگە زامانىۋى مەسەل، چوڭلارنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ يېزىلغان «بالىلار ئوقۇشلۇقى». ئۇنىڭ بازار تېپىشى گوتچە ئۇسلۇب قاتارلىق غەربنىڭ رومانچىلىق ئەنئەنىسىنى باشقىچە شەكىلدە باغاشلىغان «ئۇزۈك شاھى» ياكى «خاررى پوتتېر»نى ئەسكە سالماي قالمايدۇ.

مەسەلمۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە ئوخشاش ئەڭ بۇرۇنقى ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ بىرى. ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ پېرسوناژلىرى ئىلاھ ياكى ئەۋلىيالار بولسا، مەسەلدە نەرسە ۋاستە بولىدۇ. ئەمما ھەر ئىككىسىدە ئادەمنىڭ ئىشلىرى سۆزلىنىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئادەم ئۆزى دۇچ كەلگەن شەيئىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالمىغاندا، ئىلاھلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھېكايە سۆزلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ شەيئىلەرنى مۇبالىغىلەشتۈرىدۇ، كۆپتۈرۈپ، سىرلىق بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئادەم ئۆزىنى ۋە ئۆز قىلمىشلىرىنى چۈشەنگەن چاغدا، ئادەمنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ھېكايە سۆزلەيدۇ، ئۆز قىلمىشلىرىنى مەسخىرە قىلىدۇ، سۆكۈپ پۇخادىن چىقىدۇ. بارلىققا كېلىش ۋاقتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەڭ دەسلەپكى مەسەللەر خەلق ئارىسىدا پەيدا بولۇپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ قالغان. چەت ئەللەردە يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەن ئەڭ دەسلەپكى مەسەللەردىن ھىندىستاننىڭ «بەش تومluق كىتاب»ى ۋە يۇناننىڭ «ئىزوپ مەسەللىرى» بار. بۇ ئىككىلىسىدە ھايۋانلارنى ئادەملەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ قىلمىشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كىنايە ۋە تەربىيە ئوبيېكتى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى ئېنىق بولۇپ كېتىشى ناتايىن. لېكىن مەسەل ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا بىر خىل مۇھىم ئەنئەنىۋى ژانىر سۈپىتىدە رول ئوينىاپ كەلگەن.

غەربنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا قارايدىغان بولساق، مەسەل

ئىجادىيىتىدە ئەزەلدىن ئۈزۈلۈش بولۇپ باقمىغان. رىم زامانىدىكى گالاس، ئاپۇلىيۇس («ئالتۇن ئېشەك»)تىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مارى ۋە «تۈلكە رىنات»، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش دەۋرىدىكى سىپېنسىرغىچە، 17 ـ ئەسىردىكى لافونتايىندىن تارتىپ كرىلوف، گراھام، كىپلىڭلارغىچە ھەممىسى بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ھالبۇكى، بۇ مەسەلىنىڭ بىرلا تەرىپى، يەنە كېلىپ، ئەڭ ئۈستۈنكى بىر قەۋىتى. مەسەلىنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيىتى مىللەتنىڭ گۈزەللىك ئېڭىدا قالدۇرغان مەڭگۈلۈك تەسىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى مەسەل قەدىمدىن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ژانىر بولۇپ، مىللىي ئىرادە، مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە گۈزەللىك ئادىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

جۇڭخۇا مىللىتى نىسبەتەن «بالدۇر پىشقان» مىللەت بولغاچقا، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى زىيادە بالدۇر تاشلىۋېتىپلا قالماي، ھايۋانلارنى ئادەملەشتۈرۈشنى ئۇزاققىچە قوبۇل قىلالمىغان (ھايۋانلاردا ئادەمگە ئوخشاش تەپەككۇر، ھېس ـ تۇيغۇ بولامتىمۇ؟). شۇڭا جۇڭگونىڭ دەسلەپكى مەسەللىرىدە ئىزچىل تۈردە ئادەمنىڭ ئۆزى باش قەھرىمان قىلىنغان. پەقەت ۋېي، جىن، جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىگە كەلگەندىلا ھىندىستان مەسەللىرى بۇددا دىنىغا ئەگىشىپ جۇڭگوغا تارقالغان (مەسىلەن، «يۈز مەسەل دەستۇرى»). ئەمما بۇ ھال مەسەلچە يېزىقچىلىقنىڭ جۇڭگو ئەدەبىياتىدىكى يۈكسەك ئورنىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن. چۈنكى جۇڭگو ئەدەبىياتىدا ھەقىقىي ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغىنى ئەپسانىچە تەپەككۇر ئەمەس، بەلكى مەسەلچە تەپەككۇر. «ماقالە ئوي ـ پىكىرلەرنى بايان قىلىش ئۈچۈن يېزىلىدۇ» دېگەندەك، جۇڭگو مەسەللىرى باشتىلا ھايات ھادىسىلىرىنى رېئال ۋەقەلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، تەلىم ـ تەربىيە بېرىشنى مەقسەت قىلىپ كەلگەن. «موزى»، «جۇاڭزى»، «لېيزى»، «مېڭزى»،

«خەنىنامە. يىۋېنزى»، «خەن فېيزى»، «يەنزى ئەمنىيە پۈتۈكلىرى»، «لۈي بۇۋېي يىلنامىسى» ۋە «يىغىلىق دەۋرىدىكى تەدبىرلەر» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان كىتابلىك ھېكايىلەر يىپكى ۋە تىرىك مىساللار (ياكى دەلىل) سۈپىتىدە چىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان ئۆلىمالارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن. ئۇلار يا ئەل ئىچىدىكى رىۋايەتلەردىن، يا تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ، بىر قاتار سەنئەتلىك تۈزەشتۈرۈش جەريانىدىن ئۆتۈپ، قىزىقارلىق، كىشىنى ئويغا سالىدىغان مۇستەقىل ھېكايىلەرگە ئايلانغان. بۇنىڭغا ئوخشاش مەسەللەردىن ئىككى خەن دەۋرىدىكى «خۇەينەنزى ئەرەنلىرى»، ۋېي، جىن، جەنۇبىي شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى «شياۋلىن» قاتارلىقلار بار؛ تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ليۇزۇڭيۈەننىڭ بەزى ئەسەرلىرى (مەسىلەن، «گۇيجۇ ئېشىكى»)مۇ ئادەمگە زوق بېرىدىغان مەسەللەرگە كىرىدۇ. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە مەسەل يېزىقچىلىقى يۇكسەك پەللىگە چىقتى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ بىر قىسىم مەسەللەر بارلىققا كەلگەن؛ مەسىلەن، جىيۇننىڭ («يۆۋېي ساتمىسىدىكى خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدىكى) بەزى ھېكايىلىرى. جۇڭگو مەسەللىرى شەكىل ۋە كۆرۈنۈشتە ئەدەبىياتتىكى مەنپەئەتپەرەسلىككە مايىل بولۇپ، جۇڭگو مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان «تەنبىھ ـ تەربىيە روھى»نى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. كۇڭزىنىڭ «گەپ ـ سۆزلەر پاساھەتلىك بولمىسا، ئۇزاققىچە تارقىلالمايدۇ» دېگەن سۆزىدىكى «گەپ ـ سۆز» ئەدەبىي ئىستېداتنى، ئەدەبىياتنى كۆرسىتىدۇ. «گەپ ـ سۆز»دە ئەدەبىيلىك بولۇشى، ئەدەبىي ئىستېدات بولۇشى كېرەك. ئەدەبىي ئىستېدات ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئەدەب ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەرسىلەر. «ماقالە ئوي ـ پىكىرلەرنى بايان قىلىش ئۈچۈن يېزىلىدۇ» دېگىنىمۇ دەل شۇ. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە نىسبەتەن «گۇڭگا»،

بىرقەدەر «مېتافىزىكا» تۈسى ئالغان يەنە بىر تۈرلۈك تەشەببۇسمۇ بار، يەنى «ئەڭ گۈزەل ئاۋاز ھېچقانداق ئاۋازنىڭ يوقلۇقى، ئەڭ گۈزەل شەكىل ھېچقانداق شەكىلنىڭ يوقلۇقى» دەيدۇ. ئەمما بۇ خىل تەشەببۇس جۇڭگو مەسىلىرىنىڭ، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ياكى ئاساسىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

ئوخشىمايدىغان يېرى، غەرب مەسىلىرى، غەرب ئەدەبىياتى ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئىپادىلەش شەكىللىرى جەھەتتە ئىزچىل تۈردە «ئىلاھىيلىق» بىلەن «ئىنسانىيلىق» تىن ئىبارەت ئىككى خىل خاھىش، ئىككى خىل ئىدىيە ۋە ئىستېتىك تەلەپكە بويسۇنۇپ كەلگەن (بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان دېمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەڭ بولمىغاندا بىر ـ بىرىگە يول بېرىپ، بىر ـ بىرىدىن قېلىشماي كەلگەن). كوئېلھو بۇ ئىككى خىل خاھىشنى روشەن بىرلەشتۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، كوئېلھونىڭ «ئەلكىمىياگەر» ناملىق ئەسىرىدە مەسىلىچە ئىجادىيەتنىڭ ۋەقەلىككە ئەھمىيەت بېرىش، تەلىم ـ تەربىيەنى ھېكايىگە سىڭدۈرۈش، جەريانغا كۆچەش، مەنانى «يوشۇرۇن» ئىپادىلەشتەك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىنغان. يەنى، «كىمىياگەر» دىققەتنى ئاۋۋال ھېكايىنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ، ئارقىدىن سىرلىق كىمىياگەرلىككە ئاغدۇرغان؛ ھەمدە ھېكايە سۆزلەش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئاساسىي تېمىنى چەتكە قايرىپ قويماستىن، تېمىنى سىيۇژېتقا سىڭدۈرىۋەتكەن.

بۇ ھال كوئېلھو ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنى غەرب ئەللىرىدىكى كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا كۆچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە قىلغان. شۇڭا بۇ كىتابنىڭ غەرب ئەللىرىدىكى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىشىمۇ بەرھەق. ئەمما جۇڭگودا، ئەدەبىيات سېپىدە خىزمەت قىلىۋاتقانلار ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى جۇڭگونىڭ ئۆزىدىكى پارلاق مەدەنىيەت ۋە ئۇزاق

تارىخنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئەدەبىياتتىن زوق ئېلىش سەۋىيەسى ئەسلىدىنلا نىسبەتەن يۇقىرى بولغاچقا، چەت ئەل ئەدەبىياتى، چەت ئەل مەدەنىيىتىگە قويغان تەلىپىمۇ مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى. گەرچە ئۇلارمۇ چەت ئەل (بولۇپمۇ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرى)نىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە يۈزلىنىشىگە ئىزچىل تۈردە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان، تەتقىق قىلىپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل كۆزىتىش، تەتقىق قىلىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، شەخسنىڭ قىزىقىشى (شۇنداقلا ئىستېتىك خاھىشى)، شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلى، كۆپ قىسىم كىشىلەر ماس قەدەمدە ماڭالمىغاندەك، يەنە كېلىپ، كۆپ قىسىم ئوقۇرمەنلەر 20 ـ ئەسىردىكى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئۇقۇملاشتۇرۇلغان، فورماللاشتۇرۇلغان يېزىقچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمىغاندەك، شۇ ۋەجىدىن، نۆۋەتتىكى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ «رېگرېسسىيە»سىگە كىرەلمەيۋاتقاندەك قىلىدۇ. شۇڭا مەن ئويلايمەن، ئەگەر كىنونىڭ تېز تارقىتىش رولى بولمىغان بولسا، ئەدەبىي ئەسەر ھالىتىدىكى «ئۈزۈك شاھى» بىلەن «خاررى پوتېر» جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا بۇنچە كۈچلۈك تەسىر قوزغىيالمىغان بولاتتى. شۇڭا مېنىڭچە، «ئەلكىمىياگەر» جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ئوقۇشلۇقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

2004 ـ يىلى مارت، بېيجىڭ خانلىق بىلىم يۇرتى

图书在版编目(CIP)数据

炼金术士：维吾尔文/(巴西)科埃略著；吐尔逊·库尔班译. —乌鲁木齐：新疆大学出版社，2016.4
ISBN 978-7-5631-2940-9

Ⅰ.①炼… Ⅱ.①科… ②吐… Ⅲ.①长篇小说-巴西-现代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I777.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第085027号

策　　划：艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑：合力力·买买提
特约编辑：阿依谢姆古丽·阿卜力米提
责任校对：阿不都热依木·阿不里米提
封面设计：努尔买买提·艾买尔

炼金术士
(维吾尔文)

保罗·柯艾略 [巴西] 著
吐尔逊·库尔班·突尔凯希 译

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路666号　邮编：830046)
新疆新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
880毫米×1230毫米　1/32　8.375印张
2016年4月第1版　2016年8月第1次印刷

ISBN 978-7-5631-2940-9
定价：35.00元